# قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## ئىجتىمائىي پەن قىسمى

AltunOq

3

1987

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى
ئىلمىي ژۇرنىلى
ئىجتىمائىي پەن قىسمى
(پەسىللىك ژۇرنال)

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى
ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى
تەرىپىدىن نەشرى قىلىندى
1987 - يىل 3 - سان
(ئومۇمىي 26 - سان)

# مۇندەرىجە

سوتسىيالىزمنىڭ قۇدرەتلىك ماددىي ئاساسىنى قۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكى
توغرىسىدا ........................................ غېنى ھاجى (1)
گۈزەللىكنىڭ نىسبىيلىكى توغرىسىدا .............................ۋاھاپ غوپۇر (10)
چاغاتاي تىلىدا ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى
توغرىسىدا ..................................... ئەركىن ئابدۇرېھىم (23)
ئۇلۇق رۇس تەنقىدچىسى بېلىنسكى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي قاراشلىرى
توغرىسىدا مۇلاھىزە ..................................... يۈسۈپ قاسىم (23)
كۆك تۈرك خاقانلىقى .....................................تۇرغۇن ئالماس (45)
«يېڭىسار» نىڭ تارىخى ھەققىدە ئىزدىنىش
........................................................ ئىبراھىم نىياز يۈنۈس ھەسەن (73)
قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ داۋامى — جەنۇبىي شىنجاڭ
ۋەقەلىرىدىن بايان ..................................... خېۋىر تۆمۈر (86)
تۇغرۇلبەگ ۋە نىزامىئۇلمۇلۇك ..................... ئىسلامجان شېرىپ (110)
يولداش ھاجى نۇرھاجى لوندون خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا
........................................................ قاھار ھامىت 121)
«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» پروگراممىسى ........................ (124)

مەملىكەت ئىچىدە ئاشكارا تارقىتىلىدۇ.

# سوتسىيالىزمنىڭ قۇدرەتلىك ماددىي ئاساسىنى قۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا

ھېنى ھاجى

تارىختىكى ھەرقانداق ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئۆزىگە ماس كېلىدىغان ماددىي ئاساسى بولىدۇ. پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن ۋە سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى بەرپا قىلغاندىن كېيىن، سوتسىيالىزمنىڭ ماددىي ئاساسىنى قۇرۇش ۋە ئۇنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشى لازىم. بۇ، سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىدۇر.

## 1. سوتسىيالىزمنىڭ ماددىي ئاساسىنىڭ مەزمۇنى

ماددىي ئاساس دېگەندە مۇئەييەن جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ماددىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئەھۋالى، شۇ جەمئىيەتنىڭ ماددىي ۋاسىتىلارنى ئىشلەپچىقىرىشتىكى ماددىي شارائىت ۋە تېخنىكا شارائىتلىرىنىڭ يىغىندىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى شۇ جەمئىيەتتىكى ئەمگەك ۋاسىتىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئەمگەك ئوبيېكتىنىڭ ئەھۋالىنى، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆزىنى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت - تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەمگەك ۋاسىتىلىرىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ ماددىي ئاساسى بولۇپ، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ ئاساسىي بەلگىسىدۇر. تەبىئىي شارائىت ۋە تەبىئىي بايلىقلار تەبىئىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە مەنسۇپ بولىدۇ. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ماددىي ئاساسىنى قۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىراق ئۇلار كىشىلەرنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىشى ئارقىلىقلا ئاندىن ماددىي ئاساسنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەمگەك ئىختىدارى ۋە سۈپىتى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدىغان ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆزى — ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بولۇپ، ئۇ، ماددىي ئاساسنىڭ ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ پائالىيەتچان ئامىل-



AltunOq

دۇر. ماركس جەمئىيەتنىڭ ماددىي ئاساسى بىلەن ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبرازلىق هالدا چۈشەندۈرۈپ كېلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: «ياغۇنچاق فېئوداللار باشچىلىقىدىكى جەمئىيەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن بولسا، پار تۈگمىنى سانائەت كاپىتالىستلىرى باشچىلىقىدىكى جەمئىيەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى» ① ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا مۇئەييەن سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈم هامان مۇئەييەن ماددىي ئاساس بىلەن باغلىنىپ تۇرىدۇ. فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ماددىي ئاساسى — قول ئەمگىكىگە، ئۇلاق كۈچىگە تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان يېزا ئىگىلىكى ۋە قول سانائىتىدىن ئىبارەت؛ كاپىتالىزمنىڭ ماددىي ئاساسى — ماشىنىلاشقان سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىدىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك جەمئىيەت تارىخنىڭ مۇساپىسىدىن ئېيتقاندا، كاپىتالىزمغا قارىغاندا تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىدىكى جەمئىيەت شەكلىدۇر. شۇڭا ئومۇمەن ئېيتقاندا، سوتسىيالىزمنىڭ ماددىي ئاساسى كاپىتالىزمنىڭ سەۋىيىسىدىن تېخىمۇ يۇقىرى بولۇشقا تېگىشلىك. لېنىن مۇنداق دېگەن ئىدى: «سوتسىيالىزمنىڭ بىردىن - بىر ماددىي ئاساسى بىرلا ۋاقىتتا يېزا ئىگىلىكىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان يىرىك ماشىنا سانائىتىدۇر. بىراق بۇ مۇشۇ ئومۇمىي قائىدە بىلەن چەكلەنمەيدۇ. بۇ قائىدە كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى لازىم. ئەڭ يېڭى تېخنىكا ئاساسىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ھەمدە يېزا ئىگىلىكىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان يىرىك سانائەت - پۈتۈن مەملىكەتنى ئېلېكتىرلەشتۈرۈشتۇر.» ② سوتسىيالىزمنىڭ ماددىي ئاساسى، هازىرقى زامان ئىلغار تېخنىكىسىنى ئاساس قىلغان. ناھايىتى يۇقىرى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىغا ئىگە بولغان، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ باشقا تارماقلىرىدا كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىدىغان ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش بولۇشى لازىم.

سانائەت. يېزا ئىگىلىك تارماقلىرىدىكى يىرىك ماشىنا ئىشلەپچىقىرىشى كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا پەيدىن - پەي ئۆسۈپ يېتىلگەن. لېكىن پرولېتارىيات ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن كاپىتالىستىك ماشىنا ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ يېتىپ بارغان سەۋىيىسىگە قانائەتلىنىپ قالماسلىقى، بەلكى بۇرۇنقى ئاساسىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا راۋاجلاندۇرۇشى لازىم. ماركس بىلەن ئېنگېلس: «كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ خىتابنامىسى» دا پرولېتارىيات ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ھەم بورژۇئازىيە بارلىق كاپىتالىدىن مەھرۇم قىلىنغاندىن كېيىن «ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنى مۇمكىن قەدەر چاپسانراق ئاشۇرىدۇ» ③ كاپىتالىزم تۈزۈمىگە قارىغاندا تېخىمۇ يۇقىرى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك سانائەتنى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى تېخنىكا جە-

ھەقتىن كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشتا قارىغاندا تېخىمۇ ئىلغار بولغان يىرىك ماشىنىلىق ئىشلەپچىقىرىشقا ئايلاندۇرۇش لازىم. دەل مانا مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، يولداش ماۋزېدۇڭ مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئاماللانغاندىن كېيىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: «مەملىكىتىمىزدە زامانىۋىلاشقان سانائەت ئاساسىنى ۋە زامانىۋىلاشقان يېزا ئىگىلىك ئاساسىنى قۇرۇپ چىقىش لازىم. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمىمىز ۋە سىياسىي تۈزۈمىمىز ئۆزىنىڭ بىر قەدەر تولۇق ماددىي ئاساسىغا ئىگە بولغان ھېسابلىنىدۇ. (ھازىر بۇ ماددىي ئاساس تېخى تازا تولۇق ئەمەس). ئاندىن دۆلىتىمىز (ئۈستقۇرۇلما) تولۇق مۇستەھكەملەنگەن ھېسابلىنىدۇ. ئاندىن سوتسىيالىزىم جەمئىيىتى تۈپتىن قۇرۇلغان ھېسابلىنىدۇ.» ⑤

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پرولېتارىيات ئىنقىلابىي غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ۋە سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئورنىتىلغاندىن كېيىن، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشقا قارىغاندا تېخىمۇ ئىلغار يىرىك ماشىنا ئىشلەپچىقىرىشىنى مەزمۇن قىلغان سوتسىيالىستىك ماددىي ئاساسىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش سوتسىيالىستىك ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى.

## 2. سوتسىيالىزىمنىڭ ماددىي ئاساسىنى قۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

ھەر قانداق جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇئەييەن ماددىي ئاساس مۇتلەق زۆرۈر. ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە شەكىللىنىشىدە شۇنداق بولۇپ قالماستىن، ئۇنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە مۇستەھكەملىنىشىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. كاپىتالىزىم ئاددىي ھەمكارلىق، ئىشخانا قول سانائىتى ۋە يىرىك ماشىنا سانائىتىدىن ئىبارەت 3 تەرەققىيات باسقۇچىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. لېكىن يىرىك ماشىنا سانائىتى ئەنئەنىۋى قول سانائىتىنىڭ ئورنىنى ئالغاندىن كېيىنلا، ئەمگەك ئاندىن شەكىل جەھەتتە كاپىتالغا بېقىنىدى بولۇشتىن ئەمەلىيەت جەھەتتە كاپىتالغا بېقىنىندى بولۇشقا ئۆزگەردى. كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئاندىن ھۆكۈمرانلىق ئورۇنغا ئۆتتى. كاپىتالىزىم تۈزۈمى ئاندىن ئاخىرقى ھېسابتا فېئوداللىق تۈزۈمنى يەڭدى ھەمدە مۇستەھكەملەندى. كاپىتالىزىمنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي تەرەققىياتىنىڭ تەكشىسىزلىك قانۇنىيىتى رول ئوينىغاچقا، پرولېتارىياتنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىش شەرت - شارائىتلىرى ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئوخشاش كاپىتالىزىم بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە ئالدى بىلەن پىشىپ يېتىلمەستىن بەلكى رۇسىيە ۋە جۇڭگوغا ئوخشاش ئىقتىسادىي قالاق دۆلەتلەردە ئالدى بىلەن پىشىپ يېتىلدى. مۇنداق ئەھۋالدا پرولېتارىيات پارتىيىسى نېمە قىلىشى كېرەك؟ بۇ مەسىلىگە قارىتا ئەمەلىيەتتە 2 خىل جاۋاب بېرىلگەن ئىدى. بىر خىل جاۋاب: پرولېتارىيات ھاكىمىيەتنى تارتىۋالماسلىقى، ئالدى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى كاپىتالىزىم شارائىتىدا تەرەققىي قىلدۇرۇشى، ماددىي ئاساس جەھەتتىكى شەرت - شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە ئاندىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشى كېرەك دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. مانا بۇ كائۇتسكىنىڭ رۇسىيە ئىنقىلابىغا ۋە چېن دۇشيۇنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىغا بەرگەن ئاغمىچىلىق جاۋابى ئىدى. يەنە بىر خىل جاۋاب: پرولېتارىيات پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشى، ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، ئۆز ھاكىمىيىتىدىن پايدىلىنىپ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى، ئەسلىدە ئاجىز بولغان ماددىي ئاساسنى تولۇقلىشى كېرەك دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. مانا بۇ لېنىننىڭ رۇسىيە ئىنقىلابىغا ۋە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىغا بەرگەن ماركسىزملىق جاۋابى ئىدى. رۇسىيە ۋە جۇڭگوغا ئوخشاش مۇنداق ئەسلىدىكى ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى قالاق بولغان دۆلەتلەردىكى پرولېتارىيات ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ سوتسىيالىزم يولىغا ماڭغاندىن كېيىن سوتسىيالىزمنىڭ ماددىي ئاساسىنى ئورنىتىشنى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان مەركىزىي ۋەزىپە قىلىشى كېرەك. مەملىكىتىمىز تەرەققىي قىلمىغان بىر سوتسىيالىستىك مەملىكەت. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىز قالاق بولغان يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكىلىك ئىقتىساد ئاساسىدا ئورنىتىلغان بولۇپ، ماددىي ئاساسىمىز تولىمۇ كەمچىل، شۇڭلاشقا مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىزمنىڭ كۈچلۈك ماددىي ئاساسىنى قۇرۇش ئىنتايىن مۈشكۈل ۋە جىددىي ۋەزىپە. ئېنگېلس 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن ئىدى: «ھەر قانداق دۆلەت ئەگەر ئۆزىدە پار دۇگاتىلى ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا سانائىتى بولمىسا ۋە ئۇ ئۆزىنىڭ سانائەت ماللىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى (كۆپ قىسمىنى بولسىمۇ) ئۆزى قاندۇرالمىسا. ئۇ ھالدا، بۇنداق دۆلەت ھازىرقى مەدەنىي مىللەتلەر ئىچىدە تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە بولالمايدۇ». ④ 20 - ئەسىر بولغان بۈگۈنكى كۈندە، بىز يەنىلا مۇنداق دەپ ئېيتالايمىزكى، ھەر قانداق بىر دۆلەت، ئەگەر ئۇنىڭ يېزا ئىگىلىكى، سانائىتى، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە پەن - تېخنىكىسى دۇنياۋى ئىلغار سەۋىيىگە يەتمىگەن بولسا، ئۇ قۇدرەتلىك دۆلەت بولالمايدۇ. دۇنيادا تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە بولالمايدۇ.

ئازاتلىقتىن ئىلگىرى، ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى چىرىك، ئىقتىسادىي
ۋە تېخنىكىسى ئىنتايىن قالاق ئىدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، بىز كونا جەـ
مئىيەت تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىپلا قالماي، بەلكى ئىقتىساد ۋە تېخنىكا جەھەتتىكى
قالاقلىق ئەھۋالىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزگەرتتۇق. لېكىن، ئېلىمىز ئاجىز بولغانـ
لىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان لىن بياۋ ۋە «4 كىشىـ
لىك گۇرۇھ» نىڭ ئېغىر بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغانلىقىمىزدىن، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقـ
تىسادىي سەۋىيىسى ۋە تېخنىكا سەۋىيىسى بىلەن دۇنيادىكى ئىلغار دۆلەتلەر ئوتـ
تۇرىسىدا تېخى ناھايىتى چوڭ پەرقى بار. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن. بولۇپمۇ
يېقىنقى 10 - 20 يىلدىن بۇيان، دۇنيادا بىر يېڭى پەن - تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە
يېڭى سانائەت ئىنقىلابى داۋام قىلىپ كەلدى. ئاتوم ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش،
ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى تېخنىكىسى ۋە ئاسمان بوشلۇقى تېخنىكىسىنى
ئاساسىي بەلگە قىلغان زامانىۋى پەن - تېخنىكا ھەيران قالارلىق نەتىجىلەرگە
ئېرىشتى ۋە ئۇ ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان دائىرىدە ۋە تېزلىكتە ئىشلەپچىقىرىش
ئۈچۈن ئىشلىتىلمەكتە. زامانىۋى سانائەت ئومۇميۈزلۈك ماشىنىلاشتۇرۇلۇش ئاساسىدا،
ئاپتوماتلىشىش دەرىجىسى جەھەتتە يېڭى سەۋىيىگە سەكرىدى. ئېلىمىزنىڭ ساناـ
ئىتى مەلۇم دەرىجىدە ماشىنىلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭدا قول ئەمگىكى
يەنىلا خېلى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. سانائەتتىكى تايانچ كارخانىلارنىڭ ئىشـ
لەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ كۆپ قىسمى ئالغا كەتكەن ئەللەرنىڭ 40 -، 50 -
يىللاردىكى سەۋىيىسىگە توغرا كېلىدۇ. ئېلىمىزدىكى پولات - تۆمۈر ئىشچىلىرى ئوتـ
تۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا ھەر يىلى 10 توننا چامىسىدا پولات ئىشلەپچىـ
قىرىدۇ، ياپونىيىنىڭ بولسا 300 توننا بولۇپ، 30 ھەسسە پەرق قىلىدۇ. ئېلىمىزـ
نىڭ كۆمۈر ئىشچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا ھەر يىلى ئىشلەپـ
چىقىرىدىغان كۆمۈرى 200 توننا ئەتراپىدا، ئامېرىكىنىڭ بولسا 3 مىڭ 600 توننا
بولۇپ، 18 ھەسسە پەرق قىلىدۇ. ئالغا كەتكەن ئەللەرنىڭ تۆمۈر يوللىرىدا ئاللىـ
قاچان سۈرئەتلىك ئېلېكتىرلەشكەن ۋە ئىچىدىن يانىدىغان دۋىگاتىللىق پاراۋوزـ
لار قاتنايدىغان بولۇپ كەتتى، ئېلىمىزدىكى پاراۋوزلارنىڭ 80 پىرسەنتتىن ئارتۇقـ
راقى پار بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان پاراۋوزلاردۇر. يېڭىدىن كۆللىنىۋاتقان سانائەت
تارماقلىرى جەھەتتە پەرق تېخىمۇ چوڭ. يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە، زامانىۋى يېزا
ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش ھالقىلىرىمۇ. پىششىقلاپ ئىشلەش جەھەتـ
لىرىمۇ ماشىنىلاشقان، ئېلېكترلاشقان بولدى ھەمدە ئاپتوماتلىشىشقا قاراپ ئىلـ
گىرىلىمەكتە. ئامېرىكىدا يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەر بىر ئەمگەك

كۆچى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 170 مىڭ جىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدۇ. مەملىكەت بويىچە كىشى بېشىغا 2 مىڭ 700 جىڭ ئاشلىق توغرا كېلىدۇ. ئېلىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە بولسا، يەنىلا قول بىلەن باشقۇرۇش ئاساس قىلىنىدۇ. ماشىنىلاشتۇرۇش سەۋىيىمىزمۇ تېخى ناھايىتى تۆۋەن. نەچچە يۈز مىليون كىشى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن بەنت بولىدۇ. يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەر بىر ئەمگەك كۈچى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئاران 2 مىڭ جىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدۇ. مەملىكەت بويىچە كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 500 جىڭ چامىسىدا ئاشلىق توغرا كېلىدۇ. ئېلىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا سەۋىيىسىنى دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، كۆپىنچە ساھەلەر تەخمىنەن 15 – 20 يىل پەرق قىلىدۇ. ئاھالىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا كېلىدىغان كىرىمى ۋە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئېلىمىز ھېلىھەم دۇنيادىكى نامرات - قالاق دۆلەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇنداق قالاق ھالەتنىڭ ئۇزاققىچە داۋاملىشىشىغا يول قويىمىزمۇ؟ ئەلۋەتتە يول قويمايمىز. شۇڭلاشقا، سوتسىيالىزمنىڭ ماددىي ئاساسىنى قۇرۇشتىن مەخسەت ئېلىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى تارماقلىرىنى ھازىرقى زامان ئىلغار پەن - تېخنىكىسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى قالاق قىياپىتىنى تەل - تۆكۈس ئۆزگەرتىپ، ئېلىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى، سانائىتىنى، دۆلەت مۇداپىئەسىنى ۋە پەن - تېخنىكىسىنى دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش، ئېلىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدە زور بىر تەرەققىياتنىڭ بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئېلىمىزدىكى خەلق تۇرمۇشىنى كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆستۈرۈشتۇر.

سوتسىيالىزمنىڭ ماددىي ئاساسىنى بىر سەكرەپلا قۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. ئۇ، بىر سەۋىيىدە ئۆزگەرمەي، مەڭگۈ توختاپمۇ قالمايدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ ماددىي ئاساسىنى قۇرۇشتا ئىجتىمائىي ئىقتىساتنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مۇقەررەر رەۋىشتە بارغانسېرى يۇقىرى تەلەپلەر قويۇلىدۇ.

## 3. جۇڭگوچە زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىغا مېڭىش كېرەك

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكەشنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە «جۇڭگوچە زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىغا مېڭىش» مەسىلىسىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ مەسىلىنىڭ ياخشى ھەل بولۇش - بولماسلىقى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىنىڭ غەلىبە قىلىش - قىلالماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك. كونكرېتنى يولنى زادى قانداق مېڭىش



Altunoq

كېرەك، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى زادى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەك، بۇ مەسىلىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش كېرەك. بۇ مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلغاندا، ئالدى بىلەن ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشىمىز، ئاندىن قالسا، تارىخىي تەجرىبىلىرىمىزنى تەتقىق قىلىشىمىز، ئۇنىڭدىن كېيىن قالسا چەتئەللەرنىڭ تەرەققىي قىلىش يوللىرىنى تەتقىق قىلىشىمىز لازىم. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش، ھەممە ئىشتا ئەمەلىي ئەھۋالنى چىقىش قىلىش، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش — ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ تۈپ پىرىنسىپى. يولداش ماۋزېدۇڭ ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلە ەپ، جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان ئىنقىلابىي يولنى يە قىلىق شەھەرلەرنى قورشاپ، ئەڭ ئاخىرىدا شەھەرلەرنى ئازات قىل قى ئۈچۈن، جۇڭگو ئىنقىلابى غەلىبە قازاندى. شۇنىڭغا ئوخشا رۇشتىمۇ ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ئې لىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر يولنى تاپقاندىلا، ئاندىن زامانىۋ ۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، سوتسىيالىزم ئىشلىر ن گۈللىنىپ تەرەققىي تاپىدۇ.

ئۇنداق بولسا، ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى قانداق؟ ئېلىمىزنىڭ گەۋدىلىكرەك ئىككى ئالاھىدىلىكى بار: بىرىنچى، ئۇلى ئاجىز. ئېلىمىز ئەسلىدە يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق دۆلەت بولغانلىقتىن، ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن، شۇڭا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى بەك تۆۋەن. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 30 يىلدىن بۇيان، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدە مەلۇم تەرەققىيات بولغان بولسىمۇ لېكىن نامراتلىق - قالاقلىق ھالىتى تېخى نىگىزىدىن ئۆزگەرتىلىپ بولمىدى. دۆلىتىمىزنىڭ تەبىئىي شەرت - شارائىتىدىن قارىغاندا يېرى كەڭ، بايلىقى مول، ھەر تۈرلۈك قېزىلما بايلىقلىرى ناھايىتى مول. لېكىن قېزىلما بايلىقلىرى يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتىدۇ، تېخىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانمىدى، يەنىلا يوشۇرۇن ئىقتىسادىي كۈچ بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، ھۇل ئاجىز بولۇشتەك بۇ ئالاھىدىلىك ھېلىمۇ ناھايىتى گەۋدىلىك بولۇپ كۆرۈلمەكتە. ئىككىنچىسى، ئاھالە كۆپ. ھازىر ئېلىمىزدە بىر مىليارتتىن ئارتۇق ئاھالە بار. بۇنىڭ تەخمىنەن 80% دېھقان. ئادەمنىڭ كۆپ بولۇشىنىڭ ياخشى تەرىپىمۇ بار، زىيانلىق تەرىپىمۇ بار. مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئېلىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەمگەك ئونۇمدارلىقىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى، ئادەمنى ئاز ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئادەمنىڭ كۆپ بولۇش ئەھۋالى بولسا، كۆپلەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلى-

دۇ. زامانىۋىلاشتۇرۇش جۇغلانمىنىڭ كۆپ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇل ئاجىز، ئاھالە كۆپ بولغان ئەھۋالدا بولسا، جۇغلانمىنى ئاشۇرۇش قىيىنراق بولىدۇ. زامانىۋىلاشتۇرۇش يۇقىرى سۈپەتلىك ئەمگەك كۈچىنى تەلەپ قىلىدۇ، خەلقنىڭ ماددىي مەدەنىيەت، تۇرمۇش سەۋىيىسىنى بارا - بارا ئۆستۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇل ئاجىز، ئاھالە كۆپ بولسا، بۇنداق ئۆستۈرۈشكە زور قىيىنچىلىقلار كەلتۈرىدۇ، ۋە باشقىلار. زېمىنىمىزنىڭ كەڭلىكى، ئۇلىنىڭ ئاجىزلىقى، ئاھالىنىڭ كۆپلىكى، تېرىلغۇ يەرنىڭ ئازلىقى - مانا بۇلار دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالى ۋە ئالاھىدىلىكى. شۇڭا دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى ۋە چىقىش نۇقتىسى. ئېلىمىزدە بىر مىليارت ئاھالە ۋە 800 مىليون دېھقان بار ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئەھۋالنى نەزەرگە ئېلىپ، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇشىمىز كېرەك. تىرىشىپ يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرغاندىلا، ئاندىن يېزا ئىگىلىكىنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى ئاساسلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ قىياپىتىنىڭ تامامەن يېڭى تۈسكە كىرىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملىگىلى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى تولۇق قامداپ، ئۇلارنىڭ ماددىي - مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. خەلق ئىگىلىكىدە، يېتەكچى رول ئوينايدىغان سانائەتنىڭ زامانىۋىلىشىشى 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سۈرىدىغان ماددىي كۈچتۇر. ئۇ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىنى تېخنىك ئۈسكۈنىلەر بىلەن تەمىن ئېتىش ۋە دۆلەتنى يېقىلغۇ، قۇۋۋەت، خام ئەشيا بىلەن تەمىن ئېتىش ھەم ئۇنىڭغا مەبلەغ جۇغلاپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

سانائەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش — پۈتۈن مەملىكەتتە تارماقلار قۇرۇلمىسى تولۇق، چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى كارخانىلار ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن، رايونلارغا تارقىلىشى ئەقىلغا مۇۋاپىق بولغان، مۇستەقىل، مۇكەممەل، زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك سانائەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش دېمەكتۇر. سانائەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، پىلانلىق ھالدا بەزى تېخنىكىسى ئىلغار بولغان چوڭ تىپتىكى كارخانىلارنى يېڭىدىن قۇرۇش، كېڭەيتىپ قۇرۇش بايلىقلاردىن ئەقىلغا مۇۋاپىق پايدىلىنىشتا، سانائەتنىڭ ئورۇنلىشىشىنى ياخشىلاشتا، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈشتە ناھايىتى زۆرۈر. لېكىن ئۇل ئاجىز، ئاھالە كۆپ بولۇش ئاساسىدا زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغاندا مەۋقەنى ھازىرقى بار ئاساسقا قويۇپ، ھازىر بار كارخانىلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، يوشۇ-

رۇن كۈچلەرنى جارى قىلدۇرۇش، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش يولى بىلەن مېڭىشىمىز لازىم. بۇ يول بىلەن يۈرگەندە دۆلىتىمىزنىڭ ھازىر بولغان تېخنىكا - ئۈسكۈنىلىرىدىن ۋە مول ئادەم كۈچى بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

دۆلىتىمىزگە ئوخشاش ئۇلى ئاجىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاھالىسى كۆپ بولغان چوڭ دۆلەتتە 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار پەن - تېخنىكا ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى ئۆزگەرتىپ ۋە قوراللاندۇرۇپ، قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك ماددىي ئاساس بەرپا قىلىش ئۈمىدىنى چەت ئەللەرگە تايىنىشقا باغلاپ قويۇشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۈمىدىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ كۈچى ئاساسىغا باغلىشىمىز، مۇستەقىل ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشىمىز، جاپا مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، مەملىكەتنى تىرىشچانلىق - ئىقتىساتچانلىق بىلەن گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىنقىلابىي روھنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. لېكىن مۇستەقىل ئۆزىگە - ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئىشىكنى تاقاپ بىكىنمۇۋېلىش دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى مۇستەقىل ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئاساسىدا، پىلانلىق، نۇقتىلىق ھالدا چەت ئەللەردىن ئىلغار تېخنىكا - ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈش، چەت ئەل كاپىتالىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كېرەك دېگەنلىك بولىدۇ. چەت ئەل تېخنىكىسىنى كىرگۈزگەندە بېرىلگەن بەدەل ئۆزىمىز يېڭىۋاشتىن باشلاپ ئىلگىرىلىگىنىمىزگە قارىغاندا كۆپ ئاز بولىدۇ، ئىلغار دۆلەتلەرنىڭ پەن - تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە ۋە ئۆزىمىزنىڭ تېخنىكا كۈچىمىزنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈشكىمۇ پايدىلىق.

---

«ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 1. توم. ئۇيغۇرچە نەشرى 188-بەت

«لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە 4- توم 549- بەت

«كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ خىتاپنامىسى». «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 1، توم ئۇيغۇرچە نەشرى 466-بەت

«ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 5. توم مىللەتلەر نەشرىياتى 1977- يىل نەشرى 852-بەت

ئېنگېلس: «ن. ف. دانىلسونغا». «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 38-توم 305-بەت

# گۈزەللىكنىڭ نېمىلىكى توغرىسىدا

ۋاھاپ غۇپۇر

گۈزەللىكنىڭ نېمىلىكى توغرىسىدا كىشىلەر ئەزەلدىن ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشتا بولۇپ كەلدى. ھەركىم ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا گۈزەللىكنىڭ نېمىلىكىنى ئوخشىمىغان مەنبەنى ئاساس قىلىش بىلەن شەرھلەشتى.

ئىلگىرىكى رىۋايەت، چۆچەكلەردە گۈزەللىكنى «ئەۋلىيا، خىزىر ياراتقان» دېيىلگەچكە، بۇ خىل كۆز قاراش ئەڭ دەسلەپكى ئىستېتىك نەزەرىيىچىلەر تەرىپىدىن «گۈزەللىك تەڭرى، گۈزەللىك ئالەم روھى» — دەپ قوبۇل قىلىنىپ چۈشەندۈرۈشكە ئاساس بولۇپ بەردى. كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئىستېتىكلار گۈزەللىكنىڭ نېمىلىكى ئۈستىدە توختالغاندا، «تەڭرى»، «ئالەم» ئىبارىسى ئورنىغا «مۇتلەق ئىدىيە» — دېگەننى ئىشلىتىپ «گۈزەللىك مۇتلەق ئىدىيە»، «ئېقىلنىڭ ھېسسىياتتا قايتا ئىپادىلىنىشى» دېسە، يەنە بىرسىلەر «مۇتلەق ئىدىيە» دېگەننىڭ ئورنىغا «سۇبيېكتىپ ئىرادە» — دېگەننى قويۇپ، گۈزەللىك شەخسنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىسى، خاھىشى، ئىنسان زوق — ھەۋەسىنىڭ تاشقى ئالەمگە شولا چېچىشى» دېيىش ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكەن ئىدى.

يەنە بەزى ئىستېتىكلار بولسا «گۈزەللىك شەخسنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىسى» دېگەن جۈملىدىكى «شەخسنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىسى» دېگەننىڭ ئورنىغا « ئىستېتىك كۆز قاراش» — دېگەن سۆزنى قويۇپ «گۈزەللىك ئىستېتىك كۆز قاراشقا مەنسۇپ بولغان ئىجتىمائىي مەھسۇلاتتىن ئىبارەت» — دەپ ئىزاھلاشتى.

يۇقىرىدىكى گۈزەللىكنىڭ نېمىلىكىنى ھەر خىل ئىبارە بىلەن شەرھلىگەن ئىستېتىكلارنىڭ ھەر بىرى بىر — بىرىدىن پەرقلىق كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆز — ئارا زىت پىكىرلەردە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى گۈزەللىكنىڭ نېمىلىكىنى تىلغا ئالغاندا تەڭرىنىڭ نۇرىدىن، مۇتلەق ئىدىيەدىن، ئىنسان روھىدىن، تۇيغۇسىدىن، زوق — ھەۋەسىدىن، كۆز قارىشىدىن كېلىپ چىققان دېيىش بىلەن

مۇقىملاشتۇرغان ئىدى. نەتىجىدە بۇ خىلدىكى كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىستېتىكلار ئىستېتىك ئىدېيىلەر تارىخىدا ئىدېيالىستىك ئىستېتىكىلار سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشتى. بۇلاردىن پىلاتون، سوقرات، پىلوتىن، كانت، گېگېل، سانتايانا كەبىلەر ئاساسلىق ئورۇن تۇتىدۇ.

بۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرىدىكى نۇقسانلىق شۇكى: ئۇلار گۈزەللىكنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقىنى، ئۇنىڭ ماددىي ئونتولوگىيىلىك ماھىيىتىنى، تەبىئىي شەيئىلەرنىڭ، ئەرسىنىڭ ئۆزىدىكى ئەسلى گۈزەللىكنى ئىنكار قىلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا تەڭرى، مۇتلەق ئىدېيە، ئىنسان روھى، كۆز قارىشىنى مەنبە قىلغانلىقى بولدى.

ئېنىقكى ئەينى دەۋرلەردە يۇقىرىدىكى كۆز قاراشلارغا قارشى ھالدا گۈزەللىكنىڭ تەبىئىي مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىلغار قاراشتىكى ئىستېتىكلارمۇ مەيدانغا چىققان بولسىمۇ بىراق ماركىستىن بۇرۇنقى ئىستېتىك ماتېرىيالىزىم گۈزەللىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزلىرىنىڭ مېخانىك، مېتافىزىك تەبىئەت كۆز قاراشلىرى بويىچە چۈشەندۈرۈپ گۈزەللىكنى پەقەت ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ بەدىئىي مۇناسىۋەتلىرى، شەكلى، ئالامىتى دېيىش ئارقىلىق قانائەتلەندى. نەتىجىدە گۈزەللىك چۈشەنچىسىنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرىنى كۆرمىدى، ئۇنى تونىمىدى. گۈزەللىكنى چۈشەندۈردى، دېگەندە تەبىئىيلىك دائىرىسىدىن ھالقىغان ئەمەس ئىدى. ئۇنداقتا گۈزەللىك زادى نېمە؟ بۇنى ئەڭ ئىلمىي قىلىپ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي نۇقتىدىن ھەقىقىي شەرھلەش ماركس بىلەن ئېنگېلس تەرىپىدىن ئىشقا ئاشتى.

ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ گۈزەللىك ھەققىدىكى چۈشەنچىسى 19-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدا پەيدا بولدى. لېكىن ئىجتىمائىي ھادىسىلەركە گۈزەللىك ھادىسىلىرىگە ماركس دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئىدېيالىستىك ئىستېتىك كۆز قاراش تامامەن ھۆكۈمران ئورۇندا بولۇپ كەلگەن ئىدى. گەرچە ئەينى دەۋرلەردە ئىلغار ئىدېئولوگىيىلىك ئىستېتىكلاردىن دېموكرىت، ئارىستوتېل، فارابى، دىدرو، چېرنىشېۋىسكىيغا ئوخشاش ئاتاغلىق ئىستېتىكلار مەيدانغا چىقىپ گۈزەللىكنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ لېكىن ھەقىقىي پەنگە، ھاياتقا، گۈزەللىككە بولغان ئىلمىي قاراشنى ئىختىرا ئېتىش، ھەرەك، ھەر خىل شەكىلدىكى ئىدېيالىستىك ئىستېتىكلارنى ھەر تەرەپتىن تەنقىد قىلىپ ئۇنى تارىخ سەھنىسىدىن ھەقىقىي قوغلاپ چىقىرىش ماركس بىلەن ئېنگېلس تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

ئېنىقكى، ماركس بىرەر خاس ئىستېتىكىلىق ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان ئەمەس.

لېكىن ماركسنىڭ ئەسەرلىرىدە مول ئىستېتىكىلىق ئىدىيىلەر ئىپادىلەنگەن ئىدى.

كارل· ماركس گۈزەللىك توغرىسىدا مۇنداق قىممەتلىك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان: «ھايۋانات ئۆزى تەۋە بولغان تۈرنىڭ ئۆلچىمى ۋە ئېھتىياجى بويىچە ئىجاد قىلىدۇ. ئادەم بولسا ھەر بىر تۈرنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئىشلەپچىقىرا- لايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە شەيئىلەرگە باشتىن ئاخىر مۇۋاپىق ئۆلچەم بويىچە مۇئا- مىلە قىلالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ئىجاد قىلىدۇ. («پەلسەپە ئىقتىسادىي قولیازمىلەر»). «كىشىلەرنىڭ ئەمگىكى ئۇلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان ئىستېتىك ئىقتىدارىنى، كىشىلەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان سەزگۈسىنى، يەنى كىشىلەرنىڭ تەبىئەت تۇيغۇسىنى يارىتىدۇ» (م. ئې ئەسەرلىرى 3-توم) پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ داھىسى ماركس يۇقىرقى تەبىرىدە ھايۋاناتلارنىڭ ئۆزى تەۋە بولغان تۈرنىڭ ئۆلچىمى ۋە ئېھتىياجى بويىچە ئىجاد قىلىدىغانلىقىنى يەنى ئومۇرتقىسىز ھايۋاناتلارنىڭ (ئۆز ئىچىدىن پەرقلىق بولسىمۇ) ئۆز تۈرىنىڭ ئۆلچىمى، ئېھتىياجى بويىچە ئومۇرتقىسىز ھايۋانات نەسلىنى ئىجاد قىلىدىغان- لىقىنى — ھەسەل ھەرىسىنىڭ — ھەسەل ھەرىسىنى، چېكەتكىنىڭ — چېكەتكىنى، ئۆمۈچۈكنىڭ — ئۆمۈچۈكنى ئىجاد قىلسا، ئومۇرتقىلىق ھايۋاناتلارنىڭمۇ (ئۆز ئى- چىدىن پەرقلىق بولسىمۇ) ئۆزى تەۋە بولغان تۈرىنىڭ ئۆلچىمى، ئېھتىياجى بويى- چە ئىجاد قىلىدىغانلىقىنى — بېلىقنىڭ بېلىقنى، كەسلەنچۈكنىڭ — كەسلەنچۈكنى كەپتەرنىڭ كەپتەرنى، ئۆردەكنىڭ — ئۆردەكنى، ئىجاد قىلىدىغانلىقىنى، سۈت ئەمگۈچى ۋە گۆش يېگۈچى ھايۋاناتلارنىڭمۇ ئۆزى تەۋە بولغان تۈرىنىڭ ئۆلچىمى، ئېھتى- ياجى بويىچە ئىجاد قىلىدىغانلىقىنى، ئادەملەرنىڭ ئۇلارغا بولغان مۇئامىلىسى- نىڭ باشتىن — ئاخىر ھەر قايسى تۈرنىڭ ئۆلچىمىگە لايىق مۇئامىلىدە بولىدىغان- لىقىنى، ئومۇرتقىسىز ھايۋاناتلارغا قىلغان مۇئامىلىنى ئومۇرتقىلىق ھايۋاناتلارغا قىلمايدىغانلىقىنى، شۇڭلاشقا ئادەم تەبىئىي گۈزەللىككە مۇئامىلە قىلغاندا ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى چۈشىنىش، ئاخىرىدا شۇ تۈرگە مۇۋاپىق ئۆلچەم بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ئۆز ھەۋرى كۆرەۋشىنىڭ ئوبيېكتىگە لايىق ئىجاد قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەل- گەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرغان ھەمدە ئىجتىمائىي ئادەمنىڭ ئالدىدا تەبىئىي گۈزەللىك ۋە ئۇنىڭ ھادىسىلىرىنى مەۋجۇتلۇقىنى — گۈل تەبىئىي گۈزەل، ئۇنىڭ ھادىسىسى كۈز- دە يوپۇرماق تاشلايدۇ. يازدا يوپۇرماق چىقىرىپ غۇنچە باغلاپ ئېچىلىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش پاكىت كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ، مانا بۇنىڭغا ئوخشاش ئوخشىمىغان تۈرگە مەنسۇپ بولغان تەبىئىي گۈزەللىكنىڭ كىشىلەر قەلبىنى ئويغىتىپ ئۇلاردا ئىستېتىك ئىقتىدارنى پەيدا قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ

ئۈستىدىكى كىشىلەرنىڭ تەبىئىي گۈزەللىككە بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ تۈپكىبويىچە ئە-
مەس بەلكى ئاڭلىق تاللاش ئارقىلىق (ھەر قايسى دەۋرلەردىكى تۇرمۇش ئوبيېك-
تىنى بىلىشىدىكە لايىق) قايتا ئىجات قىلىش بولغانلىقىنى، ئىجات قىلىشنىڭ ئال-
دىدا گۈزەللىك قانۇنىيىتىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مانا بۇ
گۈزەللىكنىڭ ئىمىلىكىنى ھەقىقىي چۈشەندۈرگەن دىئالېكتىك ۋە تارىخىي ماتېرى-
يالىزىملىق كۆز قاراشتىن ئىبارەت.

يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن بېرى گۈزەللىكنىڭ ئىمىلىكى توغرىسىدا مۇ-
ھاكىمىلەر ئېلىپ بېرىلدى. مۇھاكىمە تولاۋاقتلاردا ماركس، ئېنگېلسلارنىڭ ئەستې-
تىك ئىدېيىسى ئۈستىدە بولدى. نەتىجىدە بۇ ھەقتە ئوخشاش بولمىغان پىكىر-
لەر ئوتتۇرىغا چىقتى. ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ گۈزەللىك توغرىسىدىكى تەبى-
رىنى ھەركىم ئۆزىنىڭ چۈشىنىشى ئاساسىدا چۈشەندۈرۈپ ئۆز كۆز قاراشلىرىنى
ئىسپاتلاشنىڭ ئاساس قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن گۈزەللىكنىڭ ئىمىلىكىنى توغرا چۈ-
شەندۈرۈش ۋە ئۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ماركسىزملىق ئەستېتىكىنىڭ ھازىرقى
باسقۇچتىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ تۇرماقتا. بۇ مەسىلىنى
توغرا چۈشەندۈرۈش يۈزىسىدىن بولغانكى زامانىمىزدىكى بەزى ئەستېتىكلار
مەخسۇس كىتاپچىلار ۋە نەزەرىيەۋى ماقالىلار يېزىپ ئېلان قىلىپ ئۆزلىرىگە خاس
كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ ئىچىدە تەسىرى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان
«گۈزەللىك سۇبيېكتىپ، گۈزەللىك ئىدېيە»— دېگەن قاراش.

بۇ خىل قاراشتىكى ئەستېتىكلار: «گۈزەللىك بولسا كىشىلەرنىڭ بىرخىل ئى-
دېيىسى، ئوخشاش نەرسىنى بەزى كىشىلەر «گۈزەل»— دەپ بىلىدۇ. بەزى كىشىلەر
«سەت»— دەيدۇ. ھەتتا بىر ئادەمنىڭ گۈزەللىككە بولغان قارىشىمۇ ئۇنىڭ تۇر-
مۇش جەريانىدىكى ئۆزگىرىشنى بىلگەندىن كېيىن ئۆزگىرىدۇ. ئەسلى گۈزەل دېگەن
بولسا كېيىن گۈزەل ئەمەس، ئەسلى گۈزەل ئەمەس دېگەن بولسا كېيىن گۈزەل بو-
لىشى مۇمكىن. گۈزەللىك بولسا ماھىيەتتە ئادەم سوبيېكتىپىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلىشى
ئۇ بىر خىل ئۇقۇم، تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھادىسىلىرىنى
گۈزەللىك، سەتلىك دېگىلى بولمايدۇ. ئۇلار گۈزەلمۇ ياكى سەتمۇ كىشىلەر ئۇنىڭغا
باھا بېرىدۇ.— دەپ تەشەببۇس قىلىشىدۇ.

مەسىلە ناھايىتى روشەنكى، ئالتۇن گۈزەل، بىراق ئۇنىڭ ھەر قايسى مەملى-
كەتلەردىكى باھاسى ئوخشىمايدۇ. باھانىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن ئالتۇننىڭ تە-
بىئىي گۈزەللىكىنى يوقاتقىلى بولمايدۇ.

بەدەن تۈزۈلۈشى جايىغا چۈشۈپ تولۇق يېتىلگەن، چىراي شەكلى، قەددى-

www.uyghurkitap.com

قامىتى كېلىشكەن ئادەم، ئۇ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ئەخشاش بولمىغان ھەر قانداق دۆلەتتە ھايات ئۆتكۈزمىسۇن بىراۋنىڭ ئۇنى «گۈزەل» ياكى «سەت» دېيىشىدىن قەتئىي نەزەر ئۇ ئۆزىنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكىنى نامايەن قىلىپ تۇرىدۇ. دېمەك ئىنساننىڭ گۈزەللىكنى بىلىشى ھەققىدىكى بىلىمىنىڭ ئۆزگىرىشى تەبىئىي گۈزەللىكنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۇنداقتا يۇقىرىقى كۆز قاراشتىكى نوقسانلىق شۇكى گۈزەللىكنى شەخسنىڭ ئىدىيىسى، كۆز قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشى — دەپ چۈشەنگەچكە ئەسلى مەۋجۇت گۈزەللىكنىڭ ئورنىغا شەخسنىڭ ئەينىي، كۆز قارىشىنى دەسسەتكەن نەتىجىدە گۈزەللىكنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلىنى ئىنكار قىلغان. كىشىلەرنىڭ ئىستېتىك تۇيغۇسى، ئىدىيىسى، كۆز قارىشى باھاسى گۈزەللىكنىڭ مەنبەئى بولماستىن بەلكى ئوبيېكتىپ دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان گۈزەللىك كىشىلەر ئىستېتىك ئېڭىنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەئى بولىدۇ. مىڭلىغان ئون مىڭلىغان قەددى قامەتلىك كىشىلەر بولمىغان بولسا كىشىلەر ھور—پەرىلەر ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرنى ئويۇشتۇرالمىغان بولاتتى.

يەنە بەزى «ئىستېتىكلار» گۈزەللىك ئوبيېكتىپ، گۈزەللىك نەرسىنىڭ —ئۆزىدە»— دەپ تەشەببۇس قىلىشىۋاتىدۇ.

ئۇلار «بىز گۈزەل ھېسابلىغان نەرسىلەر بولسا تىپىك نەرسىلەر، ئۇ خىل تىپىك نەرسىلەر ئومۇمىي نەرسىلەر ئىچىدىن ئالاھىدە روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى بولسا شەيئىلەرنىڭ تىپىكلىكى، ئومۇمىي تۈر ئىچىدىكى مەلۇم يەككە نەرسىلەرنىڭ روشەن ئىپادىلىنىشى» — دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇلار گۈزەللىكنى ئوبيېكتىپ دېگەندە ئومۇمىي تۈر كۆز قارىشىدىن گۈزەللىك نەرسىنىڭ ئۆزىدە — دېگەندە تۈر ئىچىدىكى مەلۇم يەككە نەرسىلەرنىڭ تىپىكلىكى كۆز قارىشىدىن شەرھىلەپ تىپىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى گۈزەل نەرسىلەر گۈزەل شەيئىلەر بولسا تىپىكلىككە ئىگە دېگەن كۆز قارىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ خۇددى ياۋۇنىيۇن دېگىنىدەك ئۆزلىرى «ھېس قىلالىغان نەرسىلەرنىڭ گۈزەل» دەپ قاراشتى. بۇلارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، بىر تۈلكىنىڭ خۇسۇسىيىتى، خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكى، ھەرىكىتى ئومۇمىي تۈلكىلەرگە نىسبەتەن تىپىك بولىدۇ. بۇنى پەقەت سەنئەت ۋاستىسى بىلەن تىپىكلەشتۈرۈش مۇمكىن. بۇنداق «تىپىكلىك»نى كىشىلەر گۈزەللىك ھېسابلايدۇ؟

سەنئەت نوقتىسىدىن ئېيتقاندا تىپىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى گۈزەل شەيئىي بولۇشى ناتايىن. سەنئەتچى ئۆز ئەسەرلىرىدە گۈزەللىكنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن خۇنۈكلۈككە سېلىشتۇرۇپ بىرگە تەسۋىرلەيدۇ. ھەر ئىككى تەرەپنى تىپىكلەشتۈرىدۇ.

ئۇنىڭ گۈزەللىكنى تېپىكلەشتۈرۈشى ئۇنى نامايەن قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن بولسا خۇنۈكلۈكنى تەسۋىرلىشى ئۇنى پاش قىلىپ يوقۇتۇش ئۈچۈن بولىدۇ. ئالايلى جەمئىيەتتىكى جازانىخورلۇق، ئوغرىلىق، قاتىللىق، ھەسەتخورلۇق، پارىخورلۇق ئالدامچىلىق قاتارلىق ھەر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىمۇ سەنئەتتە تېپىكلەشتۈرۈپ سۈرەتلەيدۇ. بۇنداق خەلق مەنپەئەتىگە زىيان سالىدىغان «تېپىك نەرسىلەر» جەمئىيەت ئەزالىرىغا گۈزەللىك چۈشەنچىسى ئاتا قىلالماستىن بەلكى ۋەھىمىلىك ئۇنىڭدىن بىزار بولۇش ھېسسىياتىنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئۇلار يەنە: ئىنسانلارغا ئىنتايىن ئوخشايدىغان ئادەمسىمان مايمۇننىڭ سەتلىكى، ئۇنىڭ ئىنسانلار بىلەن بولغان يىراق مۇناسىۋەتلىرىدىكى سەۋەپلىرىگە قاراپ سەتلىك ھېس قىلىنىدۇ. لېكىن ھايۋاناتلار نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئادەتتىكى ھايۋاناتلاردا بولمىغان ئەقىل— پاراسەت، ھەركىتىنىڭ چاققانلىقى مايمۇندا بار، ئەمما ئۇنىڭ گۈزەل ئەمەس— دېيىشىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھاجەتكى، ھايۋاناتلار، ئۇچار قۇشلار، ئادەمسىمان مايمۇن بولسۇن بۇلارنىمۇ ئۆز تۈرىگە خاس تەبىئىي گۈزەللىك بار. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىدىكى گۈزەللىكنى ئىنكاس قىلالمايدۇ. بىزنىڭ ئۇلارنى «گۈزەل ياكى سەت» —دەپ باھالىشىمىز ئۇلارنىڭ تەبىئىي تەن تۈزۈلۈشىدىكى گۈزەللىكنى يوققا چىقىرالمايدۇ.

مەسىلە شۇ يەردىكى ئۇلار ئۆز ھەركىتىنى تەكرارلاۋېرىدۇ. قۇچقاچ، پاختەك قاغىلار ھەر يىلى يازدا ئۇۋا ياسايدۇ، ئۆمۈچۈك تور توقۇيدۇ. ساچقان تۆشۈك تېشىدۇ. لېكىن ئىنسان پائالىيىتى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئىنسانلار بولسا تاشقى مۇھىتقا تەبىئىي ئىقتىدارىنى ماسلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە ئىجتىمائىي مۇھىت ياراتالايدۇ. مەسىلەن: قىشتا قېلىن كىيىنىش، يازدا نېپىز كىيىنىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەبىئىي مۇھىتنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. سىرتقى مۇھىت سوغۇق بولسا قېلىن كىيىنىش ۋە ئوت قالاش بىلەن، سىرتقى مۇھىت ئىسسىق بولسا شامالدۇرغۇچ بىلەن سوغۇق ھاۋا پەيدا قىلالايدۇ.

ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى ھايۋاناتلارنىڭ پائالىيىتىگە ئوخشاش ئاڭسىز، مەقسەتسىز پائالىيەت بولماستىن بەلكى ئاڭلىق، مەقسەتلىك پائالىيەتتىن ئىبارەت، ئىنسانلار تەبىئىي نەرسىلەرنى ئۆزگەرتكەندە ئۆز تۇرمۇشىغا لازىملىق قىلىپ مەقسەتلىك قانائەتلەنگىچە ئىشلەپچىقىرىدۇ. م: ياغاچچىنى ئورۇندۇق، شىرە ۋە باشقا ئائىلە مۈلۈكلىرىنى ياسىغاندا ئۇلارنى ئۆز تۇرمۇشقا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ مەقسەتلىك قانائەت ھاسىل قىلغانغا قەدەر ئىجات قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. يېمەك-ئىچمەك كىيىم-كېچەكنى ئىشلەپچىقىرالايدۇ. تەبىئەت ياراتالمىغان نەرسىلەرنى، شۇ نەر—

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىلەرنىڭ ئەمەلىي قانۇنىيىتىنى بىلىپ ئىگەللەش ئارقىلىق ئۆزىگە، ئۆز تۇرمۇشىغا كىرەكلىك قىلىپ ئىجات قىلالايدۇ. ئۇنىڭدىن ئۆزى لەززەتلىنىدۇ. ئۆز ئەمگىكىنى كۆرىدۇ. ئەڭ تەرەققىي قىلغان ھايۋاناتمۇ ئۇنداق قىلالمايدۇ. ھايۋاناتلار تەبىئەتتىكى تەييار نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ تەبىئىي كۈچىدىن پايدىلىنىدۇ، تەبىئەتتىكى ھېچقانداق نەرسىنى بىلىپ ئىنكاس قىلالمايدۇ. ئادەملەر بولسا ئۆزىنى، تەبىئەتتىكى تەبىئىي نەرسىلەرنى، ئۇنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى ئالاھىدىلىكلىرىنى ھېس قىلىپ بىلىپ ئالالايدۇ. م: توپىنىڭ ھوسۇلدارلىقى، دېڭىز، دەريا، كۆللەردىكى بېلىقلار، يىرتقۇچ ھايۋانلار، يەر ئاستى بايلىقلىرى قاتارلىقلارنى ئادەملەر جۈملىدىن ئىجتىمائىي ئادەملەر بىلگەن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش يوللىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھايۋاناتلار بولسا ئۆزىنى ۋە ئۆز شارائىتىنى، تەبىئەتتىكى نەرسىلەرنى بىلەلمەيدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا ئەڭ تەرەققىي قىلغان ھەر قانداق ھايۋان قوپال بولسىمۇ بىرەر ئەمگەك قورالى ياسىغان ئەمەس. ھايۋاناتلارنىڭ ھەممە تۈرلىرى ھەتتا ئەڭ ئالىلىرىمۇ تەبىئەت نىمە بەرسە شۇنىڭ بىلەن ھايات ئۆتكۈزىدۇ. ئادەم بولسا ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىش بىلەن بىرگە ئۆزىنى ۋە ئۆز شارائىتىنى ئۆزگەرتىپ گۈزەللەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. ئادەمنىڭ قولى، تەپەككۇرى شۇنداق كامالەتكە يەتتىكى رافائىل، تىتسيان، سورىكوۋ، رېپىن، شىشكىن ۋە لېۋىتانلارنىڭ ئۆلمەس رەسساملىق ئىجادىيەتلىرىنى ياراتتى. ھەيۋەتلىك، ھەشەمەتلىك ساراي، قەسىرلەر شاڭخەي بېيجىن شىئەن، موسكۋا، كرېمىل، ۋاشىنگتون توكيو بىناكارلىق نەمۇنىلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئەمگەك ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئېقىل-پاراسىتى شۇنداق يۈكسەلدىكى ئادەم تەبىئىي گۈزەللىكنىڭ ھەددى ھېسابسىز خۇسۇسىيەتلىرىنى، ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىپ، ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەپ، ئۆز دەۋرى تۇرمۇشىغا ئېھتىياجلىق بولغان ئىجتىمائىي گۈزەللىك ئىجات قىلىش بىلەن ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشقا باشلىدى. ئۇچار قۇشلارنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشىدىكى ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىش بىلەن ئايروپىلاننى ياساپ كۆكتە ئۇچماقتا. بۇنداق ئىجات قىلىشنى ھايۋاناتلارنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ جەھەتتىكى پىكىرىمىزنى ئېنگېلسنىڭ «بۈركۈت ئادەمگە قارىغاندا خېلى يىراقنى كۆرىدۇ. لېكىن ئادەمنىڭ كۆزى بۈركۈتنىڭ كۆزىگە قارىغاندا بويۇملاردىن خېلى كۆپ نەرسىلەرنى پەرق ئېتەلەيدۇ. ئادەمگە قارىغاندا ئىت خېلى كۆپ تۈزۈكرەك پۇراش قۇۋۋىتىگە ئىگە. لېكىن ئۇ ئادەم ئۈچۈن تۈرلۈك نەرسىلەرنىڭ مۇئەييەن بەلگىلىرىدىن ئىبارەت بولغان $\frac{1}{100}$ ھەسسىنىمۇ پەرق قىلالمايدۇ. بەدەن سەزگۈسىگە كەلسەك مايمۇندا ئۇنىڭ



AltunOq

قوپال- باشلانغۇچ شەكىلدە، بىلمىنە-بىلمىگەس دەرىجىدە بولسا ئادەمدە ئەمگەك قىلىش سەۋەبىدىن، قولنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن بىللە بالدۇرلار كامالەتكە يەتكەن» ① دېگەن تەبىرى ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدۇ.

يەنە بەزى ئىستېتىكلار «گۈزەللىك بولسا سوبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپنىڭ دىيالېكتىك بىرلىكى»— دەپ تەشەببۇس قىلىشۋاتىدۇ. بۇلار، گۈزەللىك سوبيېكتىپمۇ ئوبيېكتىپمۇ ئەمەس بەلكى سوبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپنىڭ دىيالېكتىك بىرلىكىدە دېيىش ئارقىلىق سوبيېكتىپ نەرسە- كىشىلەرنىڭ سىنىپى ئېڭى— دۇنيا قارىشى تۇرمۇش تەجرىبىسى قاتارلىقلار ئوبيېكتىپ ئامىللار بىلەن بىرلەشكەندە ئاندىن گۈزەللىك پەيدا بولىدۇ. گۈزەللىك سەنئەتنىڭ ئالاھىدە شەكلى دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتىدۇ. سوبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپنىڭ پەرقىنى تىلغا ئالغاندا سوب-يېكتىپ بىلىشنى ئاساس قىلىپ گۈزەللىكنى سەنئەتنىڭ ئالاھىدىلىكى دەپ مۇقىم-لاشتۇرۇۋاتىدۇ. بۇ خىل قاراشتىكى ئىستېتىكلار گۈزەللىكنى سەنئەتنىڭ ئالاھى-دىلىكى دېيىش ئارقىلىق سەنئەتنى گۈزەللىكنىڭ مەنبەئى قىلغان. نەتىجىدە تە-بىئىي گۈزەللىكنى، بىرلەمچى گۈزەللىكنى، ئەسلى گۈزەللىكنى، ئىنكار قىلغان. ئەگەر بۇلارنىڭ كۆز قارىشى راۋاجلانسا ئىستېتىكىنى سەنئەت نەزەرىيىسى بىلەن ئارىلاشتۇ-رۇش كېلىپ چىقىدۇ. نەتىجىدە سەنئەت نەزەرىيىسىنى ئىستېتىكىنىڭ ئورنىغا دەس-سىتىش ئارقىلىق ئىستېتىكىنى ئىنكار قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. روشەنكى سەنئەت نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىي مەسىلىسى گۈزەللىك مەسىلىسى بولماستىن بەلكى تىپىك مۇھىت ئىچىدىكى تىپىك ئوبرازدىن ئىبارەت. سەنئەت نەزەرىيىسى گۈزەللىك مەسى-لىسىدىن باشقا ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي، دىنىي سىياسىي مەسىلىلەر بىلەن ئۆز خىز-مىتىنى بېجىرىدۇ.

دېمەك، گۈزەللىكنىڭ نىسبىلىكىنى يۇقىرىقى كۆز قاراشلارغا ئوخشاش چۈشە-دۈرۈپ كېلىۋاتقان شەكلى ئوخشىمىغان لېكىن توپ ماھىيىتى بىردەك بولغان ھەر خىل كۆز قاراشلار يەنە بار. بۇ خىلدىكى كۆز قاراشلاردىمۇ يەنىلا گۈزەللىكنىڭ ماددىي ئونتولوگىيىسى ئىنكار قىلىنىپ گۈزەللىكنى روھىيەتنىڭ ھەر خىل شەكىل-لىرىدىن ئىزدەپ شەرھىلىگەن خالاس.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، تەبىئەت ئىنسان پائالىيىتىنىڭ مەيدانى. ئىنسان تە-بىئەت زېمىنىدا ھەركەت قىلىدۇ. قايتا ئىجات قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئىن-سان تەبىئەتسىز— تەبىئىي گۈزەللىكسىز تۇرۇپ ھېچقانداق ئىستېتىك تۇيغۇ، ئىستېتىك بىلىش، كۆز قاراشقا — قايتا ئىجات قىلىشقا ئېرىشەلمەيدۇ. تەبىئىي گۈزەللىكنى ئىجتىمائىي گۈزەللىككە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن بىرى شۇ تەبىئىي گۈزەل-

لىك مۇھىتىدا مەيدانغا كەلگەن ئەنە شۇ تەبىئىي گۈزەللىكنى ھېس قىلىپ ئىدرەك قىلالايدىغان تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى تولۇق يېتىلدۈرگەن ئىنسان بولۇشى كېرەك. ئىنسان ئەمگىكى تەبىئىي گۈزەللىك بىلەن بىرلەشكەندە ئۇ تەبىئىي شەيئىگە ئىنسان ئەمگىكى سىڭىدۇ. ئەمگەك ئۆتىدۇ. ئۇ ئاندىن ئىنسان تۇرمۇشىغا لايىق بولغان ئىجتىمائىي نەرسىگە ئايلىنىدۇ. بۇنداق ئايلاندۇرۇش شۇ دەۋردىكى تۇرمۇش ئۆبيېكتىنى قانچىلىك بىلسە شۇنچىلىك ئىجات قىلىش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. شۇڭا ئىنسانىيەت ھەر قايسى تارىخىي دەۋردىكى تۇرمۇش ئۆبيېكتىنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرىنى بىلىش ئاساسىدا ئۆز دەۋرىگە لايىق ئىجات قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى.

«قوپال تاش قوراللاردىن ئوقياغا ئۆتۈلدى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئوۋچىلىق ھاياتىدىن ھايۋانلارنى قولغا ئۆگىنىشكە ۋە ئىپتىدائىي چارۋىچىلىققا ئۆتۈلدى. تاش قوراللاردىن تۆمۈر ئەسۋاپلارغا (تۆمۈر پالتا، تۆمۈر چىشلىق ساپان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارغا) ئۆتۈلدى ۋە شۇنىڭغا مۇۋاپىق تېرىقچىلىققا ھەم دېھقانچىلىققا ئۆتۈلدى. ماتېرىياللارنى ئىشلەيدىغان تۆمۈر ئەسۋاپلار تېخىمۇ ياخشىلاندى تۆمۈرچىلىك ئىشىدا بازغانغا ئۆتۈلدى. كولاللىق ئىشقا ئۆتۈلدى ۋە شۇنىڭغا ئۆتۈلدى ۋە شۇنىڭغا مۇۋاپىق ھۈنەر راۋاجلاندى. ھۈنەرۋەنلىك دېھقانچىلىقتىن ئايرىلىپ چىقتى. مۇستەقىل ھۈنەرۋەنلىك ۋە كېيىن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مانوفاكتۇرا شەكلى راۋاجلاندى. ھۈنەرۋەنلىكتە ئىشلىتىدىغان ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىدىن ماشىنىغا ئۆتۈلدى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەرۋەنلىك — مانوفاكتۇرا شەكلى ماشىنا بىلەن ئىشلەش سانائىتىگە راۋاجلاندى. ماشىنىلار سىستېمىسىغا ئۆتۈلدى. ۋە ھازىرقى زامان ماشىنىلاشقان يىرىك سانائەت پەيدا بولدى. ئىنسانىيەت تارىخىي داۋامىدا جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى كۆرسىتىدىغان لېكىن تولۇق بولمىغان تەسۋىرى ئەنە شۇنداق» بولدى.

دېمەك، ئىنسانلار ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ئۆبيېكتى بولغان تەبىئىي گۈزەللىكنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئۆز دەۋرىگە خاس ئىگەللەپ ئۇنى ئۆز تۇرمۇشىغا خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن شۇ دەۋرگە خاس قايتا ئىجات بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى. بىراق تەرەققىيات، قايتا ئىجات قىلىش بىر ئىزدا توختاپ قالمىدى. كىشىلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ كۈنسايىن مۇرەككەپلىشىشى كىشىلەرنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكنى بىلىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ئۇلارنى تۇرمۇشنىڭ يېڭى تەلەپ ۋە ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. ئىنسان تۇرمۇشىدىكى يېڭى تەلەپ يېڭى ئېھتىياجىنىڭ داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرۇشى تەبىئەت دۇنياسىدىكى گۈزەللىكنى بىلىشنىڭ ئۇنى ئىگەللەپ قايتا ئىجات قىلىشنىڭ چەكسىزلىكىنى نامايەن قىلىپ

تۇرماقتا. ئەمما تەبىئەت دۇنياسىدىكى تەبىئىي گۈزەللىكنىڭ تۈرلىرى خىلمۇ-خىل بولسىمۇ بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ئوبيېكتى بولغان ئەمەس. شۇڭلاشقا ئىنسانىمۇ ئۆزىنى، ئۆز شارائىتىنى تەبىئەتتىكى گۈزەللىكنى بىرلا ۋاقىتتا بىلىشكە. قايتا ئىجات قىلىشقا كىرىشكەن ئەمەس. باشلانغۇچ جەمئىيەتتە باشلانغۇچ جەمئىيەت تۇرمۇش ئوبيېكتىگە خاس بولسا باشلانغۇچ جامائە تۈزۈمىنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ ھەر قايسى كەسپىي تارماقلارنىڭ ئوبيېكتى بويىچە بىلىش ۋە ئىجات قىلىش بىلەن خاراكتېرلىنىشكە باشلىدى. چۈنكى چارۋىچىلىقتىن دېھقانچىلىق ئايرىلىپ چىقتى. ئەمگەك قوراللىرى، ئەسۋاپ، كېيىم-كېچەك، ئاياق كىيىم ئىشلەپچىقىرىشمۇ بىر تارماق بولۇپ ئايرىلىپ چىقتى. بۇرۇن ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۇرمۇشىغا ئومۇمىي ئوبيېكت بولغان تۇرمۇش ئوبيېكتى ئەمدى ھەر قايسى كەسىپلەرنىڭ ئوبيېكتى بولالماي قالدى. ھەر قايسى كەسىپلەر ئۆز ئوبيېكتى بولغان تەبىئىي نەرسىلەرنىڭ ئۇنىڭ گۈزەللىكىنىڭ خۇسۇسىيىتى خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكىنى بىلىپ ئىگەللەپ شۇنىڭ قانۇنىيىتى ئاساسىدا قايتا ئىجات قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئەمدى كەسپىي تارماقلاردىكى جامائەلەر پۈتۈن ئىجتىمائىي كۈچلەرگە يۆلەنمەي تۇرۇپمۇ ئايرىم-ئايرىم ھالدا ياكى بىر نەچچە كىشىنىڭ بىرلەشمىسى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىرىشتى. بۇرۇنقى كوللېكتىپ تۇرمۇش ئۆتكۈزىدىغان جامائە تۈزۈمى ئەمدى ئائىلىگە بۆلۈندى. كۆچمەن قەبىلىلەر توپلىغان بايلىقى بىلەن ئائىلىلەرگە تەقسىملىنىپ ئائىلە مۈلكىگە ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئاراۋەرسىزلىك شەكىللىنىپ، كىشىلەرنىڭ تەبىئىي گۈزەللىك ھەققىدىكى ھەر خىل كۆز قاراشلىرىمۇ تارىخ سەھنىسىدە پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

ھەر قايسى كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكنى ئوبيېكت قىلىشى ئوخشىمىغانلىقتىن بىر كەسىپتىكى كىشىلەر گۈزەل دېگەننى باشقا كەسىپتىكىلەر (ئۆز كەسپىگە مۇناسىۋەتسىز بولغانلىقتىن) گۈزەل ئەمەس دېيىشتى. چۈنكى ھەر قايسى كەسىپلەر ئۆزىنىڭ كەسپىي شارائىتىغا ئەڭ مەنپەئەتلىك بولغان تەبىئىي نەرسىلەرگە بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. ھەم قىزىقىدۇ. دېھقان ئېتىزدا تۇرغان بىر پارچە مەرمەر تاشنى كۆرگەندە تېرىلغۇغا پۇتلاكاشاڭ بولىدۇ — دەپ، ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ ئېتىز سىرتىغا تاشلىۋېتىدۇ. ئۇنى گىمولوگ كۆرگەندە قىممەتلىك ئىلمىي تەتقىقات ماتېرىيالى — دەپ قارايدۇ. بۇ ئىككى كەسىپنىڭ ئوبيېكتى ھەم تەبىئىي نەرسىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلىش ئىقتىدارى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن ھەر ئىككى كەسىپتىكىلەر بەلگىلىك تۇرمۇش مەقسىتىنىڭ تۈرتكىسىگە ئۇچرى-

غاچقا ئۇلارنىڭ نەزەرى ئۆز ئۆيمىكىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۆيمىكىت تەرەپكە مەركەزلەشكەن بولىدۇ. شۇڭا كۆز كۆرگەننى قۇلاقنىڭ ئاڭلىشى ناتايىن. كۆزگە ئۆبيېكىت بولغان نەرسە قۇلاققا ئۆبيېكىت بولالمايدۇ. ئەدەبىيات كەسپىگە قىزىققانلارنىڭ جۇغراپىيە كەسپىگە قىزىقىشى ناتايىن. ھەتتا بىر خىل كەسىپ ئىچىدىمۇ ئوخشىمىغان ئۆبيېكىت ۋە قىزىقىشىنىڭ بولىدىغانلىقىنى نەزەردىن سىرت قالدۇرۇشقا بولمايدۇ. تىل تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ قىزىقىدىغىنى تىل. ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە شۇنداق قىزىقىشى ناتايىن. ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە قىزىقىدىغانلارنىڭ تىل تەتقىقاتىغا قىزىقىشى ناتايىن. قىزىقىش دىيىلگەندىمۇ ئۆزدىل كېسەل بولىشى ناتايىن.

ھەر قايسى كەسىپلەرنىڭ ئۆز كەسپى تارماقلىرى بويىچە تەرەققى قىلىش نەتىجىسىدە ئۇلاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى ئارتۇقچە ئىشلەپچىقىرىلىشى ئونۇمدارلىقىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇنداق ئارتۇقچە مەھسۇلاتنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ئۆز-ئارا ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەن جامائە ئەزالىرىنى قول قىلىش ئىمكانىيىتىنى تۇغدۇرۇپ غالىپ كەلگەنلەر ئۆز بايلىقىنىڭ كۆپ بولۇشىنى «بىر خىل گۈزەللىك» ھېيدىغان كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كىشىلەر ئېڭىغا سىڭدۈردى. ۋاھالەنكى بايلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، مال-مۈلكىنىڭ ئاز-كۆپلىكى پەرقلىق بولغاچقا ئۇلارمۇ پەرقلىق «گۈزەللىك دەرىجىلىرى» بويىچە مۇئامىلىلەرگە ئىگە بولغان ئىدى. دېمەك بايلىق «گۈزەل ياكى سەتلىك» نى ئايرىيدىغان ئاساسىي مىزان سۈپىتىدە ماركس دەۋرىگىچە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەڭ خەلق ئۈستىدە قاباھەتلىك كۈچ بولۇپ ھۆكۈم سۈرۈپ سىڭىپ كەتكەچكە بۇنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولماقتا. گۈزەللىك ھەققىدىكى ئۈستۈنلىكتە تۇرغان بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك دەۋرىمىزدىمۇ ئۇنىڭ ئوخشىمىغان شەكىلدىكى ھەر خىل ئىپادىلىرىنى تېپىش قىيىن ئەمەس ئەلۋەتتە.

بۇ خىل كۆز قاراشمۇ «گۈزەللىك كۆز قاراشقا مەنسۇپ» دىگەن ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولۇپ بۇنىڭدا گۈزەللىكنىڭ تەبىئىي مەۋجۇتلىقى ئىنكار قىلىنغان. ئېيتىشقا بولىدۇكى تاشتا — تاشقا خاس گۈزەللىك بولسا پاختىدا پاختىغا خاس گۈزەللىك بولىدۇ. بۇنى ھەرگىزمۇ ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. كىشىلەر ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندا ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئۆز قانۇنىيىتىنى بىلىپ ئىشلەش ئارقىلىق قايتا ئىجاد قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. م: بىر پارچە تۆمۈردىن بىرەر ئەسۋاب ياساپ چىقماقچى بولغان تۆمۈرچى، تۆمۈرنىڭ باشقا مېتاللاردىن پەرقلىنىدىغان ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى، قانۇنىيىتىنى ئىگەللەپ ئاندىن

ئۇنى ئۇتقا سېلىپ قىزدۇرۇپ قايتا ئىجات قىلىش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ئەگەر تۆمۈرنى ھۆل تاياقنى ئەككەندەك ئېگىپ شۇ يول بىلەن قايتا ئىجات قىلىش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. تۆمۈرنىڭ ئورنىغا ياغاچنى ئۇتقا سالىدىغان بولسا بۇ تولىمۇ كۈلكىلىك بولىدۇ. شۇڭلاشقا، گۈزەللىكنىڭ قانۇنىيىتى دېيىلگەندە ھەر قانداق ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى تەبىئىي نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەسلى گۈزەللىك مەۋجۇت. بۇنداق ئەسلى گۈزەللىكنىڭ خىللىرى، تۈرلىرى، شەكىللىرى رەڭمۇ-رەڭ بولغاچقا كىشىلەر تەرەپتىن تونۇلغىچە قارىغۇ بولىدۇ. كىشىلەر ئۇنى تونۇپ ئالغاندا ئۇنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىكىنى ئاشكارىلايدۇ. ئۇنىڭدىن ئەركىن پايدىلىنالايدۇ. ئۆز مەقسىدى بويىچە قايتا ئىجات قىلالايدۇ. ئەمما بۇنداق تونۇپ ئېلىش، ئۆز مەقسىدى بويىچە قايتا ئىجات قىلىشى بىرلا ۋاقىتتا ئىشقا ئاشمايدۇ. تەبىئىي گۈزەللىك مەلۇم كەسىپنىڭ ئوبيېكتى بولغاندا ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىستېتىك قىممىتىنى ئاشكارىلاپ كىشىلەرنى مەھلىيا قىلىپ تۇرىدۇ. م: ئالتۇننى كىشىلەر تونىمىغان چاغدا تۆمۈر ئىسىل بويۇم ھېسابلانماتتى. ئالتۇننى تونىغاندىن كېيىن ئۇنى ئەڭ قىممەتلىك ئىسىل نەرسە دەپ بىلمەۋاتىدۇ. ئەگەر كىشىلەر ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك بولغان بىرەر مېتالنى تەبىئەت دۇنياسىدىن بىلىپ يەتسە ئۇنى ئەڭ قىممەتلىك ئىسىل نەرسە دېيىشى مۇمكىن.

تەبىئىي گۈزەللىك بىلەن تەبىئىي گۈزەللىك ھەققىدىكى گۈزەللىك چۈشەنچىسى بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولغان ئىككى نەرسە. بۇنىڭدىكى تەبىئىي گۈزەللىك ئىنسانىنىڭ ئىستېتىك تۇيغۇسىنى، تەسىرلىنىشىنى، زوقلىنىشىنى، ئىنتىلىشىنى ئويغۇتىدىغان مەنبە.

تەبىئىي گۈزەللىك ھەققىدىكى چۈشەنچە بولسا تەبىئىي گۈزەللىكنىڭ ئىنسان مېڭىسىدىكى ھەر خىل ئوبرازنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدە نامايەن بولۇشى. ئىنسانىنىڭ تەبىئىي گۈزەللىك ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ئوخشاش بولمىغاچقا تەبىئىي گۈزەللىكتىن پايدىلىنىشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئىنسانىنىڭ گۈزەللىكنى بىلىپ ئىگىلىشى قانچە چوڭقۇر، ئەتراپلىق توغرا بولسا ئۇنى ئۆز تۇرمۇشى ئۈچۈن شۇنچە مۇۋاپىق خىزمەت قىلدۇرالايدۇ.

ئىنسانلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە تەبىئىي گۈزەللىكنى بىلىشى تولىمۇ تۆۋەن بولغاچقا ئۇلار ئادەتتىكى قۇراللارنى ئىجات قىلىش بىلەن چەكلەنگەن ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باشلانغۇچ جەمئىيەت ئۈچۈن ئۈچۈن كېمە، پارخوت، شاقىراتما، كۆمۈر، نېفىت، مارگانېتس، خوروم، چىمەنزارلىق، يەر ئاستى بايلىقلىرى، يەر ئاستى يوللىرى، ماشىنا، ئايروپىلان، ھەر خىل ئۆلچەش ئەسۋاپلىرى، ئېلېكتىر، كىنو، تېلېۋىزور ۋە باشقىلار مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. بۇلار بولسا بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن تەبىئىي نەرسىلەر ھەر نەرسىنىڭ ئۆزىگە خاس گۈزەللىك قىممىتى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئالدىدىكى نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىمۇ مەۋجۇت ئىدى.

خۇلاسە قىلغاندا گۈزەللىك ماددىي خاسىيەتكە ئىگە بولۇپ ھەر قانداق تەبىئىي نەرسىلەردە ئۆزىگە خاس گۈزەللىك ئامىلى بولىدۇ. كىشىلەر ئۇنى تونۇپ بىلگىچە خۇددى شېكەرنى سۇغا سالغاندا، شېكەر سۇدا كۆرۈنمەي سۇ تاتلىق بولۇپ قالغانغا ئوخشاش ئۇنىڭ گۈزەللىكى يوشۇرۇن ھالەتتە بولىدۇ. بۇنداق بىرلەمچى گۈزەللىك بىلگۈچىنىڭ ئېڭىغا، خاھىشىغا، باھاسىغا، دەۋر روھىغا، كۆز قارىشىغا، دۇنيا قارىشىغا، بەدىئىي سەنئەت ئىجادىيىتىگە، بەدىئىي زوق ھەۋىسىگە، لەززەتلىنىشىگە باغلىق بولمىغان ئاساستا مەۋجۇت بولىدۇ. ئىنسانلار ئىرادە جەھەتتىن ماددىدىكى ئەسلى گۈزەللىك ئامىلىنى ئۆزىگە بوي سۇندۇرالمايدۇ. بەلكى ئۇنى بىلەلەيدۇ. ئۇنىڭ قانۇنىيىتىگە ئاساسەن قايتا ئىجات قىلىپ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا لايىقلاشتۇرالايدۇ. بۇنى ئۆز مەقسىدى قانائەت ھاسىل قىلغان دەرىجىگە ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق ئىجات قىلىش ۋاستىلىق ۋە بىۋاستە بولىدۇ. تەبىئىي گۈزەللىكنى بىلىشمۇ ۋاستىلىق ۋە بىۋاستە ئىشقا ئاشىدۇ. بىراق تەبىئىي گۈزەللىكنى بىلىش ئاز بىلىشتىن كۆپ بىلىشكە ۋە ھادىسىنى بىلىشتىن ماھىيەتنى بىلىشكە، يېرىم- ياتا بىلىشتىن تولۇق بىلىشكە، ناتوغرا بىلىشتىن توغرا بىلىشكە، ساختا بىلىشتىن ھەقىقىي بىلىشكە بىر تەرەپلىمە بىلىشتىن ئەتراپلىق بىلىشكە قاراپ راۋاجلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكنى بىلىش ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ئەنە شۇ جەريانلار بويىچە ئىشقا ئاشقاچقا بىلىشنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى ئاددىلاشتۇرۇۋېتىشكە زادى بولمايدۇ.

1987- يىل ئىيۇل، قەشقەر.

# چاغاتاي تىلىدا ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى توغرىسىدا

ئەركىن ئابدۇرەھىم

چاغاتاي تىلى خاقانىيە تىلى ئاساسىدا تەرەققى قىلىپ شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى خەلقلەر بۇ تىلنى ئورتاق ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە 13 ـ ئەسىردىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە قوللانغان.

بۇ تىل تەركىۋىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئامىللىرى ۋە قېرىنداش تۈركى خەلقلەر تىللىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئوغۇز ــ قىپچاق تىل گۇرۇپپىسىنىڭ مورفولوگىيەلىك ئامىللىرى باشتىن ئاخىر ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە داۋاملىشىپ كەلگەن ۋە ئارىلاشقان. چاغاتاي تىلى ئۆز تارىخىدا ھەۋر تەرەققىياتى ۋە ھەر خىل ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ تەرەققى قىلغان ۋە ئۆزگىرىپ بارغان. بۇ خىل ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتلار تىلنىڭ ئۈچ تەركىۋى قىسمىدا ئىپادىلىنىپلا قالماستىن مۇشۇ ئۈچ تەركىپ ئىچىدىكى كېلىش كاتېگورىيىسىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. تۆۋەندە مەن چاغاتاي تىلىدا ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

چاغاتاي تىلىدا ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملارنىڭ ئىپادىلىنىشى بىلەن كۆپ جەھەتتىن ئوخشاش بولسىمۇ، كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ نىسبەتەن كۆپ يۈرۈشلۈك بولىشى ھەم بەزى قوشۇمچىلارنىڭ ئايرىم ھاللاردا ئۆز رولىدىن باشقا روللاردىمۇ قوللىنىلىدىغانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىن بىر ئاز پەرق قىلىدۇ.

## 1 ـ باش كېلىش

باش كېلىش ــ قوشۇمچىسىز كېلىش بولۇپ، بۇ كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار، قوشۇمچە قوشۇلمىغان ھالدا ئىپادىلىنىدۇ ۋە جۈملىدىكى ئورنىغا ئىگە ياكى خە—

ۋەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. باش كېلىشىنىڭ ئىپادىلىنىشى، چاغاتاي تىلى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تامامەن ئوخشاش.

مەسىلەن:

ئەينۇلقۇززات تىل شەرىفىدىن
مەسىھ گۇپتار بولدى. ۋە ھۇسەيىن
مەنسۇر تىل سۇرئىتىدىن دارغا سازاۋەر.

«مەھبۇبۇل قۇلۇب» دىن.

(ئەينۇلقۇززات تىل شەرىپىدىن، ئەيسا پەيغەمبەردەك ياخشى سۆزلۈك، دېگەن نامغا ئېرىشتى. ھۇسەيىن مەنسۇر تىل ئىتتىكلىكىدىن دارغا ئېسىلدى.)

تۇغلۇق تۆمۈر خان بولغان يىلى ئىردىكىم ھەزرەت مەۋلانا جەمالىدىن بىلەن ئاقسۇدا يايلاقتا ئۇچرىشىپ، ئىسلام ۋەئىدەسىن بەرەي.

«تەزكىرە تۇررە شاھ» دىن.

(تۇغلۇق تۆمۈر خان بولغان يىلى، مەۋلانە جامالىدىن ھەزرەتلىرى بىلەن ئاقسۇدا يايلاقتا ئۇچرىشىپ، ئىسلام دىنىغا كىردى.)

يۇقىرقى مىساللاردىكى «ئەينۇلقۇززات» «ھۇسەيىن مەنسۇر»، «تۇغلۇق تۆمۈر» قاتارلىق ئىسىملار باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملاردۇر.

## 2ـ ئىگىلىك كېلىش

چاغاتاي تىلىدا ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «نىڭ» ۋە «نى» دىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلگە ئىگە بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئارىلاش قوللىنىلغان. مەسىلەن:

بارە بارە پادىشاھنى سۆزى ياندى.
فىرئەۋننى سۆزى يانمادى.

(بارا-بارا پادىشاھنىڭ سۆزى ياندى. فىرئەۋننىڭ سۆزى يانمىدى.)

«قەسەسۇل ئەنبىيا» دىن.

ئىسەنخاننىڭ ئوغلىنە تۇغلۇق تۆمۈر دەپ ئات قويدى.

«تەزكىرە تۇررە شاھ» دىن

ھەر كىشى ۋەسلىن تەمەننا ئەيلەسەم نەۋمىد ئۆلەي.

ھەر كىشى ھەمكى سىنىڭ ۋەسلىڭ تەمەننا ئەيلىسە.
«نەۋايى».

(ئەگەر سەندىن باشقىلارنىڭ ۋەسلىنى
ئىزدىسەم، مۇرادىمغا يەتمەي ئۆلەي.
باشقىلارمۇ سىنىڭ ۋەسلىڭنى ئىزدىسە، ھەم شۇنداق بولسۇن.)

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «پادىشاھىڭنى»، «ئىسەنخاننىڭ»، «سىنىڭ» دىگەن سۆزلەرنىڭ قوشۇمچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىلىرى بولۇپ، بۇلاردىن بىز ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىلىرى «نى» بىلەن «نىڭ» ئارىلاش ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بەزىدە بىرىنچى شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن ئىسىملارغا ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسىنى ئۇلاشقا توغرا كەلسە، بۇنداق ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا «ئى» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كېلىپ، ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ رولىنى ئۆتىگەن ئەھۋاللارمۇ ئۇچراپ قالىدۇ. مەسىلەن:

كۆزۈمنى قانى بىلەن يازدىم بۇ خەتنى مەن ئۇڭا،
بىر ئىلاجى قىلكى ئۆزنى توختۇتالماسمەن ئۇڭا.
(مەن بۇ خەتنى كۆزۈمنىڭ قېنى بىلەن ئۇنىڭغا يازدىم،
بىر ئىلاجى قىلغىن ئۇنىڭغا ئۆزەمنى ھەرگىز توختۇتالمايمەن.)

بۇ مىساللاردىكى «كۆزۈمنى» دىگەن سۆزدىكى «ئى» ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «نىڭ» نىڭ رولىدا كەلگەن.

چاغاتاي تىلىدا ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قېلىش ھادىسىلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە قارىغاندا كۆپرەك ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

بالا تاش تۆمۈر قاشىغە كەلدى.
(بالا تاش تۆمۈرنىڭ قېشىغا كەلدى.)
«تەزكىرە تۇررەشادە» دىن.

ئالتۇن قەفەس ئىچرە گەر قىزىل گۈل بولسا،
بۇلبۇلغا تىكەندەك ئاشىيان بولماس ئىمىش.

«نەۋايى»

ئالتۇن قەپەزنىڭ ئىچى ئەگەر قىزىل گۈل بىلەن تولغان بولسىمۇ، بولبۇلغا تىكەنلىكچىلىك ياخشى ئۇۋا بولالمايدىكەن.) بۇ مىسرالاردىكى «تاش تۆمۈر»، «قەفەس» دېگەن سۆزلەرگە ئۇلىنىشقا تېگىشلىك بولغان ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالغان.

## 3 ـ چۈشۈم كېلىش.

چاغاتاي تىلىدا قوللىنىلغان چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىلىرى ئاساسەن «نى»، «ئى»، «ن» لاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل شەكىلگە ئىگە بولۇپ، «نى»، «ن» قوشۇمچىلىرى ئاساسەن «نى»، «ئى»، «ن» لاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل شەكىلگە ئىگە بولۇپ، «نى»، «ن» قوشۇمچىلىرى كۆپ قوللىنىلغان، «ئى» قوشۇمچىسى ئانچە-مۇنچە ئىشلىتىلگەن مەسىلەن:

ئەگەر كۆڭلۈڭ تىلەر جانىمنى ئالماق،
قاراقچى كۆزلەرىڭدىن بىر قىيا باق.

— ئاتايى

بۇ ياش قەترەلەرىن كۆر يۈزۈم ئۈزرە غەلتان،
مۇنىڭ بىكىن يورمەس ھېچ فەلەكدە سەييارە.

— سەككاكى

(قارا، يۈزۈمگە دومىلاپ چۈشىۋاتقان ياش تامچىلىرىغا، ئاسماندىكى ھېچقانداق بىر سەييارە — يۇلتۇزمۇ مۇنداق تېز چۆگىلىمەيدۇ.)

يارەب ئول شەھدۇ سەكەرىيالەبمىدۇر،
يامەكەر شەھدۇ شەكەر يالەبمىدۇر.
جانىمە ھەۋەستە نەۋالىڭ ئاتغەلى،
غەمزە ئوقىن قاشىغە يالەبمىدۇر.

(ھەيتى ئاللا، ئۇ يار يېنىمغا بال بىلەن شېكەر سېلىۋالغانمىدۇر؟ ياكى بولمىسا بال بىلەن شېكەر يالىۋالغانمىدۇر؟ جېنىمغا ھەۋەستە ئوق ئاتقىلى، كىرپىك ئوقلىرىنى قېشىغا ئېسىۋالغانمىدۇر؟)

— نەۋايى.

ئۆرتەنمەكۇ كۆز ياشەمى تۆكمەكدۇر ئىشىم،
بۇغۇسسەنى شەمئى شەبىستانىمە ئېيتىمنىڭ.

قىلىدىغان ئىشىم ئۆرتىنىش بىلەن كۆز يېشى تۆكۈش، مېنىڭ غەم-غۇسسىلىرىمنى ئۆيۈمنى يۇرىتىدىغان چىرىغىم –جانانىمغا ئېيتىڭلار.)

— لۇتفى

يۇقىرقى مىساللاردىكى «جانىمنى»، «قەترەلەرىن» «ئوقىن»، «ياشىمى» دىگەن سۆزلەردىكى «نى»، «ن»، «ئى» لار چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىلىرىدۇر.

چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «نى» ئۇتتۇمسىز پېئىللارغا باغلىنىپ كېلىپ، بەزىدە ئورۇن كېلىش ۋە يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭمۇ رولىدا كەلگەن ئەھۋاللارمۇ ئۇچراپ قالىدۇ. مەسىلەن:

① شۇنچە يىلدىن بېرى دەردىڭنى كۆيەمەن،

(شۇنچە يىلدىن بېرى دەردىڭدە كۆيمۇاتىمەن.)

② ئول كىشى كىرىپ ئابدۇللانى دۇئا قىلدى.

(ئۇ كىشى كىرىپ ئابدۇللاغا دۇئا قىلدى.)

① مىسالدا «نى» قوشۇمچىسى «ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى رولىدا، ② دە يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى رولىدا كەلگەن.

## 4- ئورۇن كېلىش

① چاغاتاي تىلىدا ئورۇن كېلىش ئۈچۈن «دا» «دە» قوشۇمچىلىرى قوللىنىلـغان بولۇپ، دەسلەپكى چاغلاردا بۇ ئىككى يۇرۇش قوشۇمچە، يېزىقتا ئاساسەن بىرلا «دا» شەكلى بويىچە يېزىلغان. كېيىنچە پەرقلەندۈرۈلۈپ، يېزىلغان. مەسىلەن:

ئۆلەردە قالمىغاي ئېردى كۆڭۈلدە بۇ ھەسرەت، رەقىب ئىت بىرىكىن ئىشكىدا زاربولسا ئىدى.

(دۈشمەنلەر ئىشىك ئالدىدا ئىتتەك خار بولۇپ يۈرسە ئىدى، كۆڭۈلدە قىلچە ھەسرەت قالمىغان بولاتتى.)

— سەككاكى

غۇبار تۇتتى فىراقىڭدا كۆزىنى كۆپ يىغىدىم.
بىرەر ئىزىدىك توزىدىن تۇتىيا قىلاي كېلدىم.

(فىراقىڭ دەردىدە كۆپ يىغلاپ كۆزلەر،

www.uyghurkitap.com

تورلۇشۇپ كەتتى، ماڭغان ئىزدىك تويىمىنى كۆزۈمگە تۈتمىيا قىلاي
دەپ كەلدۇم.)

— لۇتفى

ئەرەبلەردە بىر قەبىھ ئادەت بار ئىدىكى......

«مۇھەمما تۇزۇزەۋ جەينى» دىن.

يۇقىرقى مىساللاردىكى «كۆڭۈلدا، ئىشكىدا، قىراقىدا» دېگەن سۆزلەرنىڭ يېزىلىشىدىن قارىغاندا، «دا» «دە» قوشۇمچىلىرىنىڭ يېزىقتا پەرقلەندۈرۈلمىگەنلىكى (دەسلەپكى چاغلاردا)، «ئەرەبلەردە» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ يېزىلىشىدىن قارىغاندا كېيىنكى چاغلاردا «دا»، «دە» قوشۇمچىلىرى يېزىقتا پەرقلەندۈرگەنلىكىنى كۆرۋالىمىز (بۇ ئىككى قوشۇمچىنىڭ پەرقىنى تىلىمىزدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭ-لىق قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ئايرىيمىز.)

(3) ئىسىملارنىڭ ئۈچىنچى شەخس ئىگىلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، ئاندىن كېلىش قوشۇمچىسى، بولۇپمۇ ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەندە، ئىگىلىك قوشۇمچىسى بىلەن كېلىش قوشۇمچىسى ئوتتۇرىسىغا بىر «ن» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدىغان ئەھۋال چاغاتاي تىلىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

تىشلىرىگىدەك دانەئى ئومان ئىچىندا تاپىلادى.
ھەر ئىچەكىم ئىتتەدى مىسكىن سەدەف ئاغزى قۇرۇپ،
(ئومان دېڭىزى ئىچىنى ئاختۇرۇپ بىچارە سەدەفنىڭ ئاغزىلىرى
قۇرۇپ كەتتى. ئەمما ھەر قانچە ئىزدەپمۇ سېنىڭ چىشلىرىگىدەك
دانە-دانە ئۈنچىنى تاپالىمىدى.)

— ئاتايى

ئول بالا ھەر ۋاقىت پادىشاھىنىڭ قاشىندا بولۇر ئېردى.

يۇقىرقى مىساللاردىكى «ئىچىندە» «قاشىندا» دېگەن سۆزلەردە ئۈچىنچى شەخس ئىگىلىك قوشۇمچىسى بىلەن كېلىش قوشۇمچىسى ئوتتۇرىسىغا بىر «ن» تاۋۇش قوشۇلۇپ قالغان، (بۇ خىل ھادىسە قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە چاغاتاي تىلىدىكى ئاساسىي ئەھۋال ئىدى. ھازىرمۇ يېشانغان كىشىلەرنىڭ گەپ-سۆزلىرىدىن بۇ خىل ئەھۋالنى ئۇچرى-تىپ تۇرىمىز، بۇ خىل ئەھۋال يەنە تۈركى تىللارنىڭ ئوغۇز-قىپچاق تارمىقىدا

ھازىرمۇ ئومۇمىي يۈزلىك مەۋجۇت، بۇلاردىن بىز بۇ خىل ئەھۋاللارنىڭ دەۋرىمىز—
گىچە يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۋالالايمىز.)

(3) ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى «دا» «دە» ئىسىملارغا ئۇلىنىپ كېلىپ، بەزىدە ئۇنىلۇپ كېلىپ، بەزىدە يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ رولىنى ئۆتەپ كەلگەن ئەھۋاللارمۇ ئۇچراپ قالىدۇ. مەسىلەن:

① ئېرتەسى پادىشاھ قاراسا تەخت
ئۈستىندە ئوق سانجىپ تۇرۇبدۇرلار.
(ئەتىسى پادىشاھ قارىسا، تەخت ئۈستىگە ئوق سانچىپ قويۇپتۇ.)
«قىسسەسۇل ئەنبىيا» دىن

② چۆللەرنى كىزىبان مىلىك دات ئەيلەدىم،
كەئبە ئىزلەب ئەمدى قايدە بارايىن.
(چۆللەرنى كېزىپ مىلىك دات ئەيلىدىم، كەئبە ئىزلەپ ئەمدى نەگە باراي؟)
«ئىبراھىم بىن ئەدھەم» دىن.

يۇقىرقى مىساللاردىكى «ئۈستىندە» «قايدە» دىگەن سۆزلەردىكى «دە» يۆنىلىش كېلىش رولىدا كەلگەن.

## 5- يۆنىلىش كېلىش

(1) يۆنىلىش كېلىش ئۈچۈن «غە، قە، گە، كە، غا، ئا، ئە» قوشۇمچىلىرى قوللىنىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە «غە» قوشۇمچىسى باشتىن—ئاخىر مەيلى نەسىرى، مەيلى نەزمىي ئەسەرلەردە بولسۇن ئوخشاشلا ئەڭ كۆپ قوللىنىلغان.
«گە، كە» قوشۇمچىلىرى بولسا ئارىلاش قوللىنىلغان: «ئە» شەكلى بولسا، ئاساسەن نەزمىي ئەسەرلەردە قوللىنىلغان: «قە، غا» شەكلىكەم قوللىنىلغان مەسىلەن:

① «غە» گە مىسال:

ھەزرەت يۈسۈف ئەلەيھىسسالام
مۇنچە كەم باھا بىرلە ساتىلماققە
سەبەب نە ئېردى،
«قىسسەسۇل ئەنبىيا» دىن،

باد سەباكى كېلتۈرۈر جانغە ساچىلىق نەسىمى.
شەھرى سەبانىڭ ئەلچىسى ھود ھود خوش خەبەرىمدۇر.
(سەھەر شامىلى چېچەكنىڭ بويىنى كەلتۈرۈپ، خانىغە ھوزۇر بېرىدۇ.

بۇشامال شەھەرنىڭ ئەلچىسى خوش خەبەر يەتكۈزىدىغان ھود-ھود قۇشىمىدۇ؟)

—— ئاتايى.

② «گە» گە مىسال:

ئاشىق بولدۇم يۈزىڭگە كۆرمەي ئۆلسەم نىتەرمەن،
بايەزىدنىڭ ئۈزۈمنى كۈندە يۈزىمنىڭ ساتارمەن.
(ئاي يۈزۈڭگە ئاشىق بولدۇم، كۆرمەي ئۆلسەم قانداق قىلارمەن؟ «بولمىسا»
بايەزىدنىڭ ئۈزۈمنى كۈندە يۈز ئەمنىڭ ساتارمەن)

«ئىدىۋان مەشرەب» دىن

③ «ئە» گە مىسال:

يىللار ئۆتتۈبان شەيىخ ماقالاتىغە كۆش،
ئى كۆڭلىمە زەۋق يەتتى قە جانىمە ھوش.
(يىللار بويى شەيىخلەرنىڭ گەپ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ، كۆڭ-
لىمگە نىمە زوق، جېنىمغا نېمە ھوزۇر يەتتى؟)

—— نەۋايى.

④ «قە» گە مىسال:

ئاشىققە جەفا قىلدىڭ ۋە لېكىن،
ئەسىرداغى يوق يىراقى بىرلە.
(ئاشىققا جاپا قىلىسىڭىز قىلدىڭ، ئەمما ئاشىق جاپا ھەددىدىن ئېشىپ
كەتسىمۇ قايتۇرۇپ قالمايدۇ)

—— ئاتايى

⑤ «غا» گە مىسال

مۇناپىقلارغا بۇ مەيدان ئىچىرە،
قىلىمدۇر زۇلفىقارۇ ئەقىل دۇلدۇل.

—— زەلىلى

(2) يۈنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ تۇرۇپ، بەزىدە ئورۇن كې-
لىش قوشۇمچىسىنىڭ رولىدا كەلگەن ئەھۋاللارمۇ بار. مەسىلەن:

ئەمدى مەنى ھالىمغە رەھىمە قىل ئېيتقىلىكى بازغىراق،
ئۇتىغە كۆيمەكىغە مەندە تاقەت يوق.
(ئەمدى ھالىمغا رەھىم قىل، يەنە پىراق ئوتىدا كۆيۈشكە مەندە تاقەت يوق.)

بۇ مىسالدىكى «ئوتىنغە» سۆزىدىكى «غە» قوشۇمچىسى ئورۇن كېلىشىنىڭ رولىنى ئۆتەپ كەلگەن.

(3) يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى بەزىدە چىقىش كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ رولىدا كەلگەن ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

بۇرۇن مالىمدىن قورقار ئىدىم،
ئەمدى جانىمغە قورقارمەن،

بۇ مىسالدىكى «جانىمغە» سۆزىدىكى «غە» قوشۇمچىسى چىقىش كېلىش رولىدا كەلگەن.

## 6- چىقىش كېلىش

(1) چىقىش كېلىش ئۈچۈن «دىن» قوشۇمچىسىمۇ ئارىلاش قوللىنىلغان. مەسىلەن:

بەشرە بىرلە بەشرا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى، قۇدۇقدىن تارتىپ ئالدىلار.

(بەشرە بىلەن بەشرا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى قۇدۇقتىن تارتىپ ئېلىشتى)

«قىسسەسۇل ئەنبىيا» دىن

تۈن ئاخشام تولغانىپ سۈنبۈل بىكىن زۇلفۇڭدىن ئاھ ئۇردىم
مەۋكىنى غالىيە تۈتتى جەھان مۇشكى خوتەن بولدى.

(سۈمبۈل چاچلىرىڭنى ئەسلەپ، كېچىچە تولغىنىپ ئاھ ئۇرۇۋىدىم، ھاۋانى تۈتەك بېسىپ، پۈتۈن جاھان خوتەن مۇشكىدەك قاپقارا بولۇپ كەتتى.)

— سەككاكى

قارغە ئاۋازىن ئىشىتسام ئۆيدە چىققۇم تاشقارى
قاراقاسىد قارغەلىقتىن كېلدى دەپ دىۋانەۋەر.

(ئۆيدە قارغىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسام، قارغىلىقتىن قارا خەۋەرچى كەلدى دەپ تاشقىرىغا چىقىمەن.)

— تەجەللى

يۇقىرىقى مىساللاردىن، «دىن» قوشۇمچىسىنىڭ باشتىن — ئاخىرى، بىردىن بىر قوشۇمچە بولۇپ كەلگەنلىكىنى، پەقەت كېيىنكى دەۋردىلا «تىن» قوشۇمچىسىنىڭ ئارىلاش ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

(2) چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى ئايرىم ھاللاردا ئىسىملارغا ۋە ئىسىم رولىدا كەلگەن سۆزلەرگە قوشۇلۇپ تورۇپ، بەزىدە ئىگىلىك كېلىش، بەزىدە يۆنىلىش كېلىش، يەنە بەزىدە چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ رولىدا كەلگەن ئەھۋاللارمۇ ئۇچراپ قالىدۇ. مەسىلەن:



AltunOq

(1) ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەنگە مىسال

بۇ ئىشنى قىلساڭ ھەممە كىشىلەر سەندىندۇر، بۇگەنجىلەر مەندىندۇر

(بۇ ئىشنى قىلساڭ ھەممە كىشىلەر سېنىڭ، بۇ غەزىنىلەر مېنىڭ بولىدۇ)

بۇ مىسالدىكى «سەن،مەن»سۆزلىرىگە ئۇلانغان «دىن» ,قوشۇمچىسى ئىگىلىك كېلىش رولىدا كەلگەن.

(2) يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەنگە مىسال

'...سىزلەر ئىچىكلاردىن جۇببە-جۇشەن كىيىپ

—«قىسسەسۇل ئەنبىيا» دىن

بۇ مىسالدىكى «ئىچىكلار» سۆزىگە ئۇلانغان «دىن» قوشۇمچىسى يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى «غا» نىڭ رولىدا كەلگەن

(3) چىقىش كېلىشتە كەلگەنگە مىسال:

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئەيدى كاۋان ئاداغىدا قاناغانىغ ئاتلارنى كۆردۈم، ئانى ماڭا تۇتۇپ كېلتۈرسەك، سېنىدىن ئەفۇ قىلغايمەن،-دېدى.

(سۇلايمان ئەلەيھىسسالام: كاۋان ئايىغىدا قاناتلىق ئاتلارنى كۆردۈم، ئۇنى تۇتۇپ بەرسەڭ سېنى ئەفۇ قىلىمەن،-دېدى.)

—«قىسسەسۇل ئەنبىيا» دىن

بۇ مىسالدىكى«سەن»دېگەن سۆزگە ئۇلانغان «دىن» قوشۇمچىسى، چىقىش كېلىش قو-شۇمچىسى رولىدا كەلگەن.

(3) شەخس بىلەن تۈرلەنگەن بولۇشسىز ھەركەتنامىلاردىن كېيىنمۇ چىقىش كېلىش قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

ئۆلمىشىدىن بۇرۇن سەنى توي-تاماشايىڭنى كۆرەي.

(ئۆلمەستىن بۇرۇن سېنىڭ توي-تاماشايىڭنى كۆرەي.)

بۇ مىسالدا «ئۆلمىشىم»دېگەن شەخس بىلەن تۈرلەنگەن بولۇشسىز ھەركەتنامى-غا «دىن» ئۇلانغان. بۇ خىل ئەھۋال ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بار.مەسىلەن، بۇ ئىشنى تۈگەتمىشىمدىن بۇرۇن يېتىپ كەل، دېگەنلەردەك.

(4) چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «دىن» بەزى ھاللاردا چۈشۈپ قالىدىغان ئەھ-ۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

بالاغەت دەرىجىسىگە يەتكەن سۆك ئانداغ باھادىر بولۇدىكىم، شۇجائەت بابىدا يۈز باھادىردىن ئۈككۈرمەس ئېردى.

(بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، شۇنداق باتۇر بولدىكى، غەيرەت بابىدا يۈز باتۇردىن ئۆزىنى قاچۇرمايتتى) «جامىئۇل ھىكايەت» دىن

بۇ مىسالدا «يەتكەن» دېگەن سۆزگە ئۇلىنىشقا تېگىشلىك بولغان «دىن» قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالغان.

# ئۇلۇغ رۇس تەنقىتچىسى بېلىنسكى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي قاراشلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە*

يۇسۇپ قاسىم.

ۋ. گ. بېلىنسكى ئۇلۇغ رۇس ئەدەبىي تەنقىتچىسى، رۇس سوتسىيال دېموكراتىيەسىنىڭ مەشھۇر ئەربابى. ئۇ، ئۆتكۈر پىكىرلىك فەيلاسوف، ئەدىب ھەم ئىجتىمائىي كۈرەشنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئۇلۇغ خىزمەتلەرنى ئىشلەپ رۇس مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئۆلمەس تۆھپە قوشقان مۇتەپەككۇر ۋە ئىنقىلابچى.

بېلىنسكى رۇس خەلقىنىڭ چوڭقۇر پىكىرىنى، ئۇلارنىڭ ئازاتلىق، ئەركىنلىك غايىلىرىنى، ئۈمىد ئارزۇلىرىنى ئۆزىگە يىغىپ ئۇنى ئۆتكۈرلۈك بىلەن ئىپادىلىدى. ئى. ۋ. ستالىن بېلىنسكىنى پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ داھىسى لېنىن ۋە ئاتاقلىق يازغۇچى گوركى، چېخوۋ، چېرنىشېۋسكى قاتارلىق يازغۇچى، شائىرلارنىڭ قاتارىدا رۇس مىللىتىنىڭ ئىپتىخارى دەپ تىلغا ئالغان. بۇ بېلىنسكىنىڭ رۇس خەلقى بىلەن قەلبداش ئىكەنلىكى، رۇس خەلقىنىڭ تۇرمۇش تەرەققىياتى ئۈچۈن قوشقان بۈيۈك تۆھپىسىنىڭ نەقەدەر زورلۇقلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ۋ. گ. بېلىنسكى 1811 - يىلى 1 - ئىيۇندا سۋېئابورگدا دۇنياغا كەلدى. بېلىنسكىنىڭ ئاتىسى 1816 - يىلى دېڭىز ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ خىزمىتىدىن بوشاپ، ئائىلىسىنى پېنزا گۇبېرنىيەسىنىڭ چېمبار شەھىرىگە كۆچۈرۈپ كەلدى. بېلىنسكىنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق چاغلىرى شۇ شەھەردە ئۆتكەن. ئۇنىڭ دادىسى چېمبار شەھىرىدە دوختۇرلۇق قىلغان. ئۇ مەيلى ئەمەلدار، مەيلى ئادەتتىكى ئادەم بولسۇن، ھەممىسىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلغان. بولۇپمۇ خۇشامەتچىلىك، تەخسىكەشلىكنى يامان كۆرەتتى. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەلدارلارنىڭ كۆزىگە يامان كۆرۈنۈپ قالدى. خىزمەتلىرىدە توسالغۇغا ئۇچرىدى. بېلىنسكى ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىدىكى بۇ قاتتىقچىلىقى ئۇنىڭ ئېڭىغا قاتتىق تەسىر قىلىپ،

ئۇنىڭ يۈرىكىدە پادىشاھ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئۆچمەنلىك تۇيغۇسى قوزغالدى. ئۇ ھازىرقى جەمئىيەت كىشىنىڭ بىلىمگە چىقىپ قالغان يارىغا ئوخشايدۇ. بۇ دوختۇرنى چاقىرتىپ كېسىپ تاشلىمىغىچە ساقايمايدىغان يارا، دەيدۇ.

بېلىنىسكى 1822 - يىلى چېمبارا شەھىرىدىكى ئۈيېزدلىق مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى. بۇ مەكتەپتىكى كۆپلىگەن كىشىلەر ئۇنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشىدىكى كۆرۈمسىزلىكىنى ياراتماي زاڭلىق قىلىدۇ. لېكىن بېلىنىسكى بو كەمسىتىشلەرگە پەسەنت قىلماي ئۆگىنىپ، ئىلىم - پەن جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىنى نامايەن قىلىدۇ. شۇ مەكتەپتىكى لاچىنىسكو دېگەن كىشى بېلىنىسكىنىڭ ئىقتىدارىغا قايىل بولۇپ «مېنىڭ ئالدىمدا ياش بىر بالا تۇرۇپتۇ. ئۇ بالىنىڭ پېشانىسىدە ئۆتكۈر بىر نەرسە يالتىراپ تۇرىدۇ. ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكۈر نەرسىلەرنى نامايەن قىلىدۇ» يەنە «مەن سىنىپتىكى بالىلارنىڭ بىر مۇنچىسى بىلەن سۆھبەتلىشىپ سوئال قويسام ھېچ قايسىسى جاۋاپ بېرەلمىدى. ھېلىقى مەن كۆرگەن نۇرپېشانىلىق بالا سوئاللىرىمغا ئۆز جاۋابىنى بېرىشتىن تاشقىرى، باشقا كىتابلاردىن مىسال كەلتۈرۈپ جاۋاپ بەردى. مەن ئۇ بالىنى بېلىنىسكى دەپ ئاڭلاپ، بىر كىتاب تەقدىم قىلدىم» دەپ يازغان. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدىكى، ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇغاندا ئابستراكتنى يادچىلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى كىتابقا چوڭقۇر بېرىلىپ ئوقۇپ ئەتراپلىق تەتقىق قىلىدىغانلىقى ھەم تەدبىقلاش ئىقتىدارىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

1825 - يىلى بېلىنىسكى پېنزاراگىمنازىيىگە ئوقۇشقا كىردى. ياش بېلىنىسكى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا ئەدەبىيات كەسپىنى ياخشى كۆرۈپ، رۇس ئەدەبىياتىغا ھەۋەسمەن بولغان. 19 ئەسىرنىڭ ئۇلۇغ شائىرلىرى پۇشكىن، لېرمونتوۋ قاتارلىق يازغۇچى شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى مۇلاھىزە قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان ھەم شۇ زاماننىڭ ئالدىنقى تەنقىدچىلىرىدىن ر. ئا. پولېۋوي. ن. ئى. نادىژدىننىڭ ماقالىلىرى بىلەن تونۇشقان. ئىستېتىكا، تارىخ ۋە پەلسەپە، لوگىكا مەسىلىلىرىگە قىزىقىپ بېرىلىپ ئۆگىنىدۇ. بۇ جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكىنىڭ ئۈستۈنلۈكىگە قارىتىپ كىشىلەر ئۇنىڭغا لەقەمۇ قويغان. ئۇنى شۇ دەۋردىلا شېئىر يېزىشنى مەشىق قىلىشنى باشلىغان. بېلىنىسكىنىڭ ئىلگىرىلىشى تېز بولغانلىقتىن، پېنزاراگىمنازىيىسىنى تۈگەتمەستىنلا 1829 - يىلى كۈزدە موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات پاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىردى. بۇ پادىشاھ نىكولاي I نىڭ دىكابىرىستلار قوزغىلىڭىنى دەھشەتلىك باستۇرۇشىنىڭ 3 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

بېلىنىسكى بۇ يەرگە ئوقۇشقا كەلگەندىن كېيىن مەكتەپتىكى ئاز ن. ئى. نادىژدىن.

ۋە م. گ پاۋلوۋغا ئوخشاش پروفېسسورلار شۇنداقلا رۇسىيەنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئوقۇشقا كەلگەن ئا. ئى گېرتسېن، ن. م. ساتىن، م. ا. لېرمونتوۋ قاتارلىقلار ئۇيۇشتۇرغان ئەدەبىيات كرۇژوكى ۋە ئەدەبىيات كېچىلىكلىرىگە قاتنىشىپ پەلسەپە، ئەخلاق، تارىخ ۋە سەنئەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە قىزغىن بەس-مۇنازىرە ئېلىپ بارغان. ئۇ يەنە كىنو، تىياتىرلار ئۈستىدە چوڭقۇر مۇلاھىزە ئېلىپ بارغان ۋە «دىمىترى كالىنىن» دېگەن بىر سەھنە ئەسىرى يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر نەچچە قېتىم قويۇلغاندىن كېيىن ئالىي ئىدىيەۋى مەزمۇنى سېزىلىپ قېلىنىپ، پادىشاغا سادىق ئەمەلدارلار تەرىپىدىن «بۇ ئەسەر پادىشاھنى ئاغدۇرۇشقا قارىتىلغان دەپ ئېيىپلىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ غەزىۋىنى قوزغايدۇ.

بېلىنىسكى ئەمەلدارلارنىڭ كۆزىگە يامان كۆرۈنۈپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بېلىنىسكىنى مەكتەپتىن ھەيدەپ چىقىرىشقا بۇيرۇق بېرىلىدۇ. 1832 - يىلى سىنتەبىردە ئۆيگە قايتقان بېلىنىسكىگە تۇرمۇشتىكى مۇھتاجلىق يەنىلا باشلىنىدۇ. ئۇ روھىنى قامچىمۇ چۈشۈرمەي، ئۆگىنىش ۋە يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ، شۇنىڭدىن كىرگەن ئازغىنە كىرىم بىلەن تۇرمۇش كۆچۈرىدۇ. يازغان ماقالىلىرىنىڭ قەلەم ھەققى تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە بەلگىلىك ياردەم بېرىدۇ. 1833 - يىلى كۈزدە «تېلېسكوف» (1834 - 1836) ۋە «موسكوۋسكى نابليۇداتېل» (1838 - 1839) ژۇرناللىرىدا كېيىنرەك پېتىربۇرگدا كرايېۋسكى قول ئاستىدا چىقىدىغان «ئوتېچېستۋېننىي زاپىسكى» ژۇرنىلىدا، 1839 - يىلدىن باشلاپ 1846 - يىلىنىڭ سىنتەبىرىگىچە نىكراسوۋ ۋە پانايېۋلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، «سوۋرېمېننىك (1846 - يىلى دېكابىردا)» ژۇرناللىرىدا ئىشلەيدۇ. لېكىن بۇ ژۇرناللاردا ئىشلەۋاتقان چاغلاردا بولۇپمۇ «ئوتېچېستۋېننىي زاپىسكى» ژۇرنىلىدا ئىشلەۋاتقاندا تۇرمۇش شارائىتى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ ئۆزى: «ئەھۋال يامان، بۇرادەر، يامان، بۇنداق ھاياتتا ئادەمنىڭ ياشىغىسىمۇ كەلمەيدۇ. كۆڭلۈم سوۋۇغان، روھىممۇ چۈشكۈن، ئىشقا زادىلا قولۇم بارمايدۇ. رۇسىيە تۇرمۇشى مېنى قاتتىق ئەزمەكتە» دەپ يازغان. 1834 - يىلىنىڭ سىنتەبىردىن باشلاپ ھەپتىلىك ژۇرنال «مولوۋا» دا بېلىنىسكىنىڭ «ئەدەبىي خىيالەت فروزىدا يېزىلغان ئېلېگىيە» دېگەن ماقالىسى بۆلۈم - بۆلۈم بويىچە ئېلان قىلىنىدۇ. بۇ ماقالە ئاپتورنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، كۈچلۈك زېھنى قۇۋۋىتىنى تولۇق نامايەن قىلىپ، ئۇنىڭ شۆھرەت ئابرۇيىنى كۆتۈرىۋەتتى. ئۇلۇغ تەنقىدچىنىڭ شەخسى تۇرمۇشى دائىم تەڭقىسلىق ۋە قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتتى. كېيىنكى چاغلاردا يېزىش بارغانسېرى مۇشكۈللەشتى. ئۇ غەزەپلىنىپ: «رۇس ئەدەبىياتىنى بۇلغاپ مېنى ھاقارەتلەپ قىلىشىدۇ. ۋە رۇس ئەدەبىياتى توغرىسىدا يالغان - ياۋىداق سۆزلەرنى ئېيتىپ جېنىمنى قىينايدۇ.» دەپ تەزەپلەنگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئوتې-

چېستۋېننىي زاپىسكى» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇلى كىرايېۋسكىي بېلىنسكىينى رەھىمسىز ئىشلەتكەن. بېلىنسكىي گىرتسىنغا يازغان خېتىدە كىرايېۋسكىنى «ئادەمنىڭ قېنىنى ۋە جېنىنى شوراپ ئېلىپ كېيىن ئۇنى سۈيىنى سىقىۋالغان لىموندەك تالاغا ئىرغىتىپ تاشلايدىغان قانخور» دەپ ئاتىغان ئىدى. بېلىنسكىي 1848 - يىلى 26 - ماي كۈنى ئېغىر سىل كېسىلى بىلەن ۋاپات بولدى.

## بېلىنسكىينىڭ ئەدەبىي قاراشلىرى.

ئۇلۇغ تەنقىدچى بېلىنسكىي ئۆمرىدە نۇرغۇن ئەدەبىي تەنقىدىي ماقالىلار ۋە ئوبزورلارنى يېزىپ، 19 - ئەسىر رۇس ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى نەزەرىيە جەھەتتىن يورۇتۇپ بەردى. 19 - ئەسىر رۇس ئەدەبىياتىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى جان تىكىپ قوغدىدى، ئۇنىڭ 1834 - يىلى سېنتەبىردىن باشلاپ ئېلان قىلىنغان «ئەدەبىيات خىيالەت فروزىدا يېزىلغان ئېلىگىيە» دېگەن ماقالىسىدىن باشلانغان «شېكسپىر دىراممىسى گاملېت، «بورودىنوۋ جەڭلىرى توغرىسىدا ئۇچېركلار» «ئەقىل بالاسى» «م. لېرمونتوۋ شېئىرلىرى» «1841 - يىلىدا رۇس ئەدەبىياتى» «1842 - يىلىدا رۇس ئەدەبىياتى» «دېرژاۋىن ئەسەرلىرى» «1846 - يىلىقى رۇس ئەدەبىياتىغا بىر نەزەر» دېگەندەك چوڭ ماقالىلىرى ۋە «1847 - يىلىقى رۇس ئەدەبىياتىغا بىر نەزەر» «ئالېكساندىر پۇشكىن ئەسەرلىرى» (1844 - 1846) ئوخشاش ئاساسلىق ئەسەرلىري بار. «گوگولغا خەت» دېگەن ئەسىرى ئۇنىڭ تەنقىدى ماقالىلىرى ئىچىدە ئەڭ ئۆتكۈر ۋە مەشھۇر ماقالىلىرىنىڭ بىرى، بېلىنسكىي يۇقىرىقى ئەسەرلىرىدە رۇس خەلقى ۋە رۇس ئەدەبىياتىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن قايغۇردى. ئۇنى جان كۆيدۈرۈپ قوغدىدى. ئۇلۇق تەنقىدچى بېلىنسكىينىڭ ماقالىلىرى نەزەرىيە جەھەتتىن پىرىنسىپال مەسىلىلەرنى شەرھىلەپ چۈشەندۈردى. بۇنى بىز تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىدىن ئېنىق كۆرىمىز.

1. ئەدەبىياتنىڭ جەمئىيەتكە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا بولغان مۇناسىۋىتىنى توغرا ۋە چوڭقۇر ئىپادىلىدى. بۇ بىر تەرەپتىن، ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشىنىڭ لازىملىقىنى، ماتېرىيال تۇرمۇشتىن كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن تەسىرى، ئىدىيىۋى ئەھمىيىتىنى يۇقىرى باھالىدى. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئەدەبىيات يازغۇچىلارنىڭ بىكاردىن - بىكار خىيال سۈرۈشىدىن ۋۇجۇتقا كەلمەيدۇ، بەلكى تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ تەلەپلىرى بىلەن ئەركىن ئىلھام ئېلىشىدىن ۋە ئادەملەرنىڭ زور غەيرىتىدىن ھاسىل بولىدۇ. يەنە ئۇ: «ئەدەبىيات ئەلۋەتتە مىللىي روھنى، يەنى خەلق روھىنى ئەكس - ئەتتۈرۈشى، خەلقنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنى مۇجەسسەم شەك-

Altunoq

لىگە سىڭىشى ۋە خەلق يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايلىرىدا ياتقان ئارزۇ - ئارمان ۋە تىلەكلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىش لازىم»، دەيدۇ. ئۇ ئەدەبىياتنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن ئىدىيىۋى رولى توغرىسىدا سۆزلىگەندە مۇنداق دېگەن: «ئەدەبىيات خەلقنىڭ تەرەققىيات يولىغا قاراپ بېرىش يولىدا تەرەققىي قىلىدۇ ۋە خىزمەت قىلىدۇ ئىنسان ھاياتىنى ئالىي پەزىلەتلەرگە ۋە پاكى ئەڭ ياخشى مەزمۇنلارغا تولدۇرىدۇ.» بېلىنىسكى بۇ نۇقتىئىنەزەرنى ئىسپاتلاشتا، شائىر پۇشكىن بىلەن گوگولنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ پۇشكىن ۋە گوگولنى مىللىي ئەدەبىياتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگۈچى خەلق مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى شائىر، يازغۇچى دەپ كۆرسەتتى. پۇشكىننى ئۆز زامانىنىڭ پەرزەنتى، ھەقىقىي خەلق شائىرى، ۋەتەننىڭ مەنىۋى ھاياتى ۋە تەرەققىيات يولىدا جان كۆيدۈرگۈچى بىر كىشى دەپ ماختىدى. بېلىنىسكىنىڭ پۇشكىن ئىجادىيىتى ھەققىدىكى بۇ قارىشى ئۇنىڭ ئەدەبىياتقا قارىتا توغرا قاراشنىڭ تولۇق ئىسپاتى.

2. بېلىنىسكى بۇ ماقالىلىرىدا ئەدەبىياتنىڭ خەلقچىللىق مەسىلىسىنى ناھايىتى زور ھالقىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان. قۇدرەتلىك رۇس خەلقىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرىدىغان، رۇس تەرەققىيپەرۋەر جەمئىيىتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ماتېرىيال ۋە مەدەنىيىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلغان ئۇ مەدەنىيەت جۈملىدىن ئەدەبىياتنىڭ ھەقىقىي خەلقچىللىق دېگەننى ئالدى بىلەن دېموكراتىيە، رېئالىزم ۋە ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بېلىنىسكى 1835 - يىلىدىكى «رۇس قىسسىسى ۋە گوگول قىسسىلىرى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدا: «رېئال پوئېزىيە زامانىمىزنىڭ چىن ۋە ھەقىقىي پوئېزىيىسى، ھايات پوئېزىيىسى، ھەقىقەت پوئېزىيىسى» دېگەن. ئۇ پۇشكىن، گوگول ئىجادىيەتلىرىگە ئاساسلىنىپ: «خەلقنىڭ ھاياتىدىكى ئاساسىي مەسىلىنى ئىپادىلىگەن رېئالىستىك سەنئەتلا خەلق سەنئىتىدۇر» دېگەن. رېئالىستىك يازغۇچى ئۆزىنىڭ مەقسىتى، ئىستىكىنى خەلقنىڭ بەخت - سائادىتى، ئارزۇ - ئۈمىدلىرى، خەلقنىڭ ھايات تەقدىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەپ بېرىشى كېرەك دەپ كۆرسەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنىلا پۇشكىن ئىجادىنى مىسال كەلتۈرۈپ ئىسپاتلايدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن «پۇشكىن خەلق شائىرى. ئۇنىڭ خەلقچىللىقى شۇنىڭدىكى، ئۇ رۇس تۇرمۇشىنىڭ خاراكتېرى ۋە مەزمۇنىنى ھايات بىلەن مەھكەم باغلاپ، ھەقىقىي يوسۇندا ناھايىتى چوڭقۇر تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.» بېلىنىسكى پۇشكىننى يېڭى رۇس ئەدەبىياتىنىڭ ئاتىسى دەپ بىلىپ، ئۇنى ھازىرقى زامان ئۈچۈن ئىجات قىلىپ، كەلگۈسىگە يول ئاچقان ۋە شۇ سەۋەبلىك ئۆتمۈشتىكى تارىخىي شەخسلەر مۇيەسسەر بولالمىغان چىن يېڭىلىق شەخس ھېسابلايدۇ. بېلىنىسكىنىڭ بۇ قارىشىدىن ئەدەبىياتتا رېئالىزم بىلەن ئىنقىلابىي رومانتىـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زىمىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەشەببۇس قىلغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئۇ، جەھەتتە پاسسىپ كىلاسسىزدىم بىلەن ئەكسىيەتچى رومانتىزمغا قارشى تۇرىدۇ.

بېلىنىسكى، ئەدەبىياتنى دېموكراتىيىگە باشلاش تەشەببۇسىنى گوگولغا شۇنداقلا گوگول ئىجادىغا ئىبولغان باھا بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىزهار قىلغان ئىدى. ئۇ مۇنداق دېگەن: «گوگول كۆپىرەك سوتسىيال شائىر ئىدى. دېمەك، زامانىنىڭ روھى بىلەن ياشىغۇچى شائىر ئىدى» بېلىنىسكى ئۇنىڭغا زامانىنىڭ ئۇلۇغ رېئالىستى، جەمئىيەتنىڭ ئېيىپلىرىنى شەپقەتسىز پاش قىلغۇچى دەپ باھا بەردى. دېمەك، ئۇلۇغ تەنقىدچى بېلىنىسكى ئەدەبىياتتا خەلقچىللىق ۋە ئۇنىڭ مۇھىم ئىپادىسى رېئالىزىم تەلىپىنى پۈتۈنلەي تولۇق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. كېيىنرەك ئۇنى مۇكەممەل تەلىماتقا ئايلاندۇرىدۇ. ئۇ رېئالىزمنى سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ قارىغان. ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات سەنئىتىدىمۇ رېئاللىقنى توغرا، ھەققىي ئەكس ئەتتۈرۈش قاتتىق تەكىتلەنمەكتە. بۇ جەھەتتە بېلىنىسكىنىڭ ئەدەبىياتتىكى رېئالىزملىق تەلىماتىنى ئۆگىنىش، ئىجابىي تەدبىقلاش چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

(3) ئۇ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بەدىئىيلىكى مەسىلىسىنى، ئۇنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن ئاھايىتى زور ئەھمىيىتى بىلەن باغلاپ كۆرسىتىدۇ. «1847 - يىلىدىكى رۇس ئەدەبىياتىغا بىر نەزەر» دېگەن ماقالىسىدا مۇنداق يازغان: بىز سەنئەتنى ئاۋۋال سەنئەت بولۇشى كېرەك، دەپ ناھايىتى ئېتىراپ قىلىمىز، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ بىز تۇرمۇشنىڭ باشقا تەرەپلىرى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان، پەقەت ئۆز ھائىرىسىدە ھايات كۆچۈرىدىغان قانداقتۇر ساپ تۇرمۇشتىن يىراق سەنئەت توغرىسىدىكى پىكىر ماۋھۇم ۋە خىيالى بىر پىكىر دەپ بىلىمىز. بۇنداق سەنئەت ھېچ قەيەردە ۋە ھېچ قاچان بولغان ئەمەس.» ئۇ «سەنئەت سىياسىدۇر» دەيدىغان قاراشلارغا رەددىيە بېرىدۇ. ئۇ ھېمىشەم بەدىئىي شەكىل بىلەن ئىدىيىۋى مەزمۇننىڭ بىرلىكىنى تەشەببۇس قىلىپ بىرىنى يەنە بىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە ياكى ئايرىپ تاشلاشقا ئۇزۇل - كېسىل قارشى تۇرىدى. ئۇ مۇنداق يازغان: «تىلى، ئۇسلۇبى ياخشى بولۇپ، مەزمۇنى بولمىسا، پەقەتلا ياخشى دېمەيمەن. نۇرغۇن ئەسەرلەرنى سېلىشتۇرۇپ ئوقۇپ چىققىنىمدا ئوقۇغۇچىلارنى قىزىقتۇرىدۇ، زېرىكتۈرمەيدۇ. ئەمما مەزمۇنىدىن ھېچنەرسە چىقمايدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنى ئوتقا تاشلاش كېرەك» بەزى ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، لېكىن بەدىئىيلىكى تۆۋەن بولىدۇ. بۇ خىل ئەسەرلەر كىشىلەرنى قىزىقتۇرالمايدۇ. تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ. بەزى ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىيلىكى بىر قەدەر يۇقىرى بولسىمۇ مەزمۇنى گەۋدىلىك ئەمەس. بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ كىشىلەرگە چوڭقۇر ئىدىيىۋى ئەھمىيىتى يوق بولىدۇ. قىسقىسى،

مەزمۇنى شەكىل بىلەن بىرلەشمىگەن ئەھۋال ياخشى ئەمەس. بېلىنىسكى مانا مۇشۇ شۇنداق ئەھۋالنى قاتتىق تەنقىت قىلغان.

4. ئۇلۇق ئەدىب بېلىنىسكى نەزەرىيىۋى ماقالىلىرىدا ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى ھەر خىل ئېقىمشىلارغا، خاتا ئېقىم، خاتا ئىشلارغا قارشى تەنقىت يۈرگۈزۈپ، ئۇنى رەت قىلدى. بولۇپمۇ ئەدەبىياتتىكى ناتۇرالىزىملىق، دوگماتىزىم-لىق، پورمالىزىملىقنى ئاييماي تەنقىت قىلدى. ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە كوچالوك ئىجادىيلىقنى، جانلىقلىقنى، خىلمۇ - خىللىقنى تەشەببۇس قىلدى.

(2) ئۇنىڭ ماقالىلىرىدىن شۇنى ئېيتىراپ قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، بېلىنىسكى-نىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىگە قارىتا تونۇشى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ھا-دىسىلارغا بولغان تونۇشى بىلەن زىچ باغلانغان ھالدا ئەگرى - توقايلىق، مۇرەك-كەپلىكلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ تەرەققى قىلغانلىقىنى، ئاندىن بىر قەدەر مۇكەممەل ھالەتكە يەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ روھى ھالىتىدە 1837 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئېغىر مۇرەككەپلىك يۈز بېرىدۇ. يەنى ئۇنىڭ ئىدىيىسى ۋەقە-لىكلەرگە (رېئال ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە) نەپرەتلىنىشتىن ئۇنى قانۇن دەپ پۈتۈن-لەي توغرا تېپىشقا ئۆتىدۇ. ئۇ ۋەقەلىكلەرنىڭ ھەر قانداق خىلدىكى كۆرۈنۈشلىرىنى ئىجابىي نۇقتىدىن مۇلاھىزە قىلىشقا ھەركەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ دوست-لىرى بېلىنىسكىنىڭ بۇ دەۋرىنى ۋەقەلىك بىلەن كېلىشىش دەۋرى دەپ ئاتىغان. ئەنە شۇ نۇقتىئىنەزەردىكى دەۋردە مونارخىيىلىك ئىرادە ئۇسۇلىنى توغرا دەپ تونۇيدۇ. ئۇنى سىياسىي جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىپ ئۆزگەرتىشتىن يالتىيىپ پەقەت ئادەم-لەرنىڭ خۇلقى - مىجەزىنى يۇقىرى كۆتىرىش كېرەك، دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ. يەنى خەلقنىڭ ئەركىنلىكى، ھەر بىر ئادەمنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنىڭ ئەركىن بو-لۇشىدىن ھاسىل بولىدۇ ۋە شۇنىڭغا باغلىق دەپ قارايدۇ. گەرچە بۇ چاغدا كىر پوستنويلۇق تۈزۈمگە بولغان قارشىلىقنى يوشۇرالمىسىمۇ، روسىيەدە نەسەپ مىراس ئىگىلىكى بولمىغىنى ئۈچۈن، بىزدىكى دېۋوريانلار ئىنقىلابسىز، ئىچكى توپىلاڭسىز ئۆز ئۆزىدىن ھالاك بولۇپ كېتىدۇ دەپ قارىدى. دەل شۇ نۇقتىدا تۇرۇپ، «شكسپىر درامىسى - گاملېت» «بورودىنو جەڭلىرى توغرىسىدا ئوچېركلار» دېگەن ما-قالىلىرىدا روسىيە ۋەقەلىكىنى ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە ماختىغان. لېكىن بېلىنىس-كىنىڭ ۋەقەلىك بىلەن كېلىشىشتىن ئىبارەت بۇ خىل ئىدىيىسى 1837 - يىلدىن 1840 - يىلغىچە 3 يىل داۋام قىلغاندىن كېيىن تېزدىن ئۆزگەردى. ھەتتا شۇ سە-ۋەپتىن چىقارغان خاتا خۇلاسىلىرىدىن ئىنتايىن پۇشايمان قىلىدۇ. ئۇنىڭ خاتا نۇقتىئىنەزەرىنىڭ ئۆزگىرىپ توغرا تەرەپكە بۇرۇلۇشىدا لېرمونتوۋ، ۋە گوگول ئەسەر-

لىرىدە پاش قىلىنغان نىكولاي رۇسىيەسىنىڭ ئۇسۇل تەرتىپلىرىدىكى يامان تەرەپلەر يەنە بىر تەرەپتىن، كىرىتسىننىڭ توغرا يولغا باشلىشى رول ئوينىغان. بۇنىڭ ئىچىدىمۇ ئەڭ مۇھىم سەۋەب بېلىنسكىي ھاياتىدىكى جىددىي ئۆزگىرىش بولدى. يەنى ئۇ پادىشاھنىڭ پايتەختى بولغان پېتىربورگدا تۇرغان چېغىدىلا ئۇنىڭ تەسىراتى ھەقىقىي ئۆزگىرىپ، تۇرمۇش بىلەن تەسەۋۋۇر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقىنى ئاندىن تاپالىدى. ئۇ تۇرمۇشتىن سەسكىنىپ «رۇسىيە تۇرمۇشى مېنى قاتتىق ئەزمەكتە» دەپ يازغان ئۇ شۇندىن كېيىنلا ۋەقەلىك بىلەن كېلىشىش جەريانىدىكى خاتالىقىنىڭ ئېغىرلىقىنى تونۇيدۇ. ئۇ ئەمدى شەخسىي ھايات دائىرىسىگە چۈكۈپ قېلىشنىڭ يارىماسلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتىنى كەڭ ئىجابىي ئىشلارغا سەرپ قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇ گېگېل پەلسەپىسىنى رەت قىلىپ، ئۆز نەزەرىيىسىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مائارىپ سېپى پۈتۈن كەمچىلىكلەرنى يوق قىلىشقا قادىر بولغان قۇدرەتلىك بىر كۈچ، دېگەن خىياللىرىدىن ۋاز كېچىدۇ ۋە جەمئىيەتنى ئىنقىلاب يولى بىلەن باشقىدىن قۇرۇشنى چۈشىنىدۇ، دىئالېكتىكىنى، خىيالى سوتسىيالىزمنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

1843 - يىلدىن 1848 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا بېلىنسكىي ئىقتىدارى يۇقىرى پەللىگە كۆتىرىلىدۇ. ئۇ جەمئىيەتتىكى ئىپلاسلىقلارنى، دەھشەتلىك ھادىسىلەرنى تونۇپ، بۇنىڭدىن نارازى بولىدۇ. ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ. مەيلى رۇس دۋورىيانلىرى ۋە مەيلى رۇس بورژۇئازىيىسى بولسۇن، خەلق ئاممىسى ۋە پرولېتارىياتنىڭ بەخت - ئىستىقبالى ئۈچۈن بىر ئاپەت ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇنى ئىنقىلاب يولى بىلەن ئۆزگەرتىپ، قايتىدىن قۇرۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ بېلىنسكىي ماتېرىيالىزم ۋە ئىنقىلابىي دېموكراتىزم يولىغا ئۆتىدۇ.

(6) ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بولغان تونۇشى ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا زىچ باغلانغان ھالدا، ئەدەبىيات - سەنئەت مەسىلىلىرىگە بولغان قارىشىدىمۇ زور ئۆزگىرىش ئىلگىرىلەش بولدى. مەسىلەن: ئۇنىڭ ۋەقەلىك بىلەن كېلىشىش دەۋرىدە خىيال قىلىپ يۈرگەن «سەنئەت تۇرمۇشتىن ئالدىن تۇرىدۇ» دېگەن قاراشتىن ئۆزگىرىپ «تۇرمۇش سەنئەتتىن ئالدىن تۇرىدۇ» دېگەنگە تەرەققىي قىلىدۇ. يەنى ئۇ باشتا «سەنئەتنىڭ بىردىن - بىر مەقسىتى نەپىسلىك»، دەپ ھېسابلايتتى. ئەمدى بولسا گەرچە نەپىسلىك سەنئەتنىڭ زۆرۈر شەرتى بولسىمۇ، لېكىن شائىر پىكىر قىلماستىن ۋە تىپلارنى ئومۇملاشتۇرماي تۇرۇپ يۇقىرى سەۋىيىلىك بەدىئىي ئەسەر يارىتالمايدۇ - دەپ قارىدى.

(7) بېلىنسكىينىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىگە بولغان قاراشلىرى

تەرەققىي قىلىپ شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، سەنئەتنىڭ پارتىيىۋى روھتا بولۇشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى كېڭەيتتۇرۇپ ئۇنى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلدى. ئۇ: «پەقەت داھىي كىشى پارتىيىگە مەنسۇپ بولماسلىقى مۇمكىن چۈنكى داھىي كىشىنىڭ ئۆزى بىر بايراق بولۇپ، بۇ بايراق ئاستىغا دەررۇ ناھايىتى چوڭ پارتىيە توپلىنىدۇ.

پارتىيىگە مەنسۇپ بولماسلىقنى داۋا قىلغان كىشى ھەمىشە مۇتلەق ھەقىقەت-نى يالغۇز ئۆزى روشەن ۋە ئېنىق كۆرۈشىنى داۋا قىلىدۇ. باشقىلار بولسا بۇ مۇتلەق ھەقىقەتنى يوغان كۆرسىتىدىغان خىرە كۆز ئەينەك ئارقىلىق ئاختۇرۇپ يۈرۈيدۇ. دەپ كۆرسەتكەن.

(«بېلىنىسكى ماقالىلىرى» ئۆزبېكچە 51 - يىل تاشكەنت باسمىسى 24 - بەت»)

بۇ ماركسىزم كىلاسسىكلىرىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت تەلىماتىغا ئۇيغۇن بولۇپ، بۈگۈنكى ئەدەبىيات - سەنئەت مەسىلىلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە رېئال ھەم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

«گوگولغا خەت» بېلىنىسكى ئەدەبىي تارتىشلىرىنىڭ مۇھىم جەۋھىرى ۋە رۇس ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ پروگراممىسى. بۇ ماقالىدا گوگولنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ، ئىدىيە جەھەتتىن ناھايىتى چېكىنگەن ۋاقتىدا يازغان «دوستلار بىلەن يېزىشقان خەتلەر» دېگەن ئەسەردىكى خاتالىقلىرى تەنقىد قىلىنغان. گوگولغا خەت دېگەن ماقالە بېلىنىسكىنىڭ پۈتۈن ئىجادىيىتىدە، ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك سالاھ-ىيىتىدىكى مەشھۇر نامىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەر،

ئەسلىدە بېلىنىسكى گوگولنى يۇقىرى باھالاپ، ھۆرمەت قىلىپ كەلگەن، ئۇ، باشقا ماقالىلىرىدا گوگولنى «جەمئىيەتنىڭ ئېيىپلىرىنى شەپقەتسىز پاش قىلغۇچى» دەپ يازغان. بېلىنىسكى گوگولنىڭ ئەسىرىدە يول قويغان ئېغىر خاتالىقلارنى ئوقۇغىنىدا، غەزەپتىن ئەرۋاھى قاتتىق ھۆركۈپ كېتىدۇ ۋە ئۇنى رەھىمسىزلىك بىلەن تەنقىد قىلىشقا باشلايدۇ.

گوگولنىڭ ئەسىرىدىكى كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغان خاتالىقى نېمىدىن ئىبارەت ئىدى؟! گوگول بۇ ئەسىرىدە دىنىي نىقاپ بىلەن دېھقانلارنى ئالدايدىغان، كال-تەك، قامچا بىلەن دەھشەتلىك باستۇرىدىغان قانخور پومېشچىك، پوپلارنىڭ نا-ھەقلىق، ئەخلاقسىزلىقىنى «ھەقىقىي پەزىلەت» دەپ كۆككە كۆتۈرۈپ ماختىغان ئىدى. رۇس روھانىيلىرىنى، ئادەمخور پومېشچىكلارنى، پادىشاھ ھاكىمىيىتىنى گۈزەللەشتۈرۈپ كۆرسەتكەن. رۇس ئەمگەكچى خەلقىنى، دېھقانلىرىنى «يۇيۇقسىز بەندىيەت» ھەر — بىر كىشى لاتا-پۇتا بولۇپ قالىدۇ» دەپ ھاقارەت قىلغان. دېھقانلارغا خوجايىنلار-نىڭ ئالدىدا يۇۋاش بولۇش، ئىتائەت قىلىشنى ۋەز — نەسىھەت قىلغان. ئۇلارنى مەڭگۈ نادانلىقتا، قۇللۇقتا قالدۇرىدىغان ئىدىيىسىنى تەرغىپ قىلىپ، «ئاددىي خەلققە خەت - ساۋادنىڭ پايدىسى ئەمەس پەقەت زىيىنى تېگىدۇ» دېگەن. ئۇلۇغ تەنقىدچى بېلىنىسكى گوگولنىڭ خەلق دۈشمەنلىرىنى ماختاپ، خەلقنى ھاقارەت-لىگەن بۇخىل ئەكسىيەتچى ئىدىيىسىگە خەلق مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ نەپرەت بىلە-



AltunOq

ھۆرىدۇ، غەزەپلىنىدۇ. بېلىنىسكى گوگول ئىجادىيىتىدىكى بۇ خاتالىقلارنى كۆرگەن چاغ-
دا روھى كەيپىياتى قانداق بولغانلىقىنى خەتتە مۇنداق يازغان: «كىشىنىڭ ئىززەت
نەپسى ھاقارەت قىلىنسا، بىرمۇنچە تاقەت قىلىش مۇمكىن ۋە ئەگەردە سۆز شۇ
مەسىلە ئۈستىدە بارغىنىدا بۇ توغرىدا ئۈن چىقماي تۇرۇۋېلىشقا مېنىڭمۇ ئەقلىم
يېتەتتى. ئەمما، ھەقىقەت ۋە ئىنسانلىق پەزىلىتى ھاقارەت قىلىنغاندا بۇنىڭغا
تاقەت قىلىپ بولمايدۇ. يەنە «ئەگەردە سىز مېنىڭ ھاياتىمغا سۇيىقەست قىلغى-
نىڭىزدىمۇ مەن سىزگە بۇنچىلىك نەپرەت بىلەن قارىمايتتىم. ئەمما بۇ شەرمەندىلەر-
چە يېزىلغان قۇرلار ئۈچۈن سىزگە نەپرىتىم ئىنتايىن كۈچلۈك». دەپ يازدى.

بېلىنىسكى گوگولنىڭ بۇ ئەسىرىدىكى «رۇس خەلقى ھۆكۈمدارلىرى بىلەن ھەمىشە مېھرىباندۇر» دەپ ماختاشلىرىنى تەنقىت قىلىپ: مۇستەبىت ھۆكۈمەتنىڭ ئەملاكى جامالىنى تاماشا قىلىپ خۇشتار بولۇپ يۈرۈشنى ۋىژدانىڭىزغا خەۋەر قىلىمەن، (مۇستەبىت ھۆكۈمەت يۈزۋاشتۇر ۋە ئىپتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ سىزگە مەنپەئەتى بار ئىدى) «بۇ ھۆكۈمەتنى پەقەت پەراقەتنىڭ گۈزەل جايىڭىزدا تۇرۇپ ئېقىل بىلەن تاماشا قىلىمۇردىلىق يېقىمىندىن قارىغاندا ئۇ، ئۇنچىلىك گۈزەلمۇ، ئۇنچىلىك خەتەرسىزمۇ ئەمەس» دەپ يازىدۇ. بۇ چاغدا گوگول چەتئەلدە ئىدى. «سىز يىراقتىكى بۇ گۈزەل جايدا تۇرىدىكەنسىز، كۆرمەكچى بولغان نەرسىڭىزگە تامامەن يات بولۇپ ياشايسىز. پەقەت ئۆزىڭىزنى بىلىسىز» بېلىنىسكى بۇ يەردە گوگولنىڭ چەتئەلدە ئۇزاق تۇرۇپ رۇسىيە تۇرمۇشىدىن ئايرىلغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈنلەي تەتۈر سىزىققا ئاپ خاتا قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن. بېلىنىسكى مۇنداق دەيدۇ:

«رۇسىيە قورقۇنۇشلۇق مەنزىرە مەملىكىتى بولۇپ بۇ يەردە ئادەم بۇيرۇقلۇق قىلىشىدۇ. «شەخسىنى نومۇسنى ۋە مۈلۈكنى ئادەمنى ساقلاش يوقلىقى ئۇياقتا تۇرسۇن ھەتتا بولتىسىيە تەرتىپمۇ يوق. بۇنىڭدا پەقەت تۈرلۈك خىزمەتتە بولغان ئوغرىلار ۋە بولاڭچىلار توپلانغان، چوڭ-چوڭ شىركەتلەر بار» دەپ يازىدۇ. بېلىنىسكى خەتتە رۇس خەلقى بىلەن مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر زىددىيەتنى پاش قىلىش ئارقىلىق، گوگول ئەسىرىدىكى ساختا مەھرىبانلىقنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ كۆرسەتتى.

بۇ چاغدىكى ئاساسىي قارىمۇ — قارشىلىق كىرپوستنويلۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىش بىلەن بۇ قانۇننى ساقلاپ قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ كەسكىنلىكىنى كۆرسەتتى. پومېشچىكلارنىڭ ئۆز قارمىقىدىكى دېھقانلارنى بۇلاپ — تالاپ كالتەكلىشى دېھقانلارنىڭ غەزەپ بىلەن ھەر يىلى نەچچە يۈزلىگەن پومېشچىكلارنى چېپىپ ئۆلتۈرۈپ قېچىشلىرىنى يوشۇرۇپ ئۇنى قانداقمۇ ئۆز ھۆكۈمدارلىرى بىلەن «مېھرىبان» دەپ پەدەزلاشقا بولسۇن، دەيدۇ.

دېھقانلار تەلىم — تەربىيە كۆرمىگەن. تەلىم — تەربىيە ھاجەتسىز يۇيۇق—

سىز بەدىنىيەت دېگەن ھاقارەت بىلىنىسكى تەنقىدىنىڭ ئەڭ مۇھىم نوختىلىرىدىن بىرى بولدى. گوگولنىڭ ئەسىرىدە دېھقانلارنىڭ تەلىم تەربىيىگە ئىگە بولۇش، بولماسلىقى — پومىشچىكلارنىڭ قولىدا بولۇشقا باغلىق بولارمىش، پومىشچىكلارغا تازىم قىلماي قارشى چىققانلار تەلىم — تەربىيە ئالمىغانلار بولىدىكەن. بىلىنسكى بۇنىڭغا ئىنتايىن غەزەپلىنىپ تەنقىت قىلغاندا «دېھقانلار سېنىڭ دېگىنىڭدەك، پاسكىنا، مەينەت بولسۇنمۇ دەيلى، بۇنى دېھقانلارغا ئارتىشقا بولمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى يەنە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى خوجايىنىنىڭ ئۆزىدۇ. ئۇلار كىچە — كۈندۈز دېھقانلارنى بىكار قويماي تىل ھاقارەت، دەشنەم بىلەن ئىشلىتىدۇ. ئۇلارغا پاكىزلىك قىلىدىغان، ئارام ئالىدىغان ۋاقىت بەرمەيدۇ. ئەڭ پاسكىنا ئېغىر ئىشلارغا سالىدۇ. ئۆزلىرى بولسا ئىش قىلمايدۇ. بۇنداقتا ئېيىپ دېھقانلاردا ئەمەس، بۇنىڭغا پومىشچىك جاۋاپ قىلىش لازىم. سىزنىڭ بۇ مەسىلىگە قاراشتا ئەقلىڭىز گەدىنىڭىزگە چىقىپ قاپتۇ، دەپ تەنقىت قىلىدۇ.

گوگول ئەسىرىدىكى خەلققە مەدەنىيەت ئۆگىتىش دېگەن سۆز — پۇتىغا پالتا چېپىش بىلەن باراۋەر. ئەگەر ھەممەكىشى بىلىملىك بولۇپ كەتسە، موللامنىڭ ئىتىۋارى قالمايدۇ. دېگەندەك مەزمۇنلارنى بىلىنسكى تەنقىت قىلغاندا: «سەن ھەممە كىشىنى جاھالەت زىندانىغا تاشلىماقچى بوپسەن. كاتولىك دىنىدا بالىلارنى ٧ ياشتا مەكتەپكە بېرىپ خەت ئۆگىتىش دەيدۇ. سە خەت ئۆگىتىشكە قارشى چىققان ئىكەنسەن ئۆز دىنىڭگە قارشى چىققىنىڭ ئەمەسمۇ؟!» دەپ دوميالايدۇ.

گوگولنىڭ رۇسىيەدىكى سودا ۋە جازا توغرىسىدا ئېيتقان: داۋالاشقان ئىككى تەرەپنىڭ ھەر ئىككىسىنى جازالاش كېرەك دېگەن تەشەببۇسىنى تەھلىل قىلىپ، ئىنتايىن غەزەپلىنىدۇ. بىلىنسكىنىڭ تەھلىلىدە پومىشچىك بىلەن پومىشچىك ئۇرۇشۇپ، داۋالىشىپ قىلىش يوق گەپ، لېكىن كۆپرەك دېھقانلار بىلەن پومىشچىكلار ئوتتۇرىسىدىكى داۋا بار. دېھقانلارنىڭ پومىشچىكنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى تۇرىشى بۇ زور داۋا. قانۇن يەنىلا دېھقانلارنى ئەيىپلەپ، ئۇنى جازالايدۇ. گۇناكارنى ئاقلايدۇ. ھەر ئىككى تەرەپنى جازالاش دېگەن سۆز بۇ بىر پەردىدىن ئىبارەت. مۇشۇ نوقتىدىن تۇرۇپ بىلىنسكى بۇ تەشۋىقاتنى قاتتىق تەنقىت قىلىدۇ. ۋەسوكىدۇ.

خەتتە بىلىنسكى تەنقىت قىلغان يەنە بىر نوقتا يوۋاش بولۇش «ئىتائەت قىلىش» توغرىسىدىكى ۋەز — نەسىھەتتىن ئىبارەت. بىلىنسكى بۇ نوقتىنى تەنقىت قىلغاندا بىرىنچىدىن يېڭىلىق ئەمەس، بۇ ۋەزىنەسىھەت سپومىشچىك ۋەدىنى تونغا ئورالغان بەزى كىشىلەرنىڭ كونا كىتابلىرىدىن تېرىۋالغان نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئادىمگەرچىلىك شەنىگە شەرمەندىچىلىك كەلتۈرۈپ، پەرگە ئۇرۇش سىزلىپ تۇرۇپتۇ. قانداقتۇ نامەلۇم ھەم يوۋاشلىق ئىتائەن بولۇش،

www.uyghurkitap.com

خىيالى غورۇرلۇق ياكى ئەقەللىسى پەسكە شىلتىكنىڭ نەتىجىسى بولۇش مۇمكىن، بۇ ھالنىڭ ئىككىلىسى مۇناپىقلىق، ئىككى يۈزلىمىلىك، نەيدەڭۋازلىقتا ئىبلىپ بارىدۇ خالاس، دەپ تەنقىت قىلىدۇ. گوگولنىڭ يوۋاشلىق، ئىتائەتمەنلىكنى تەرغىپ قىلىشى ئەمگەكچى خەلقنى مۇستەبىت تۈزۈمگە، ئىكسپىلاتاتسىيىگە قوللارچە بويسۇنۇشنى، قارشىلىق قىلماسلىقنى تەشەببۇس قىلغان ئەكسىيەتچى نەسىھەت. ئىكسپىلاتاتورلارنىڭ ئەزەلدىن خەلققە قارىتا بىر تەرەپتىن ئالداش، يوۋاشلىق ئىتائەتمەن بولۇش ياكى بولمىسا زورلۇق — زومبۇرلۇق، كالتەك قامچىدا باستۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئېزىپ كەلگەن. دېمەك گوگولنىڭ بۇ يەردىكى تەشەببۇسى ياكى نەسىھەتى بىۋاستە ئىكسپىلاتاتورلار سىنىپىغا يان بېسىپ دېھقانلارنى مەڭگۈ قۇل بولۇشقا ئۈندەشتىن ئىبارەت ئىدى. بېلىنسكىي مۇنداق ۋەز نەسىھەتكە غەزەپلىنىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىنسان بىلەن چىركاۋنى شىپى كەلتۈرۈپ، ۋەھشى پومىشچىككە دېھقانلاردىن تولاراق پۇل يۇلۇپ ئېلىشنى ئۆگىتىدۇ.» ۋە دېھقانلارنى تېخىمۇ قىسىم بەدنىيەت دەپ تىللايدۇ. دېمەك: بۇ ھال مېنى غەزەپكە كەلتۈرەلمەسلىكى مۇمكىنمىدى؟... يىغىپ ئېيتقاندا، بېلىنسكىينىڭ «گوگولغا خەت» ئەسىرى خەلق ۋە ۋەتەننى سۆيۈش، خەلق دۈشمەنلىرىگە قەتئىي كۈرەش قىلىشنى ئۆگىتىدىغان جەڭنامىدۇر. بۇ خەت يالغۇز گوگولغىلا ئەمەس بەلكى شۇ دەۋردىكى بارلىق ئىككىلىنىپ تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۆتكۈر ساۋاق بولدى.

ئۇلۇغ پىرولېتارىيات داھىيسى لېنىن «گوگولغا خەت» دېگەن ئەسەرگە يۇقىرى باھا بېرىپ مۇنداق دېگەن: «بېلىنسكىينىڭ ئەدەبىي پائالىيىتىنىڭ يەكۈنى بولغان «گوگولغا خەت» دېگەن مەشھۇر ئەسىرى سىنزۇرسىز ① چىققان دېموكراتىك مەتبۇئاتنىڭ ياخشى ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپ بۇ ئەسەر ھازىرقى ۋاقىتقىچىمۇ ناھايىتى چوڭ ۋە ئەمەلىي ئەھمىيىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە.» ئۇلۇغ تەنقىدچى بېلىنسكىي بۇ خەتتە كىرپوستنويلىق تۈزۈمنى قاتتىق پاش قىلىپلا قالماستىن، بۇ تۈزۈمنىڭ ماھىيىتىنىمۇ ئېچىپ تاشلاشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ 1840 يىللاردىكى ئىلغار رۇسىيىنىڭ جەڭگىۋار خىتاپنامىسى» دەپ باھالىنىپ كەلمەكتە، بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلىشىمىز لازىمكى. گوگولنىڭ تەنقىت قىلىنغان خاتالىقى بېلىنسكىي خېتى بىلەن يازغۇچىنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىنى تۆۋەنلىتىۋەتكەنلىك ياكى يوققا چىقىرىۋەتكەنلىك بولمايدۇ، ئۇلۇغ يازغۇچى گوگولنىڭ نامى «تاراس بولبا» «رېۋىزور» «ئۆلۈك جانلار» غا ئوخشاش مەشھۇر ئەسەرلىرىنىڭ نامى بىلەن ساقلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۆمرىدە ئۆتكۈزگەن بىرەر خاتالىقى ھەممە ئەمگەك نەتىجىسىنى يوققا چىقىرىۋەتمەيدۇ. بېلىنسكىينىڭ تەنقىدىمۇ يازغۇچىنىڭ كىشىلەر يۈرەك قېتىدىن ئورۇن ئالغان ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتىنى ساقلاپ قېلىش، يازغۇچىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان.

# كۆك تۈرك خاقانلىقى

**تۇرغۇن ئالماس**

## تۈرك خاقانلىقىنىڭ تەشكىل تېپىشى

### 1- تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى

تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرى ئەڭ قەدىمكى چاغلاردا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن بۆشۈكلىرىدىن بىرى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادا، ئارال كۆلىنىڭ شىمالىدىن تارتىپ ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىگىچە، غەربتە بولسا يايىق (ئورال) دەرياسىنىڭ بويلىرىغىچە بولغان رايونلاردا ياشىغان ئىدى. يېقىنقى يىللاردا، «ئاناۋ مەدەنىيىتى» دەپ ئاتالغان قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلدى. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سوۋېت ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى تەرىپىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدا ئاشقاباد (تۈركمەنىستاندا) يېنىدىكى ئاناۋ خارابىسىدىن تېپىلغان. ئاناۋدىن تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدە يېڭى تاش دەۋرى بىلەن بىرونزا دەۋرىگە ئائىت قوراللار، مىس ۋە تۆمۈر قوراللىرى دەۋرىگە ئائىت قوراللار، كولالۇك قاچىلار بار. ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى: «ئاناۋ مەدەنىيىتى» بۇندىن 9 مىڭ يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ، بۇندىن 6 مىڭ يىل بۇرۇنقى چاغقا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنى تۈركلەر ياراتقان دەپ قىياس قىلماقتا. «ئاناۋ مەدەنىيىتى»، ئوتتۇرا ئاسىيادا، مىلادىيىدىن 4000 يىل بۇرۇن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ مەلۇم سەۋىيىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ھۆكۈمنى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تەرىپىدىن 1979- يىل لوپنۇردىن تېپىلغان ئايال دەپن قىلىنغان قەۋرىدىن چىققان بوغداي ۋە باشقا يۇڭ توقۇلما بۇيۇملارمۇ تولۇق ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى لوپنۇردىن تېپىلغان ئايال جەسىدىنىڭ بۇندىن 6414 يىل بۇرۇن دەپن قىلىنغانلىقىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئورۇنلىرى بېكىتكەن.

گېئولوگىيە تەكشۈرۈشلىرىنىڭ مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، بۇندىن 8 مىڭ يىللار بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ، تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرى تەرەپ-تەرەپكە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. شۇنداق كۆچۈشلەر ۋاقتىدا، بىر قىسىم تۈركلەر ئالتاي ۋە بايكۆل (بايقال) ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن. ئۇلار شۇ جايلاردا،

ئۇيغۇر كىتاب ئورنىكى www.uyghurkitap.com

سىبىرىق تەۋەلىكلەرگە مەنسۇپ بولغان موڭغۇللارنىڭ ئەجدادلىرى بىلەن ئۇچراشقان. مانا شۇ ئاق تەۋەلىك تۈركلەر بىلەن سىبىرىق تەۋەلىك موڭغۇللار ئۇزۇن زامان قوشنا بولۇپ ياشاش نەتىجىسىدە، بىر - بىرى بىلەن ئارىلىشىپ (نىكاھلىشىپ) كەتكەن. ئالتاي دەۋرىدە، تۈرك ۋە موڭغۇلدىن ئىبارەت ئىككى ئىرقنىڭ ئارىلاشمىسىدىن تۈركلەرنىڭ يېڭى بىر نەسلى پەيدا بولغان، لېكىن تۈركلەر مەدەنىيەت جەھەتتىن موڭغۇللارغا نىسبەتەن يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، قان سىستېمىسى ۋە تىل، ئۆرپ ئادەت جەھەتلەردە ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئېتنىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قالغان.

تۈركلەر ئەجدادىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئالتاي ۋە بايقال ئەتراپلىرىغا كۆچىشى مىلادىدىن 7 ئەسىر بۇرۇنقى چاغلاردا يەنە يۈز بەرگەن بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئىران ۋە تاجىكلارنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ئۇبۇلقاسىم فىردەۋسى (مىلادىنىڭ 934- يىلىدىن 1020- يىلىغىچە ياشىغان) نىڭ «شاھنامە» داستانىدا، تۇران خاقانى ئاپراسىياپ بىلەن ئىران ئەھمانىلار سۇلالىسى (مىلادىدىن 700 يىل بۇرۇنقى چاغدىن- مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ شەھەنشاھى كەيكاۋۇس ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشلارنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالىدۇ. مەھمۇت قەشقىرى: «تۈركى تىللار دىۋانى» دا، ئالىپ ئەرتۇڭا، دەپ ئاتىغان ئاپراسىياپ تۇران دۆلىتىنىڭ ناھايىتى كۈچەيگەن دەۋرىدىكى ھۆكۈمدارى ئىدى. ئىران ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ شەھەنشاھى كەيكاۋۇس ئالىپ ئەرتوڭانى ئالتايغىچە قىستاپ بارغانلىقى مەلۇم. تۇران خاقانى ئالىپ ئەرتوڭا، مىلادىدىن 624 يىل بۇرۇن ئىرانلىقلار بىلەن بولغان بىر ئۇرۇشتا، (ئەزەربەيجاندا) ئۆلگەن. مىلادىدىن 529 يىل بۇرۇن ساكلار («شاھنامە» دىكى تۇرلار) نىڭ خانى (ئالىپ ئەرتوڭانىڭ ۋارىسلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن) تومارىس (ئەسلى ئىسمى تۈمەر) ئىران شەھەنشاھى قومبىز بىلەن ئۇرۇشقان. مەلىكە تومارىس مىلادىدىن 521 يىل بۇرۇن قومبىزنى ئۆلتۈرگەن. مەھمۇت قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا، مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇن ئىسكەندەرگە قارشى ئۇرۇشقان تۈرك خانىنى تىلغا ئالىدۇ. مانا شۇ تۈرك خانى ئىسكەندەر بىلەن زاماندىش بولغان «شۇ» بولسا كېرەك. ئىسكەندەر ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرگەندە، تۇرانلىقلار (ساكلار) نىڭ «شۇ» ئاتلىق خانى بار ئىدى. يۇقىرىدىكى تارىخىي ۋەقەلەرگە ئاساسلانغاندا مىلادىدىن 7 ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 4 ئەسىر بۇرۇنقى چاغقىچە بولغان دەۋردە تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرى يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئالتاي ۋە بايقال ئەتراپلىرىغا كۆچكەن دەپ قىياس قىلىش مۇمكىن.

«تۈرك» سۆزىنىڭ مەناسى قۇۋۋەتلىك - كۈچلۈك دېمەكتۇر. مانا شۇ نام قەدىمكى چاغلاردا، مەلۇم تارىخىي شارائىتتا پەقەت ئالتايدا ياشىغان تۈركلەرنىڭلا نامى بو-

لۇپ ئىتتىنىڭ مەناغا ئىگە ئىدى. كۆك تۈرك خاقانلىقى تەشكىل تاپقان چاغدا بولسا (6- ئەسىردە) «تۈرك» سۆزى؛ تۈركچە تىلدا سۆزلىشىدىغان، خىلمۇ - خىل ئىرقىقا مەنسۇپ (قىتانلار، ئاۋارلار - تۈركلەشكەن موڭغۇل، سىيانپىلارنىڭ ئەۋلادى ئىدى) خەلقلەرنىڭ ئورتاق نامى بولۇپ قالدى. مانا شۇ چاغدىن باشلاپ «تۈرك» سۆزى ئىتنىڭ مەناغا ئىگە بولماي، بەلكى تۈركچە تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ سىياسىي بىرلەشمىسىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇغا ئايلاندى.

«تۈرك» دېگەن نامنى ئەڭ دەسلەپ يۇنان ۋە روما تارىخچىلىرى مىلادىيەدىن 5 ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن باشلاپ تىلغا ئېلىشقا باشلىغان. يۇنان تارىخچىسى ھىرادوت (مىلادىدىن 5 ئەسىر بۇرۇن ياشىغان). تۈركلەرنى «يۇركائى» دەپ ئاتىغان بولسا روما تارىخچىسى فىلىنوس سىچىندوس (مىلادىنىڭ 23- يىلى تۇغۇلۇپ 79-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) ۋە فومفىينىئوس مىلا (مىلادىنىڭ بىرىنچى ئەسىردە ئۆتكەن). «تۇركائى» دەپ يېزىشقان. مانا شۇلار تىلغا ئالغان تۈركلەر، ئىدىل (ۋولگا) يايىق (ئورال) دەريالىرىنىڭ ئارىسىدا ياشىغان تۈركلەرنى كۆرسىتىدۇ.2 جۇڭگونىڭ تارىخىي يىلنامىلىرىدىن «جۇ سۇلالىسى يىلنامىسى» دا، تۈرك، دېگەن نام ھىرادوتتىن 1100 يىل كېيىنلا تىلغا ئېلىندى.

تۈركلەر، ئىنتايىن ئۇرۇشقاق، ئوۋ خۇمار، ئاتنى ياخشى كۆرىدىغان خەلق ئىدى. «تۈرك ئاتقا مىنسە ئاتىسىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.» دېگەن ماقال بار ئىدى. تۈركلەر كۆك تۈرك خاقانلىقىنى قۇرغىچە، ھونلارغا، سىيانپىلارغا، ئاۋارلارغا بېقىنىپ ياشىغان ئىدى.

## 2- تۇمەنخان

4- ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 5- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئالتاي تۈركلىرى ئېگىزدىن باش كۆتەرگەن ئاۋارلاردىن ئىبارەت يېڭى دۈشمەنگە دۇچ كېلىدۇ. ئاۋارلار ئۆزىنىڭ مەشھۇر خاقانى تولۇنخان I نىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاۋار خاقانلىقى (مىلادىنىڭ 394- يىلىدىن 551- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نى قۇرىدۇ. ئاۋارلا ئەسلىدە تۈركلەشكەن سىيانپىلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ناھايىتى قالاق خەلق ئىدى. مىلادىنىڭ 400- يىلى ئاۋار خاقانى تولۇنخان شەرقىي ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرۇپ ئالىدى، شۇندىن باشلاپ ئاۋارلار كۈچىيىشكە باشلىدى. ئاۋارلا، مىلادىنىڭ 440- يىلى ئۈتى خاقانىنىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 431- يىلىدىن 444- يىلىغىچە) ئالتايدىكى تۈركلەرنى بويسۇندۇردى. ئالتايدىكى تۈركلەر قەدىمكى چاغدىن تارتىپ پۇلات تاۋلاپ خىلمۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خىل ئۇرۇش قوراللىرىنى (نەيزە، قىلىچ، ساۋۇت، دولغا، ئۇمۇت، قالقان، ئوقيا) ياساشقا ناھايىتى ئۇستا ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئالتۇندىن تۈرلۈك سايمانلار (ئالتۇن تەخت، ئالتۇن تۇۋرۇك، ئالتۇن ئاياق — ئالتۇن جام، ئالتۇن چۆچەك، ئالتۇن ئۈزەڭگە، ئالتۇن يۈگەن، ئالتۇن يىڭنە، ئالتۇن جۇۋالدۇرۇز، ئالتۇن ھەرەش، ئالتۇن ئەينەك، ئالتۇن قەدەھ، ئالتۇن چۆگۈن قاتارلىقلار) ۋە ئالتۇندىن ياسالغان زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرى (ئالتۇن تاج، ئالتۇن كەمەر، ئالتۇن ئۇلەنغات، ئالتۇن ساقا، ئالتۇن چىكە گۈل، ئالتۇن بىلەيزۈك، ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن چاپانقاتارلىقلار) نىمۇ ياساشقا ئۇستا ئىدى. مىلادىدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن ئالتاي تۈركلىرى ياسىغان تۈج ۋە ئالتۇن پىچاقلار قاتارىدا، ئۈزۈك ۋە بىلەيزۈكلەرمۇ بولغان.4 ئاۋارلا مىلادىنىڭ 440- يىلى ئالتايدىكى كۆك تۈركلەر (ئىلاھى تۈركلەر مەنىسىدە) نى بويسۇندۇرۇپ ئالغاندىن باشلاپ، ئۇلارنى ئاۋار قوشۇنلىرىنى ئۇرۇش قوراللىرى بىلەن تەمىنلەشكە ۋە ئاۋار بەگلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك، ئەيشى - ئىشرەتلىك تۇرمۇشىغا كېرەك بولىدىغان ئالتۇن سايمانلار، ئالتۇندىن ياسالغان زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇرلىغان، ھەتتا ئاۋار خاقانلىرى تۈركلەرنى «تۆمۈرچى قۇللىرىم» دەپ ھاقارەتلىگەن. ئەنە شۇنداق ئېزىلىش ۋە خورلۇققا چىدىمىغان كۆك تۈركلەر، ئاۋار خاقانلىقىنى يوقىتىپ، مۇستەقىل كۈچلۈك كۆك تۈرك خاقانلىقىنى قۇرۇشقا بەل باغلىغان.

تۈركلەر مۇنداق ئۇلۇغ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن شەرت - شارائىت ھازىرلاشقا ۋە مۇۋاپىق بىر پەيتنى قولغا كەلتۈرۈشكە كىرىشكەن. دېگەندەك تۈركلەرنىڭ بەختىگە، مىلادىنىڭ 487- يىلى شەرقىي ئۇيغۇرلار، ئاۋار خاقانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاي ئوجرۇ ۋە چۈنچى ئاتلىق خانلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مۇستەقىل ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. بۇ خانلىق جۇڭگونىڭ تارىخىي يىلنامىلىرىدا ئىگىز ھارۋۇلۇقلار خانلىقى» (高车王国) دەپ ئاتىلىدۇ. ئاي ئوجرۇ بىلەن چۈنچى مىلادىنىڭ 487- يىلى ئاۋارلاغا قارشى ئىسيان كۆتەرگەن شەرقىي ئۇيغۇرلاردىن 120 مىڭ ئائىلىنى (6 يۈز مىڭ جان) باشلاپ غەربكە بۇرۇپ ئالتاي تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىيدىكى تۇرپان، قاراشەھەر قاتارلىق جايلارغا كېلىدۇ. ئۇلار شۇ جايلاردىكى قېرىنداشلىرى بولغان غەربىي ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ 60 يىل ھۆكۈم سۈرگەن (مىلادىنىڭ 487- يىلىدىن 546- يىلىغىچە) ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرىدۇ. بۇ خانلىقنىڭ پايتەختى ھازىرقى ماناس ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىنىڭ شەرقىي قۇمۇلنىڭ شەرقىغىچە، شىمالىي ئالتاينىڭ جەنۇبىغىچە، غەربىي ئىلى ۋادىسىنىڭ شەرقىغىچە، شەرقىي جەنۇبىي لوپنۇر

كۆلىنىڭ جەنۇبىغىچە، غەربىي جەنۇبىي بوگۇرگىچە سوزۇلغان ئىدى. ئاي ئوجرو، ئاۋار خاقانى تۇلۇن خان II (485—492) نى جەنۇبىي ئالتايدا بولغان ئۇرۇشتا تارمار قىلغاندىن كېيىن، تۇرپان خانلىقى، قاراشەھەر خانلىقى، لۇلان خانلىقى، (لوپنۇر ئەتراپىدا) قاتارلىق خانلىقلارنى ئاۋارلاردىن تارتىپ ئالدى. لوپنۇرنىڭ جەنۇبىدىكى چەرچەن خانلىقىنىمۇ تۇيغۇنلار (تىبەت خانلىقى) نىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىپ، ئۇيغۇر خانلىقى تەركىبىگە قوشقان ئىدى.

يېڭى قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقى كۈچلۈك ئىككى دۈشمەنگە دۇچ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ بىرى ئاۋار خاقانلىقى بولسا، يەنە بىرى ئاق هون ئىمپېرىيەسى ئىدى. ئاۋار خاقانلىقى (مىلادىنىڭ 394- يىلىدىن 551- يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن) ئۆزلىرىنىڭ تولۇنخان I (394—410) خولىيئو خاقان (410—414) پولوچىن خاقان (414—414)، تالان خاقان (414—431)، ئۇتى خاقان (431—444)، چۇلۇك خاقان (444—414) ئوچىن خاقان (464—485) قاتارلىق خاقانلىرىنىڭ دەۋرىدە ئۆز قوشنىلىرى بىلەن (ئۇيغۇرلار، توبالار، ئاق هونلار) توختىماي ئۇرۇشۇپ خېلى كۈچلۈك بىر دۆلەت هالىغا كەلگەن ئىدى. 480- يىلىغا كەلگەندە ئاۋار خاقانلىقىنىڭ تېررىتورىيەسىنىڭ شەرقىي هازىرقى چاۋشەننىڭ غەربىگە، غەربىي جەنۇبىي قاراشەھەرگىچە، شەرقىي جەنۇبىي لوپنۇرنىڭ جەنۇبىغىچە سوزۇلغان ئىدى. مىلادىنىڭ 487- يىلى ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن تارتىپ مىلادىنىڭ 546- يىلىغىچە ئاۋارلا ئۇيغۇرلار بىلەنلا هايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان قانلىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى. ئاۋارلا مانا شۇ ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا خوراپ هالىدىن كېتىشكە باشلىدى. بۇنداق ئەهۋال كۆك تۈركلەرنىڭ باش كۆتىرىشىگە شەرت هازىرلىدى. ئاۋارلا، تولۇنخان II (485—492)، ناغاي خان (492—506)، ئوتىخان (506—511) چونوخان (511—520) ئاينانىيخان (520—551)، راخمان خان (521—522) قاتارلىق خاقانلىرىنىڭ دەۋرىدە، ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ئاي ئوجرو (مىلادىنىڭ 487- يىلىدىن 500- يىلىغىچە خان بولغان) بارىيان (500—505)، باتۇر (505—516)، ئېل بەگ (516—530) يوقىو (530—537)، بەگچى (537—541) چوبىن قاتارلىق خانلىرى بىلەن 60 يىل توختىماي ئۇرۇشقان. ئۇرۇش تۇلىراق باركۆل بويىدا بولۇپ، گايىدا ئۇيغۇرلار، گايىدا ئاۋارلار مەغلۇب بولغان. مىلادىنىڭ 511- يىلى باركۆل بويىدا بولغان ئۇرۇشتا، ئۇيغۇر خانى باتۇر، ئاۋار خاقانى ئوتىخاننى تارمار قىلىپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالغان بولسا، مىلادىنىڭ 516- يىلى ئاۋار خاقانى چونوخان باركۆل بويىدا بولغان ئۇرۇشتا ئۇيغۇر خانى باتۇرنى تىرىك تۇتىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى ئىككى ئاتقا باغلاپ ئاتقا سۆرىتىپ ئۆلتۈرگەن. قانداق بولمىسۇن ئاۋارلا ئۇيغۇرلار بىلەن 60 يىل ئۇرۇش-

قان بولسىمۇ ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرالمىغان. ئەكسىچە ئۆزلىرى ئاجىزلاپ كەتكەن.

مانا شۇ مەزگىلدە، ئالتاي تۈركلىرىدىن ئاسىنا ئورۇقىغا مەنسۇپ بولغان خانلاردىن تۇمەنخان ئاتلىق بىر خان چىقتى. ئۇ ئاسىنا بىلگە سارىغنىڭ نەۋرىسى تاۋرۇم ئۇلۇغ يابغۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى. تاۋرۇم ئۇلۇغ يابغۇ مىلادىنىڭ 535- يىللىرى ئالتاي تۈركلىرىنىڭ خانى ئىدى. بىز پەقەت مىلادىنىڭ 540- يىللىرىدىن باشلاپ تۇمەنخاننىڭ ئالتاي تۈركلىرىنىڭ پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا باشلىغانلىقىنى بىلىمىز. تۇمەنخان ئاۋار خاقانلىقىنى يوقىتىپ، كۆك تۈرك خاقانلىقىنى قۇرۇش ئۈچۈن بىرىنچى قەدەمدە ئۇيغۇر خاقانلىقىنى بويسۇندۇرۇپ كۈچ توپلاشقا كىرىشتى. ئۇ مىلادىنىڭ 546- يىلى ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ئاۋارلا بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا، ئارقا تەرەپتىن ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تارمار قىلدى. ئۇيغۇرلاردىن 50 مىڭ ئائىلە تۈركلەرگە بېقىندى. تۇمەنخان ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئالتايدىكى سۈر تاردۇشلارنىمۇ بويسۇندۇردى. شۇندىن باشلاپ تۈركلەر كۈچەيدى. تۇمەنخان مىلادىنىڭ 550- يىلى ئاۋار خاقانى ئايناغايغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئاۋار بىكەسىگە ئۆيلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. كۆك تۈرك ئەلچىلىرىدىن بۇنداق تەلەپنىڭ قويۇلۇشىنى چۈشىدىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئايناغاي ناھايىتى غەزەپلىنىپ: «ھە، تۆمۈرچى قۇللىرىمنىڭ بۇنداق تەلەپنى قويۇشقا نېمە ھەددى باركەن»⑤ دەپ بىئارام بولدى ۋە ئۆز ئەلچىسى ئارقىلىق تۇمەنخاننى تىللىدى. ئايناغاينىڭ ئۆكتەملىكىگە يول قويمىغان تۇمەنخان ئاۋار ئەلچىسىنى ئۆلتۈردى. ئۇ مىلادىنىڭ 551- يىلى غەربىي ۋېي خانلىقى (مىلادىنىڭ 535- يىلىدىن 556- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ خانى يەنباۋجۈيگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆيلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تۈركلەر بىلەن بىرلىشىپ ئاۋارلارغا تاقابىل تۇرماقچى بولغان غەربىي ۋېي خانلىقى شۇ يىلى 6- ئايدا مەلىكە جاڭلۇنى تۇمەنخانغا ياتلىق قىلدى. تۇمەنخان مىلادىنىڭ 552- يىلى كۆك تۈرك قوشۇنلىرىغا ئۆزى باش بولۇپ، ئاۋار خاقانلىقىنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئايناغاينىڭ ئۈستىگە ئاتلاندى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئايناغاي ئاۋار قوشۇنلىرىغا ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، تۇمەنخان بىلەن بولىدىغان دەھشەتلىك ئۇرۇش مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. ئۇرۇش 2- ئايدا، ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدىكى سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىدا بولدى. تۇمەنخان بىلەن ئىستەمىخان قوماندانلىقىدىكى كۆك تۈرك قوشۇنلىرى خۇددى ئالەمنى ئاستىن-ئۈستىن قىلىۋېتىدىغان ناھايىتى دەھشەتلىك قارا بوراندەك بېسىپ كېلىپ ئاۋار قوشۇنلىرىنى تىرە-پىرەن قىلىپ تاشلىدى. ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە يولۇققان ئايناغاي ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۋالدى. ئۇنىڭ ئوغلى يەنلوچېن بىر قىسىم ئاۋارلارنى باشلاپ شىمالىي چى (577—

550) خانلىقىغا قاچقان. بەزىبىر ئاۋار شاھزادىلىرى تۈركلەرگە قارشى ھەركەت قىلغان بولسىمۇ، مىلادىنىڭ 553- يىلىغا كەلگەندە تامامەن يوقىتىلغان. ئاۋارلاردىن بىر قىسمى بايان خان يېتەكچىلىكىدە غەربكە قاراپ قاچقان. ئۇلار مىلادىنىڭ 558- يىلى قارا دېڭىزنىڭ شىمالىغا كەلگەن، كېيىن ياۋروپا ئاۋارخاقانلىقىنى (565—835) قۇرغان.

تۇمەنخان مىلادىنىڭ 552- يىلى 2- ئايدا، ئاۋار خاقانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن ئۆزىنى «ئېل خان» دەپ ئاتىدى. ئۆتۈكەننى كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ پايتەختى قىلىپ بەلگىلىدى. ئۇكىسى ئىستەمىخاننى يابغۇ ئۇنۋانىدا، كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ غەربىي رايونلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى. ئىستەمىنىڭ ئوردىسى تىكەس دەرياسىنىڭ بويىدا ئىدى. تۇمەنخان ئاۋارلار ئۈستىدىن قازانغان ئۇلۇغ تارىخىي غەلىبىدىن كېيىن شەرقىي ئۇلۇغ ئوكيان قىرغاقلىرىغا، غەربىي قارا دېڭىزنىڭ بويلىرىغا، شىمالىي بايقال كۆلىنىڭ شىمالىغا، جەنۇبىي سەددىچىن سېپىلىگە غەربىي جەنۇبىي ھىندىستاننىڭ شىمالىغىچە سوزۇلغان قۇدرەتلىك كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ ئاساسىنى قۇردى. ئۇلۇغ كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ (مىلادىنىڭ 552- يىلىدىن 745- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) قۇرغۇچىسى تۇمەنخان مىلادىنىڭ 553- يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ قاراخان، موقانخان، تاۋارخان ئاتلىق ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئورنىغا تۇنجى ئوغلى قاراخان خاقان بولدى. قاراخان بىر يىل خاقانلىق تەختىدە ئولتۇرمايلا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇيغۇرلار ئۇلۇغ كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىدە، مۇستەھكەملىنىپ، ياشناپ گۈللىنىشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. چۈنكى ئۇيغۇرلار، تۈركلەرنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىدىكى خەلقلەرنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن قىلغان يۈرۈشلىرىگە قاتناشقان قوشۇنلىرىدا ئاساسىي كۈچ ئىدى. سەۋەب شۇكى، ئۇيغۇرلار تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە سانى كۆپ، جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن، باتۇر خەلق ئىدى.

## 3- تۈركلەرنىڭ ئاتىلاسى موقانخان

تۇمەنخاندىن كېيىن ئۆتكەن تۈرك خاقانلىرى ئىچىدە موقانخان ئۆزىنىڭ ناھايىتى كەسكىن، غەيرەتلىك، ئەقىللىق، ھۇشيار، ھەربىي ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتە ئادەتتىن تاشقىرى تەدبىرلىك ئىكەنلىكى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر ئىدى. كۆك تۈرك خاقانلىقى، موقانخان دەۋرىدە، (مىلادىنىڭ 554- يىلىدىن 576- يىلىغىچە خاقان بولغان) ئەڭ قۇدرەتلىك، سەلتەنەتلىك بىر باسقۇچقا كىرگەن ئىدى. موقان خاننى «تۈرك-



AltunOq

لەرنىڭ ئاتتىلاسى» دەپ ئاتاش قىلىچە كۆپتۈرگەنلىك بولمايدۇ. جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخىي يىلنامىلىرىدە موقانخاننى «باتۇر ۋە دانىشمەن» ⑥، «ئۇنىڭ چىرايى بەكمۇ قىزىل، كۆزلىرى كۆكۈش، مىجەزى قوپال بولۇپ، دائىم ھەربىي يۈرۈش قىلىدۇ» ⑦ دەپ تەرىپلىگەن.

موقانخان باتۇر تەگرىقۇتتىن 7 ئەسىر، ئاتتىلادىن 5 ئەسىر كېيىن دۇنياغا كەلگەن ئەڭ ئۇلۇغ ئىستىلاچى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر بولغان يەھمىرىمان ئەجدادلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا پۈتۈنلەي لايىقەتلىك ئىدى.

موقانخان مىلادىنىڭ 554-يىلى شەرققە يۈرۈش قىلىپ، مانجۇ ۋە موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنى تولۇق بويسۇندۇرۇپ، كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ شەرقىي چېگرىسىنى ئۇلۇغ ئوكيان قىرغاقلىرىغا يەتكۈزۈپ، ساخالىن ئاراللىرى ۋە كورېيە (چاۋشەن) نىڭ شىمالىي قىسمىنى ئىگىلەپ ئالدى. موقانخان شەرقتىن قايتىپ، شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. شۇ چاغلاردا تاشقى موڭغۇلىيەدىكى ئورخۇن، تۇغلا، سېلىنگا دەريالىرىنىڭ بويلىرىدا، بايكۆل (بايقال) نىڭ جەنۇبىي ۋە غەربىدە شەرقىي ئۇيغۇرلار (ئوغۇزلار)، يەنىسەي دەرياسىنىڭ (ئاناساي) بويلىرىدا قىرغىزلار ياشايتتى. بۇلار ئىتنىك جەھەتتىن تۈركلەرگە ناھايىتى يېقىن بولۇپ ئۆرپ ئادەتلىرىمۇ تۈركلەر بىلەن ئوخشاش ئىدى. موقانخان شەرقىي ئۇيغۇرلار بىلەن قىرغىزلارنى بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆز توكۇنگە قايتىپ كەلدى. ئۇ، يېڭىدىن بويسۇندۇرغان خەلقلەرنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن توھۇنلار (نازارەتچى ئەلچىلەر) نى تەيىنلىدى.

موقانخان مىلادىنىڭ 554-يىلى ئىران ساسانىلار سۇلالىسى (مىلادىنىڭ 224-يىلىدىن 651-يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ شەھەنشاھى (ئىمپېراتورى) خوسراۋ ئانۇشىرۋان (مىلادىنىڭ 531-يىلىدىن 579-يىلىغىچە شەھەنشاھ بولغان) غا ئەلچى ئەۋەتىپ ئىران بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى. بۇ مۇناسىۋەت، تۈركلەر بىلەن ئىران ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ ئاق ھون ئىمپېرىيىسىگە قارشى ئىتتىپاقى ئىدى. موقانخان مۇنداق ئىتتىپاقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئىستەمىنىڭ قىزى ئاسنا بەگىنى ئىران شەھەنشاھىغا ياتلىق قىلدى. ئاسنا بەگىدىن تۇغۇلغان ھورمۇز IV تارىختا «تۈركزادە» دەپ ئاتالغان ئىراننىڭ شەھەنشاھى بولۇپ، ئۇ مىلادىنىڭ 579-يىلىدىن 589-يىلىغىچە شەھەنشاھ بولغان.

موقانخان ئاق ھون ئىمپېرىيىسىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئىران بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەندىن كېيىن، غەربكە يۈرۈش قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى جىددىيلەشتۈردى. ئۇ غەربىي ۋېي خانلىقى (مىلادىنىڭ 535-يىلىدىن 557-يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) بىلەن بىرلىشىپ، كۆكنۇر ۋە ئۇنىڭغا ياندىش بولغان جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان تۇيغۇنلار خانلىقى (مىلادىنىڭ 317-يىلىدىن 663-يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) غا

يۇرۇش قىلغان. تۇيغۇنلار ئەسلىدە سىيانپىلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ھازىرقى لىياۋنىڭ
ئۆلكىسىدە ياشايتتى. مىلادى 4-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سىيانپىلارنىڭ بۇيۇن قەبى-
لىسىنىڭ خان زادىلىرى ئارىسىدا جاڭجال چىقىدۇ، بويۇن خانزادىسى تۇيغۇن، بو-
يۇن قەبىلىسىدىكىلەردىن بىر قىسىم ئاھالىنى باشلاپ غەربكە يۈرۈپ ھازىرقى خېشى
ئارىدورى (گەنسۇ) ۋە چىڭخەي ئەتراپىغا كېلىدۇ. ئۇلار كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن
ھايات كەچۈرەتتى. تۇيغۇن باشچىلىقىدىكى ئەنە شۇ بويۇنلار، كۆكنۇر (چىڭخەي)دىكى
چاڭلار (تىبەتلەرنىڭ ئەجدادى) بىلەن ئارىلىشىپ، سانى كۆپەيگەن. ئۇلارنىڭ خانى
قويانخان مىلادىنىڭ 317- يىلى تۇيغۇنلار خانلىقى (مىلادىنىڭ 317- يىلىدىن 665-
يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نى قۇرىدۇ. بۇ خانلىق بويۇنلارنىڭ مەشھۇر خانى تۇيغۇن-
نىڭ نامى بىلەن تۇيغۇنلار خانلىقى دەپ ئاتالغان. بۇ خانلىق، تۇيغۇنلارنىڭ
قالوي دېگەن خانى ئۆزىنى خاقان ئاتىغان چاغدا كۈچەيگەن ئىدى. «ئۇنىڭ زېمىنى-
نى شەرقتىن غەربكە ئۈچ مىڭ چاقىرىم، جەنۇبتىن شىمالغا مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق
بولۇپ ئۇلان ۋە چەرچەنگىچە تۇتاشقان» موقانخاننىڭ تۇيغۇنلارغا يۈرۈش قىلغان
ۋاقتى مىلادىنىڭ 555- يىلى ئىدى. موقانخان قوماندانلىقىدىكى تۈرك قوشۇنلىرى
ھازىرقى گەنسۇدىكى ئوۋى ئارقىلىق ئۆتۈپ كۆكنۇرغا بېسىپ كىرگەن. تۇيغۇنلار خانى
قالوي خاقان (مىلادىنىڭ 540- يىلىدىن 591- يىلىغىچە خاقان بولغان) ناھايىتى
قاتتىق قارشىلىق قىلغان، ئۇرۇشتا تۇيغۇنلاردىن نەچچە تۈمەن ئادەم ئۆلگەن. موقان-
خان تۇيغۇنلار خاقانلىقىنى بويسۇندۇرۇپ، ناھايىتى نۇرغۇن قىممەت باھالىق نەرسە-
لەرنى غەنىيمەت ئالغان. ئۇ تۇيغۇنلار خانلىقىنى باشقۇرۇش ئىشىنى يەنىلا ئۆزلىرىگە
تاپشۇرۇپ بەرگەن. تۇيغۇنلار كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ قانىتى ئاستىدا ياشايدىغان
قارا بىر خانلىققا ئايلانغان. موقانخاننىڭ تۇيغۇنلارنى بويسۇندۇرۇشى، تۈركلەرنىڭ
ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىياغا قىلىدىغان يۈرۈشلىرىگە داغدام يول ئېچىپ بەرگەن

موقانخان تۇيغۇنلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا قايتىپ
كېلىپلا، غەربىي ۋې خانلىقى (535—557) غا ئەلچى ئەۋەتىپ، چاڭئەنگە (شىئەنگە)
«قېچىپ بارغان ئاۋارلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزلىرىنى خاتىرجەم قىلىشنى
تەلەپ قىلىدى. خان جوۋدىن بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى، ۋە ئاۋارلارنىڭ خان دەرىجى-
لىكىدىن تۆۋەن 30 دىن ئارتۇق ئەمەلدارلىرىنى باغلاپ تۈركلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىش
توغرىسىدا دەرھال يارلىق چۈشەردى. تۈركلەر چاڭئەننىڭ چىڭمىن دەرۋازىسىنىڭ تې-
شىدا ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالدى. ئوتتۇرا ياشلىق ئەرلەردىن تۆۋەن ياشتىكىلەر
ئۆلتۈرۈلمىدى، ئۇلار خان بەگزادىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى»[1]
موقانخان، بىر مەزگىل دەۋران سۈرگەن ئاۋارلارنىڭ قوشنا دۆلەتلەرگە قېچىپ

كەتكەنلىرىنىڭ قويماي يۇقاتقانىدىن كېيىن، ئاق ھون ئىمپېرىيىسىنى يوق قىلىش ئۈچۈن ھازىرلاندى. بۇ چوڭ ۋەقە تۈرك خاقانلىقى تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

مىلادى 55- ئەسىرنىڭ بېشىدا (420- يىلى) ئارال كۆلىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىن ئاق ھونلار باكتىرىيىسىنى بېسىپ ئېلىپ ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان كۇشانلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يوقاتتى.

ئاق ھونلار، ئۇلۇغ ياۋچىلا ۋە غەربىي ھونلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ ئۇلارنىڭ چىرايى ئاق سۈزۈك بولغانلىقى ئۈچۈن روما تارىخچىسى فىروكوپى (مىلادىنىڭ 500- يىلى تۇغۇلۇپ 565- يىلى ۋاپات بولغان)، ئۇلارنى: «ئاق ھونلار» دەپ يازغان. «5- ئەسىردە ياشىغان ئەرمەن تارىخچىلىرى كىرشانلار بىلەن ئىفتالىتلار (ئاق ھونلار-نى) نى بىر- بىرىدىن پەرقلەندۈرمەيدۇ.»⑩ بۇنى «تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسى. ئىفتالىتلار ھەققىدە قىسسە» دىكى مەلۇماتمۇ ئىسپاتلايدۇ. يىلنامىدا بۇنداق دېيىلگەن: «ئىفتىلالىتلار خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇلۇغ ياۋچىلادىن كېلىپ چىققان»⑪

ئاق ھون ئىمپېرىيەسى (مىلادىنىڭ 420- يىلىدىن 565- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئاق سۇۋار خان (مىلادىنىڭ 420- يىلىدىن 470- يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) زامانىدىن باشلاپ كۈچىيىشقا باشلىغان بولسا، ئىفتىلانوس (470—499) تۇرامان خان (496—502) لارنىڭ زامانىدا ئاسىيادىكى قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندى. شۇ چاغلاردا ئاق ھون ئىمپېرىيەسىنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىگە، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىراننىڭ شەرقىي قىسمى، ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ بىر قىسمى كىرگەن ئىدى. ئاق ھون ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى ماراكەنت (ھازىرقى سەمەرقەنت) بولۇپ، ئۇنىڭ ئاق، تۆت بۇرجەكلىك بايرىقىنىڭ غەربىي چېتىگە بەش قىرلىقتىن ئۈچ يۇلتۇز چۈشۈرۈلگەن.

ئاق ھون ئىمپېرىيىسى، ئىران ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ (224 — 851) ئەشەددى دۈشمىنى ئىدى. ئاق ھونلارنىڭ تۇنجى ئىمپېراتورى ئاق سۇۋارخانىنىڭ ۋاقتىدا (420—470) ئىران بىلەن ئاق ھونلار ئارىسىدا ئىككى قېتىم ئۇرۇش بولدى. بۇ ئۇرۇشلاردا ئاق ھونلار مەغلۇب بولغان.

ئاق ھونلار ئۇۋقىنىڭ ئىفتالانوس (470—496) ۋە تۇرامانخان (496—503) ئاتىلىق ئىمپېراتورلىرىنىڭ زامانىدا (470—502) ئىران بىلەن ئۈچ قېتىم ئۇرۇشتى. بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇش مىلادىنىڭ 474- يىلى، ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇش مىلادىنىڭ 477- يىلى، ئۈچۈنچى قېتىملىق ئۇرۇش مىلادىنىڭ 484- يىلى بولدى. مانا شۇ ئۈچ قېتىملىق ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىدە ئىران مەغلۇپ بولدى.) ئاخىرقى ئۇرۇشتا

ئىراننىڭ شەھەنشاھى فىروز (484—457) ئۆلدى. ئىران، ئاق ھونلارغا قارام بولۇپ قالدى. بۇنداق قاراملىق نەتىجىسىدە ئىران مىلادىنىڭ 477- يىلىدىن تارتىپ 554- يىلىغىچە (بىر ئەسىر) ئاق ھونلارغا ياساق تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. 6- ئەسىردە ياشىغان ئەرمەن تارىخچىسى لازار پاربىسكى «پىروزنىڭ ئىراننى ئاق ھونلارغا ساتقانلىقى ۋە قۇللۇقتىن ئۇنىڭ ھېچقاچان خالاس بولالمايدىغانلىقىنى غەمكىنلىك بىلەن تەكىتلىگەن»⑪ ئىدى.

تۈرك خاقانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، موقانخاننىڭ مىلادى 554- يىلى ئىران ساسانىلار سۇلالىسى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشى، ئىراننى ئاق ھونلارغا بولغان قاراملىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا ھەل قىلغۇچى رول ئوينىدى. تۈرك خاقانلىقىدەك كۈچلۈك ئىتتىپاقچىغا ئىگە بولغان ئىران ساسانىلار شەھەنشاھى 554- يىلىدىن باشلاپ، ھەر يىلى ئاق ھونلارغا تۆلەيدىغان مەلۇم مىقداردىكى كۆمۈش پۇلنى تۆلەشتىن باش تارتتى. شۇ يىلى ئىران ئاق ھونلارغا ھۇجۇم قىلىپ، تاخارىستان (ئافغانىستان) نى بېسىپ ئالغان ئىدى. چۈنكى شۇ يىلى ئىستىمى يابغۇ، موقانخاننىڭ كۆرسەتمىسىگە بىنائەن ئاق ھونلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى تارىم ۋادىسىدىن قوغلاپ چىقارغان ئىدى. ئاق ھونلار مىلادىنىڭ 480- يىللىرى قارا قورۇمدىن ئۆتۈپ، خوتەن، ياركەنت، قەشقەر، كۇچار قاتارلىق خانلىقلارنى ئاۋارلارنىڭ قولىدىن تارتىپ ئالغان ئىدى⑫ تۈركلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان ئاق ھونلار ئېغىر ئەھۋالدا قالدى.

موقانخان مىلادىنىڭ 557- يىلىدىن باشلاپ ئاق ھونلارغا قارشى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى شىددەت بىلەن باشلىدى. ئۇ بىرنەچچە يۈز مىڭ تۈرك ئاتلىق قوشۇنلىرىنى تىكەس دالىسىغا توپلاپ، ناھايىتى پۇختا تەييارلىق قىلدى. ئۇ، ئەينى ۋاقىتتا مىلادىنىڭ 554- يىلى ئىران شەھەنشاھى خىسراۋ ئانو شىرۋانغا قىزى ئاسنا بىكەنى ياتلىق قىلىپ ئورناتقان دوستلۇق، ئىتتىپاقچىلىق مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىراننىڭ قوشۇن چىقىرىپ، ئاق ھونلارغا ھۇجۇم قىلىشىنى قولغا كەلتۈردى. موقانخان قوماندانلىقىدىكى تۈرك ئاتلىق قوشۇنلىرى تىكەس دالىسىدىن غەربكە قاراپ يولغا چىقىپ، يەتتەسۇ ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىردى. تۈركلەر بىلەن ئاق ھونلار ئارىسىدىكى قانلىق ئۇرۇشلار ئاساسەن ئافغانىستان تېرىتورىيىسىدە ئېلىپ بېرىلدى. ئاق ھونلارنىڭ قوشۇنلىرى، ئەمچەكلىك چويۇن چوماق بىلەن قوراللانغان ناھايىتى جەڭگىۋار، شەپقەتسىز جەڭچىلەردىن تەركىب تاپقان ئىدى. موقانخان مىلادىنىڭ 557- يىلىدىن 562- يىلىغىچە داۋام قىلغان ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئاخىرى ھونلارنى مەغلۇپ قىلدى. ئاق ھونلارنى تارمار قىلىشتا، موقانخاندىن قالسا، ئىستىمى يابغۇ ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇ تۈرك خاقانلىرى ئىچىدە ھەر جە-

ھەلتتىن قابىلىيەتلىك، دۇنياغا مەشھۇر بولغان قەھرىمان ئىدى. موقانخان مىلادىنىڭ 562- يىلى تارمار قىلىنغان ئاق ھون ئىمپېرىيەسىنىڭ قالدى ئېشلىرىنى ۋە باشقا جەددى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئىستەمى ياببغۇغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى ئۆتۈكەنگە قايتىپ كەتتى.

ئىستەمى ياببغۇ ئاق ھونلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يوقۇتۇپ، ئۇنىڭ تېررىتورىيەسىنى تۈرك خاقانلىقىغا قوشۇپ ئېلىش، ئىران بىلەن بولغان يېڭى، كەسكىن مۇناسىۋەتنى (ئىرانمۇ ئاق ھونلار تېررىتورىيەسىدىن بىر قىسمىنى بېسىپ ئالغان ئىدى) بىر تەرەپ قىلىش، بالقاش ئارال كۆللىرىنىڭ بويلىرىدىن تارتىپ، قارادېڭىزنىڭ بويلىرىغىچە بولغان ناھايىتى كەڭ تېررىتورىيىدە ياشاپ كېلىۋاتقان خەلقلەرنى (ئاساسەن تۈركىي خەلقلەرنى) بويسۇندۇرۇش قاتارلىق ئۇلۇغ تارىخىي ۋەزىپىنى مىلادىنىڭ 565- يىلىغا كەلگەندە تولۇق غەلىبە بىلەن ئورۇنلىدى.

موقانخاننىڭ ۋاقتىدا (554—579) تۈرك خاقانلىقى دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلاندى. شۇ چاغدا، كۆك تۈرك خاقانلىقى دۇنيادا كۈچلۈك دۆلەت ھېسابلانغان شەرقىي روما ئىمپېرىيەسى (395—451) ئىران ساسانىلار سۇلالىسى (224—651) دىنمۇ كۈچلۈك ئىدى. بۇ توغرىدا، جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخىي يىلنامىلىرىدا ۋە ھازىرقى زاماندىكى مەشھۇر تارىخچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئېنىق، ھەققىي مەلۇماتلار بار. 7- ئەسىردە ياشىغان جۇڭگو تارىخچىسى لىڭخۇ، موقانخان ۋاقتىدىكى كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ تېررىتورىيەسىنى مۇنداق كۆرسەتكەن: «شەرقىي چېگرىسى دېڭىز بويلىرىدىن تارتىپ، غەربىي كاسپىي دېڭىزىنىڭ بويلىرىغىچە بولغان ئون مىڭ چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغان بولسا، شىمالىي بايقال كۆلىنىڭ ئەتراپلىرىدىن تارتىپ جەنۇبىي، چۆلنىڭ (موڭغۇل چۆلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ-ئا) جەنۇبىغىچە بولغان ئالتە مىڭ چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغان. شۇ جايلارنىڭ ھەممىسى تۈركلەرگە قارايدۇ.»[13] ئاكادېمىك بارتولد مۇنداق دېگەن ئىدى: «تۈرك خاقانلىقى مۇڭغۇللار دەۋرىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ھەممە كۆچمەنچى ئىمپېرىيەلەرنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىكى ئىدى.»[14] شۇ مەزگىلدە، تۈركلەرنىڭ: «تىنچ ئوكياندىمۇ، قارادېڭىزدىمۇ ھەربىي كۈچلىرى بار ئىدى»[15]

مانا شۇنداق كۈچلۈك، ئۇلۇغ كۆك تۈرك خاقانلىقى موقانخان ۋاقتىدا ۋۇجۇتقا كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن موقانخاننى باشتىلا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، «تۈركلەرنىڭ ئاتتىلاسى دەپ ئاتىغانلىقىمىز تامامەن ئورۇنلۇق،

# تۈركلەرنىڭ شەرقىي روما ۋە ئىران بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

## 1- تۈركلەر بىلەن شەرقىي رومانىڭ ئىتتىپاقى

مىلادىنىڭ 563- يىلىدىن باشلاپ 6- ئەسىردە ئۆتكەن روما تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە، تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ خاقانى موقانخان تىلغا ئېلىنمىماي، ئىستېمىخان گويا تۈركلەرنىڭ چوڭ خانى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. مۇنداق بولۇشى، تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ خاقانى موقانخان مىلادىنىڭ 562- يىلى ئاق ھونلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن شەرقتە (تۈرك خاقانلىقىنىڭ پايتەختى ئۆتۈكەنگە) قايتىپ كېتىدىغان چاغدا يابغۇ ئۇنۋاندىكى ئىستېمى خانىنى غەربتەرەپنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىپ قويغانلىقىدىن بولغان. شۇندىن باشلاپ ئىستېمى خان تۈرك خاقانلىقىنىڭ غەربىي تېررىتورىيەسىنى باشقۇرۇپ، نام، شۆھرىتى غەربكە تونۇلۇشقا باشلىغان. ياۋروپادىكى دۆلەتلەردىن شەرققە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئىستېمىخان ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان تېررىتورىيە دائىرىسىدە توختاپ، يىراق ئۆتۈكەندىكى سارايدا تۇرىدىغان ئۇلۇغ خاقان موقانخاننىڭ ھوزۇرىغا بارالمىغان. ئىستېمىخاننىڭ غەرب دۆلەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشتا، ئۇلۇغ خاقان موقانخانغا ۋاكالىتەن مۇستەقىل پائالىيەت ئېلىپ بارغان. غەرب تارىخچىلىرى ئەھۋالنى ئېنىق بىلمىگەنلىكتىن، ئىستېمىخاننى تۈركلەرنىڭ چوڭ خاقانى دەپ تونۇغان. بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي جۇڭگونىڭ تارىخىي يىلنامىلىرىدا، تۈرك خاقانى موقانخان نامىدىن مىلادىنىڭ 569- يىلى شەرقىي روما ئىمپېراتورى يۇستىنىان I (565—578) گە يېزىلغان دۆلەت خېتىدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ خاقانى موقانخان ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئاق ھونلارنى تارمار قىلىشتا، تۈرك قوشۇنلىرىغا ئۆزى قوماندانلىق قىلغانلىقى، ئىستېمىخاننىڭ ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى ئېنىق مەلۇم بولىدۇ، بۇ تەرەپتىكى ۋەقەلەرنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلاردىن بىر ئىككىنى مىسالغا ئالايلى.

10- ئەسىردە ئۆتكەن جۇڭگو تارىخچىسى لىيۇ شۇ «ئىستېمى، ئەگىردۇتقا (موقان خاقان كۆزدە تۇتۇلىدۇ—ئا) ۋاكالىتەن ئون چوڭ قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرىنى ئىدارە قىلىدۇ. ئۇنىڭ قوشۇنىدا، يۈز مىڭدىن كۆپرەك جەڭچى بار، غەربىي رايوندىكى

خۇلاننىڭ ھەرقايسى دۆلەتلەرنى تىنجىتىپ تۇردى. ئۆزىنى ئون قەبىلىنىڭ خاقانى دەپ ئاتايدۇ.» ⑯ دەپ يازغان ئىدى. بۇ جۇڭگونىڭ تارىخىي يىلنامىلىرىدا، ئىستېمى خاننىڭ پائالىيىتى ھەققىدە بېرىلگەن بىر قەدەر ئېنىق مەلۇمات. مىلادىنىڭ 560- يىلى تۈركلەرنىڭ خاقانى موقانخان نامىدىن شەرقىي روما ئىمپېراتورى يۇستىنىئان II گە ئەۋەتكەن دۆلەت خېتىدە: «بۇ خەت يەتتە قەبىلىنىڭ ئۇلۇغ رەھبىرى، ھۇنيادىكى يەتتە چوڭ دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىرىدىن بىرى بولغان خاقان تەرىپىدىن شەرقىي روما ئىمپېراتورىغا ئەۋەتىلدى. بۇ خاقان ئىفتىلالىتلار بىلەن ئۇرۇشقان ۋە ئىستېمى بىلەن بىرلىكتە ئاۋارلارنى بويسۇندۇرغان.» ⑰ دېيىلگەن.

يۇقىرىدىكى پاكىتلار، شەرقىي روما تارىخچىلىرىنىڭ 6- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدىن باشلاپ تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ خاقانى موقانخاننى تىلغا ئالماي، ئىستېمىخاننى تۈركلەرنىڭ چوڭ خاقانى دەپ ئاتىشىنىڭ تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. تۆۋەندە ئاساسىي مەسىلە توغرىسىدا توختالماقچىمىز

تۈرك خاقانلىقىنىڭ تازا كۈچەيگەن ۋاقتىدا (552—576) ئاسىيادا ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەت تۈرك خاقانلىقى بىلەن ئىران ساسانىلار سۇلالىسى بولسا، غەربتە شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى (مىلادىنىڭ 395- يىلىدىن 1453- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەت ئىدى.

مىلادىنىڭ 330- يىلى بىر پۈتۈن روما ئىمپېرىيىسىنىڭ (مىلادىنىڭ 330— يىلى بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 395— يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئىمپېراتورى كونستانتىن I (324—337) پايتەختىنى روما شەھىرىدىن (ھازىرقى رىم شەھىرىدىن) كونستانتىنوپول (ھازىرقى ئىستانبۇل) غا كۆچۈرگەن. مىلادىنىڭ 395- يىلى ئىمپېراتور ئىئودوس (392—395) ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن روما ئىمپېرىيىسى ئىككى قىسىمغا — غەربىي ۋە شەرقىي روما ئىمپېرىيىلىرىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. مىلادىنىڭ 476- يىلى غەربىي روما ئىمپېرىيىسى (395—476) ھالاك بولغان. شۇ چاغدا شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىنىڭ تەركىبىگە بالقان يېرىم ئارىلى، كىچىك ئاسىيا، سۈرىيە، پەلەستىن، مىسىر، مېسوپوتامىيە (ھازىرقى ئىراق) ۋە كاۋكازنىڭ بىر قىسمى كىرەتتى. شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى كونستانتىنوپول بولسا، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى ئۇلۇغ يۇستىنىئاننىڭ ۋاقتىدا (527—565) ناھايىتى كۈچەيگەن ئىدى. شۇ چاغدا شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى شىمالى ئافرىقا ۋە ئىتالىيىنى ئۆز تېررىتورىيىسىگە قوشۇپ ئالغان ئىدى.

تۈركلەر ئۆزىنىڭ جەنۇبىتىكى قوشنىسى ئىران بىلەن ۋە غەربتىكى قوشنىسى

شەرقىي روما بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش توغرىسىدا قەتئىي بىر قارارغا كېلىشى لازىم ئىدى.

مىلادىنىڭ 562- يىلى ئاق هونلار بىلەن بولغان ئۇرۇش ئاساسەن ئاياقلاشقاندىن كېيىن، تۈركلەر بىلەن ئىران ئارىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەت ئۆزگىرىپ ئىككى قۇدرەتلىك دۆلەت بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالدى. بۇ ۋەقەنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۆز نۆۋىتى كەلگەندە بايان قىلىمىز.

يېقىن دوستى، ئىتتىپاقدىشى ئىران بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالغان تۈركلەر، شەرقىي روما ئىمپېرىيەسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئىرانغا قارشى كۈرەش قىلىش قارارىغا كەلدى، 6- ئەسىردە ئۆتكەن شەرقىي روما تارىخچىسى مىناندىر، تۈرك خاقانلىقى بىلەن شەرقىي روما ۋە ئىران ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي بايان قىلىشقا ئىمكانىيەت بېرىدىغان خاتىرە قالدۇرغان[18] مىناندىر، شۇ خاتىرىدە تۈرك خاقانلىقىغا بىرنەچچە قېتىم كېلىپ - كەتكەن شەرقىي روما ئەلچىلىرىنىڭ يازما خاتىرىلىرىدىن پايدىلىنىپ يازغان ئىدى.

مىلادىنىڭ 569- يىلى تۈركلەر شەرقىي روما ئىمپېراتورى يوستىنىئان (565-578) نىڭ كونستانتىن پول (هازىرقى ئىستانبۇل) دىكى سارىيىغا ماندىئاخ باشچىلىقىدا ئەلچىلەر ئەۋەتتى. ماندىئاخ باشچىلىقىدىكى تۈرك ئەلچىلىرى، ئۇلۇغ خاقان موقانخان نامىدىن، يوستىنىئان II گە يەنسەي ئورخۇن يېزىقىدا يېزىلغان دۆلەت خېتىنى ۋە ئىستېمى خاقانىنىڭ موقان خاقانغا ۋاكالىتەن يوستىنىئان II گە ئەۋەتكەن قىممەت باھالىق سوغاتلىرىنى ئېلىپ يولغا چىقتى. ئۇلار ئىرانغا يېقىن يولىماستىن، كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىي قىرغاقلىرىنى بويلاپ مېڭىپ، كاۋكاز تاغلىرىدىن ئېشىپ، كونستانتىنپولغا باردى. ئىمپېراتور يوستىنىئان II تۈرك ئەلچىلىرى بىلەن قىلغان سۆھبەتلىرىدە، تۈرك خاقانلىقىنىڭ ئەھۋالى، ئاق هونلارنىڭ پۈتۈنلەي تۈركلەرگە بويسۇنغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ شەھەرلەردە ياشايدىغانلىقىنى بىر-بىرلەپ، سوراپ ئېنىق بىلىپ ئېلىشقا بەكمۇ قىزىققان. تۈرك ئەلچىلىرى ئۆز ئۈستىگە يۈكلەنگەن ئاساسىي ۋەزىپىنى — ئىراننى چەتتە قالدۇرۇپ، تۈركلەر بىلەن شەرقىي روما ئارىسىدا بىۋاستە سودا مۇناسىۋەتلىرى ئورنىتىش ۋەزىپىسىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاپ شەرقىي رومادىن قايتقان. تۈرك ئەلچىلىرى ئۆز ئېلىگە قايتىدىغان چاغدا، يوستىنىئان II شەرقىي روما ئىمپېرىيەسىنىڭ زىمارخ باشچىلىقىدىكى جاۋاب ئەلچىلىكىنىمۇ بىللە قوشۇپ ئۇزاتقان،

تۈرك ئەلچىلىرى بىلەن بىللە، خاقان ئىستېمىنىڭ تېكەس دەرياسىنىڭ بويىدىكى قارارگاھىغا كەلگەن شەرقىي روما ئەلچىلىرى تۈركلەرنىڭ بەزىبىر ئادەتلىرى ۋە ئىستېمى خاقانىنىڭ قارارگاھىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان بولسا، خاقانىنىڭ ئۇلار-

نى ناھايىتى قىزغىن، سەمىمىي كۈتكەنلىكىدىن تولىمۇ خۇشال بولغان، زىمارخ باشچىلىقىدىكى شەرقىي روما ئەلچىلىرى ئىستېمى خاقاننىڭ تەتىللا چېدىر- بارگاھى ئالدىدا شەرققە قارىتىپ تىكىلگەن، ئوتتۇرىسىغا بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن (بۆرە بېشىغا زەر يۈگۈرتولغان) تۆت چاسا، كۆك شايى بايراققا چوقۇنغان ۋە لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان ئوت گۈلخانلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ پاكلانغان. ئاندىن كېيىن ئۇلار ئىستېمى خاقاننىڭ بارگاھىغا كىرىپ خاقان بىلەن كۆرۈشكەندە، تۈركلەرنىڭ ئادىتى بويىچە سالام بەرگەن، يۇستىنىيان II نىڭ ئىستېمى خاقانغا يوللىغان سالىمىنى يەتكۈزگەن، ئېلىپ كەلگەن سوغىلارنى تەقدىم قىلغان، روما ئەلچىلىرى ئىچى ئەڭ ئىسىل رەڭگارەڭ يىپەك رەختلەر بىلەن زىننەتلەنگەن بىرنەچچە خانىدىن ئىبارەت بارگاھ ئىچىدىكى ئاجايىپ نەرسىلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالغان. ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان نەرسىلەر ئىچىدە، ئالتۇن كۈمۈشتىن ياسالغان تاۋاقلار، لېگەنلەر، قەدەھلەر، كوزىلار، تۇۋاقلار سېلىنغان ھارۋىلار، بىر ئات تارتالايدىغان ئىككى چاقلىق ئالتۇن تەخت، ئالتۇن كارۋات قاتارلىق نەرسىلەردىن باشقا ئادەتتىن تاشقىرى ھەيۋەتلىك بىر ئالتۇن تەختمۇ بولغان. بۇ ئالتۇن تەختنىڭ تۆت پۇتى تۇز قۇشى شەكلىدە ياسالغان، ئىستېمى شۇ تەختتە ئولتۇرۇپ، روما ئەلچىلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەن.

ئىستېمى خاقان شەرقىي روما ئەلچىلىرىنى تەنتەنىلىك ھالدا زىياپەت بېرىپ قىزغىن، سەمىمىي كۈتكەندىن كېيىن، ناھايىتى جىددىي مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇزاكىرىلەر ئېلىپ بارغان. بۇ تۈركلەر بىلەن شەرقىي روما ئارىسىدىكى يىپەك سودىسى، ئىرانغا بىرلىكتە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىش، ئاۋارلار مەسىلىسىدىن ئىبارەت ئىدى.

مۇزاكىرىلەر نەتىجىسىدە، يۇقىرىدىكى مەسىلىلەر بويىچە بىتىمنامە تۈزۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە تۈرك خاقانلىقى بىلەن شەرقىي روما ئوتتۇرىسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن ئىرانغا قارشى ھەربىي ئىتتىپاق ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. شۇندىن باشلاپ ئىتتىپاقداشلار بىلەن ئىران ئارىسىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلار باشلىنىپ كەتتى.

باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مىلادىنىڭ 552- يىلى كۆك تۈركلەر تەرىپىدىن ئاسىيادا ئاۋار خاقانلىقى يوقۇتۇلغاندىن كېيىن بىرقىسىم ئاۋارلار شەرقتىن غەربكە قاچقان ئىدى. ئۇلار مىلادىنىڭ 558- يىلى قارا دېڭىزنىڭ بويلىرىدا پەيدا بولدى. بايان خان يېتەكچىلىكىدە مىلادىنىڭ 565- يىلى ياۋروپا ئاۋار خاقانلىقى (835—565) نى قۇردى. ياۋروپا ئاۋارلىرى شەرقىي روما تىرىتورىيىسىگە پات - پات ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. شەرقىي روما ئەلچىلىرى ئىستېمى خاقان بىلەن ئېلىپ بارغان مۇزاكىرىلەردە ئاۋارلار مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئىستېمى خاقان شەرقىي روما بىلەن بىرلىكتە ئاۋارلارغا قارشى ھەركەت قىلىشنى تەكىتلەپ، «ئەگەر، ئۇلار قۇش

بولۇپ ئاسمانىنىڭ قەرىگە ئۇچۇپ چىقسىمۇ، بېلىق بولۇپ دېڭىزنىڭ چوڭقۇر تېگىگە مۆكۈپ ئالسىمۇ قېلىچىمىزدىن قۇتۇلالمايدۇ» دېگەن.

ئىستەمى خاقان روما ئەلچىلىرىنى تۈركلەر يۇرتىدىن ئۇزۇتىدىغان چاغدا، ئىمپېراتور يۇستىنىئان II گە ۋە زىمارخ باشچىلىقىدىكى يىگىرمە نەپەر ئەلچىنىڭ ھەربىرىگە ئالاھىدە سوۋغىلارنى بەرگەن. ئىستەمى خاقان زىمارخقا بەرگەن سوغىلىرىغا قوشۇپ، قىرغىز ئاتلىق گۈزەل بىر قىزنىمۇ ھەدىيە قىلغان. تىكەس يايلىقىدىن غەربكە قاراپ يولغا چىققان رومالىقلار، تۇران گۈزىلىنى ئاتقا مىندۈرۈپ يىراقتىكى كونستانتىن يول (ئىستانبول) غا ئېلىپ كەتكەن.

## 2- تۈركلەر بىلەن شەرقىي رومانىڭ ئىرانغا ھۇجۇم قىلىشى

مىلادىنىڭ 562- يىلى تۈركلەر ئاق ھون ئىمپېرىيىسىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، ئاق ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى شىمالىي ھىندىستان، تارىم ۋادىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەن بولسا، خۇراسان ئىراننىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇنىڭغا تۈركلەر زادى رازى ئەمەس ئىدى. ئىران ساسانىلار سۇلالىسىمۇ تارمار قىلىنغان ئاق ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسى ھېساۋىدىن يەنە كۆپرەك جايلارنى بېسىپ ئېلىشقا ئىنتىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۈركلەر؛ ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى دۆلەتلەردىن ئوتتۇرا ئاسىياغا، ھىندىستانغا، جۇڭگوغا بارىدىغان ئىنتايىن مۇھىم خەلقئارا سودا يولىنى (شەرقىي روما بىلەن كېلىشىپ) ئۆز قولىغا ئالغان ئىدى. بۇنىڭغا ئىران زادى چىداپ تۇرالمىدى. چۈنكى بۇ يول ئىران ئارقىلىق ئۆتەتتى. ئىران ساسانىلار سۇلالىسى بۇ يول ئارقىلىق بولىدىغان سودىدىن نۇرغۇن پايدا ئالاتتى. ئىران باشقا دۆلەتلەرنى بۇ كىرىمگە شېرىك قىلماسلىق ئۈچۈن ھەركەت قىلىپ كەلگەن ئىدى. ئىران تۈرك خاقانلىقى تەشكىل بولۇشتىن بۇرۇن، مانا شۇ مۇھىم خەلقئارا سودا يولىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقنى تالىشىپ شەرقىي روما بىلەن دائىم ئۇرۇشۇپ تۇراتتى. ئەمدى بولسا، ئىرانغا بۇ خەلقئارا سودا يولىنى تىزگىنلەپ ئالغان تۈركلەر بىلەن توقۇنۇشقا توغرا كەلدى. بۇندىن تاشقىرى ئىران، سوغدىلار بىلەن شەرقىي روما ئارىسىدىكى سودا ئالاقىلىرىنىمۇ توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇندى. يۇقىرىدىكى سەۋەبلەرگە كۆرە، بىر چاغلاردا ئىتتىپاقلىشىپ ئاق ھونلارغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بارغان تۈركلەر بىلەن ئىران ساسانىلار سۇلالىسى بىر - بىرىگە دۈشمەن بولۇپ قالدى.

ئىستەمى خاقان تۈركلەر بىلەن ئىران ئارىسىدا، سوغۇقچىلىق يۈز كەرگەندە


AltunOq

ئوتتۇرا ئاسىيا سوغدىلىرىنىڭ شەرقىي روما بىلەن بولىدىغان سودا ئىشلىرىغا ئىراننىڭ توسقۇنلۇق قىلماسلىقىنى ئۈمىت قىلىپ، مانىئاخ باشچىلىقىدا ئىرانغا ئېلچى ئەۋەتتى. لېكىن ئىران شەھەنشاھى خىسراۋ ئانۇ شىرىۋان، تۈرك ئەلچىلىرىگە قانداق جاۋاپ بېرىش مەسىلىسىدە بىرنەچچە كۈن ئويلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمىدى. ئاخىرى ۋەزىرلىرىنىڭ مەسلىھەتىنى ئالغاندىن كېيىن ئەلچىلەر ئېلىپ كەلگەن يىپەك ماللارنىڭ نۇسخىلىرىنى ئوردا ئەھلى ئالدىدا ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈردى. تۈرك ئەلچىلىرى ئۈمىتسىزلەنگەن ھالدا ئىراندىن قايتتى. خىسراۋ ئانۇشىرىۋان تۈرك ئەلچىلىرىگە ئەشۇنداق يامان مۇئامىلە قىلغان بولسىمۇ، ئىستېمى خاقان ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئىرانغا ئىككىنچى قېتىم ئەلچىلەر ئەۋەتتى. مىنانىدرنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، ئىككىنچى قېتىم ئىرانغا كەلگەن ئەلچىلەر چوڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىدى. خىسراۋ ئانۇ شىرىۋان تۈرك ئەلچىلىرىنى مېھمان قىلىپ بەرگەن زىياپەتتە، ئالدىن ئويۇشتۇرۇلغان سۇيىقەست بويىچە زەھەر سېلىنغان يېمەك - ئىچمەكلىكلەرنى يېگەن ئىچكەن ئەلچىلەر زەھەرلىنىپ ئۆلدى. ئەلچىلەردىن ئۈچ، تۆت كىشىلا ئامان قالدى. خىسراۋ ئانۇ شىرىۋان سۇيىقەستىنىڭ ئاشكارا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ: «تۈرك ئەلچىلىرى مۇز قارلىق يۇرتلاردا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئۇلار، سوغاق يۇرتلىرىدىن ئايرىلسىلا ھايات كۆچۈرەلمەيدىكەن. تۈرك ئەلچىلىرى ئىرانغا كەلگەندىن كېيىن، ئىراننىڭ قۇرغاق ئىسسىق ھاۋاسىغا كۆنەلمەي ئۆلۈپ كەتتى.» دېگەن گەپ سۆزلەرنى تارقاتتى.

ئىككى قېتىم ئىرانغا ئەۋەتىلگەن تۈرك ئەلچىلىرى ئەنە شۇنداق مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن تۈركلەر شەرقىي روما بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ ئىرانغا قارشى ئۇرۇش ھەركەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا بەل باغلىغان ئىدى. تۈركلەر بىلەن شەرقىي روما ئوتتۇرىسىدا ئىرانغا قارشى تۈزۈلگەن ئىتتىپاق توغرىسىدا يۇقىرىدا توختالغان ئىدۇق. ناھايىتى ھوشيار، ئەقىللىق بولغان ئىستېمى خاقان خىسراۋ ئانۇ شىرىۋاننىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىنى ئۆز ۋاقتىدىلا بايقاپ ئىران ئۈستىگە قوشۇن تارتىپ كىرىشكە جىددىي كىرىشتى. ئىستېمى خاقان مىلادىنىڭ 569- يىلى خۇراسانغا بېسىپ كىرىپ، ئىران قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈردى. ئىراننىڭ ئاق ھونلار تېررىتورىيىسى ھېسابىدىن بېسىپ ئالغان رايونلارنىڭ ھەممىسىنى ئىراندىن تارتىپ ئالدى. ئىران سۈلھى تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. سۈلھى بويىچە تۈركلەر «ھەر يىلى پىرىسىيەدىن 4 تۈمەن رىم تىللاسى باج ئېلىپ تۇرغان.»[19]

ئىستېمى خاقان ئىرانغا ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇيغۇر تارقان (روما تارىخچىلىرى تاغمارەب ئاتىغان) باشچىلىقىدا شەرقىي روماغا ئەلچىلەر ئەۋەتكەن

ئىدى. تۈرك ئەلچىلىرى شەرقىي رومانى ئىرانغا قارشى ئاتلاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. ئۇلار ۋەزىپىنى ئۆز لايىقىدا ئورۇنلىغان بولسا كېرەك. چۈنكى مىلادىنىڭ 571- يىلىدىن باشلاپ شەرقىي روما بىلەن ئىران ئارىسىدا ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان قاتتىق ئۇرۇشلار باشلاندى. بۇنداق ئۇرۇشلار ئىراننىمۇ، شەرقىي رومانىمۇ ھالسىزلاندۇردى. غەربتە بۇنداق ئەھۋالنىڭ تۇغۇلۇشى تۈرك خاقانلىقىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشىگە مەلۇم دەرىجىدە ياردەم بەردى.

مىلادىنىڭ 576- يىلى تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ خاقانى بىلەن ئىستەمى خاقان ئالەمدىن ئۆتتى. دەل شۇ يىلى ۋالىنتىن باشچىلىقىدىكى شەرقىي روما ئەلچىلىرى تىكەسكە كېلىپ ئىستەمى خاقاننىڭ ئوغلى تاردۇ خاقان بىلەن كۆرۈشتى. شەرقىي روما ئەلچىلىرىگە، تىبېرىئۇسنىڭ ئىمپېراتور بولغانلىقىنى تۈركلەرگە مەلۇم قىلىش، ئىستەمى خاقان ۋاقتىدا، تۈركلەر بىلەن شەرقىي روما ئارىسىدا تۈزۈلگەن بىتىمنامىنى قايتىدىن بېكىتىش، تۈركلەرنى ئىرانغا ھۇجۇم قىلىشقا ئۈندەش قاتارلىق ۋەزىپىلەر يۈكلەنگەن ئىدى. روما ئەلچىلىرى تىكەستە خېلى تۇرۇپ قالدى. ئۇلار كەلگەندە، تاردۇ خاقان، ئاتىسى ئىستەمى خاقاننىڭ دەپنە مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان ۋاقىت ئىدى. روما ئەلچىلىرىمۇ تۈركلەرنىڭ ئادىتى بويىچە دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشقان ئىدى.

تۈركلەرنىڭ چوڭ خاقانلىرى تاۋار خاقان (581—576)، ساۋارلو - باغا ئىشپارا خاقان (587—581) لەرنىڭ ۋاقتىدا، ئىران بىلەن ئۇرۇش بولغان ياكى بولمىغانلىقى مەلۇم ئەمەس. چورباغا خاقان (قاراچور) نىڭ ۋاقتىدا (588—587) تۈركلەر بىلەن ئىران ئارىسىدا ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇش بولدى.

چورباغا خاقان (588—587) مىلادىنىڭ 587-يىلى ئۈچيۈزمىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئىران ئۈستىگە ئاتلاندى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا تۈركلەرنىڭ ئىتتىپاقدىشى شەرقىي روما ۋە تۈرك خاقانلىقى تەركىبىدىكى ھازارلارمۇ قاتناشتى. تۈركلەر ھېرات بىلەن بەلخ ئەتراپلىرىغا بېسىپ كەلگەندە ئىمپېراتور ماۋرىكىئوس قوماندانلىقىدىكى شەرقىي روما قوشۇنلىرى غەربتىن — سورىيە چۆللىرى ئارقىلىق ئىرانغا ھۇجۇم قىلدى. ھازارلار بولسا، كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىدىكى دەربەنتتىن يول ئېچىپ، ئىرانغا ھۇجۇم قىلدى. ئىران شەھەنشاھى ھورمۇزد-تۈرك زادە (589—579) تۈركلەرگە قارشى قوشۇن ماڭدۇردى، ئىران سەركەردىسى بەھرام چوبىن چور باغا خاقان قوماندانلىقىدىكى تۈرك قوشۇنلىرىنى ھېرات بىلەن بەلخ ئارىسىدا تارمار قىلدى. ئۇرۇشتا چورباغا خاقانغا ئوق تېگىپ ئۆلدى. بەھرام چوبىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ چېكىنگەن تۈرك قوشۇنلىرىنى قوغلاپ بۇخارا يېنىدىكى بايكەنت شەھىرىگە بېسىپ كەلدى. چورباغا خاقاننىڭ ئوغلى باموداتـ

كىمنى ئەسىر ئالدى. بايكەنت شەھىرىنىڭ غەزىنىسىدىكى ناھايىتى ئېسىل، نۇرغۇن بايلىقلارنى بىر نەچچىسىنىڭ تۆگىگە يۈكلىتىپ، ئىران شەھىنشاھى ھورمۇز — تۈركزادىغا ئەۋەتىپ بەردى. بەھرام چوبىن تۈركلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن كاۋكازنىڭ شەرقىدە روما قوشۇنلىرىنىمۇ تارمار قىلدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا، ئىران تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ، خەلقئارا سودا يولىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئۆز قولىغا ئالالمىدى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بولغان ئۇرۇشلاردا تۈركلەر ئىراننى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، خۇراساننى بېسىپ ئالغان ئىدى. بۇ ھەقتە ئۆز نۆۋىتى كەلگەندە توختىلىمىز.

## تۈرك خاقانلىقى ۋە جۇڭگو

### 1- تۈرك خاقانلىقىنىڭ شىمالىي چى ۋە شىمالىي جۇ خانلىقلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

جۇڭگو تارىخىدىن خەۋىرى بار كىشىلەرگە ئۇچۇق ئايان بولغانىدەك، جۇڭگودا خەن سۇلالىسى (مىلادىنىڭ 206- يىلى بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىنىڭ 220- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن سۈي سۇلالىسىغىچە بولغان (مىلادىنىڭ 580- يىلىغىچە) 800 يىل ئىچىدە قۇدرەتلىك بىر سۇلالە ۋۇجۇتقا كەلمىدى. ئەنە شۇنداق ئۇزاق بىر تارىخىي مەزگىلدە، ئۈچ دۆلەت (ۋېي، شۇخەن، ۋۇ) دەۋرى (مىلادىنىڭ 220- يىلىدىن 280- يىلىغىچە)، غەربىي ۋە شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرى (265—420) ئون ئالتە بەگلىك دەۋرى (304—339)، جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرى (420—589)، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى (مىلادىنىڭ 386- يىلىدىن 581- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن-ئا) دەپ ئاتىلىدىغان بىر قانچە دەۋرلەر ئۆتتى، مانا شۇ دەۋرلەردە جۇڭگونىڭ ئاساسىي تېررىتورىيىسىدە (سېرىق دەريا ۋادىسى بىلەن چاڭجياڭ ۋادىسىدا) گاھىدا ئۈچ، گاھىدا ئون نەچچە دۆلەت بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار تولا چاغلاردا بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇراتتى. بۇنداق ئەھۋال، جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى (سەددىچىن سېپىلىنىڭ تېشىدىكى) قوشنىلىرى بولغان خەلقلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ بەزىدە جۇڭگوغا ئېغىر تەھدىت سېلىپ، ئۇنى بوزەك قىلىشقا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەرگەن ئىدى. تۈرك

خاقانلىقى تەشكىل بولغان چاغدىمۇ، جۇڭگودا غەربىي ۋېي خانلىقى (مىلادىيىنىڭ 535- يىلىدىن 557- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) شىمالىي چى خانلىقى (مىلادىيىنىڭ 550- يىلىدىن 577- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، شىمالىي جۇ خانلىقى (557—581) چېن خانلىقى (557—589) قاتارلىق دۆلەتلەر بار ئىدى. بۇ دۆلەتلەر (بولۇپمۇ شىمالىي چى بىلەن شىمالىي جۇ) بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇراتتى. تۈرك خاقانلىقى ئۆز تېررىتورىيىسىنى كېڭەيتىپ، قۇدرەتلىك ھالغا كېلىشىدە، شەرقتىكى ئۆزىگە پايدىلىق بولغان ئەنە شۇنداق شارائىتتىن پايدىلاندى.

بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك تۈركلەرنىڭ تۇنجى خاقانى (مىلادىيىنىڭ 552- يىلىدىن 554- يىلىغىچە خاقان بولغان) ئاۋارلارنى تارمار قىلىشىدا، غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ ئانچە - مۇنچە ياردىمىگە ئېرىشكەن بولسا، تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ خاقانى موقانخان غەربىي ۋېي خانلىقى بىلەن بىرلىشىپ. مىلادىيىنىڭ 556- يىلى كۆكنۇر (ھازىرقى چىڭخەي) دىكى تۇيغۇنلار خاقانلىقىنى بويسۇندۇرغان ئىدى. تۈركلەر ئۆزىگە دۈشمەن بولغان بىرەر دۆلەتنى يوقۇتۇش ئۈچۈن باشقا دۆلەتلەرنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشتە، جىددىي، ئۈنۈملۈك دىپلوماتىيە ھەرىكەتلىرىنى يۈرگۈزگەن ئىدى. تۈركلەرمۇ قەدىمكى چاغ دىپلوماتىيىسىدىكى ئۇسۇللارنىڭ بىرى قۇدىلىشىش تەدبىرىنى قوللانغان، تۈمەنخاننىڭ مىلادىنىڭ 551- يىلى غەربىي ۋېي مەلىكىسى چاڭلوغا ئۆيلىنىشى، مىلادىنىڭ 554- يىلى ئىستەمى خاقاننىڭ قىزى ئاسىنا بىكەنىڭ ئىران ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ شەھەنشاھى خىسراۋ ئانۇشىرۋانغا ياتلىق قىلىنىشى، مىلادىنىڭ 551- يىلى مۇقانخاننىڭ قىزى ئاسىنا بىكەنىڭ شىمالىي جۇ خانلىقى (557—581) نىڭ خانى جۇمىڭدىغا ياتلىق قىلىنىشى-تاڭ سۇلالىسى مەلىكىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ياتلىق قىلىنىشىنى ئەسكە ئېلىش يېتەرلىك. قۇدىلىشىش، دۆلەتلەر بىلەن دۆلەتلەر ئارىسىدىكى دوستلۇقنى ساقلاشتىلا ئەمەس، بەلكى دوستلاشقان دۆلەتلەرنىڭ زۆرۈر تېپىلغاندا، بىر - بىرىگە نىسبەتەن ئۆتەشكە تېگىشلىك ناھايىتى جىددىي. ئېغىر مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتەشكە قىستاش (ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە قاتناشتۇرۇش) جەھەتتە خېلى مۇھىم رول ئوينىغان. لېكىن ئىككى دۆلەت ھۆكۈمرانلىرى ئارىسىدىكى قۇدىلىشىش سىياسىي مەخسەتلەرنى كۆزدە تۇتقانلىقى ئۈچۈن. ئۇنداق قۇدىلىشىشنى خەلقلەر بىلەن خەلقلەر ئارىسىدىكى تارىخىي دوستلۇق دېيىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. تارىختىن پاكىتلار بىزنىڭ ھۆكۈمىمىزنى ئىسپاتلىغان.

موقانخان خۇاڭخې ۋادىسىدىكى شىمالىي چى خانلىقى (550—577) بىلەن غەربىي ۋېي خانلىقى (535—557) غا نىسبەتەن ئوخشىمىغان سىياسەت قوللاندى. دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا خېلى ئۇستا بولغان موقانخان غەربىي ۋېي خانلىقى بىلەن يېقىن-

لىشىپ، شىمالىي چى خانلىقىنى تەھدىتكە سېلىپ قويىدى. تۈركلەردىن قورققان شىمالىي چى خانى گاۋياڭ (مىلادىنىڭ 550- يىلىدىن 559- يىلىغىچە خان بولغان) ئۆز دۆلىتىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى سەددىچىن سېپىلىنى تۈزەشتۈرۈپ، ياساپ مۇستەھكەملەشكە كىرىشكەن. ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مىلادىنىڭ 555- يىلى بىر مىليۇن سەككىز يۈزمىڭ كىشى سەپەرۋەر قىلىنىپ، سەددىچىن سېپىلىنىڭ توققۇز يۈز چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى بىر بۆلىكى ياسىلىپ مۇستەھكەملەنگەن⑳ موقانخان، مىلادىنىڭ 556- يىلى تۇيغۇنلارنى مەغلۇپ قىلغاندا، گاۋياڭ تېخىمۇ قورقۇپ كەتكەن. نەتىجىدە ئۇنىڭ بۇيرۇغى بىلەن شۇ يىلى «شىخې (جاي ئىسمى) دىن شەرقتىكى دېڭىزغىچە بولغان ئۈچ مىڭ چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى سەددىچىن سېپىلىنىڭ بىر بۆلىكى ياسالغان، ھەر ئون چاقىرىم جايدا ئەسكەر تۇرغۇزۇلغان، مۇھىم ئوبلاست ۋە ھەربىي بىكەتلەردە، يىگىرمە بەشتىن قاراۋۇلخانا ياسالغان.»㉑ ئۇنىڭدىن باشقا، موقانخان قىزى ئاسىنا بېكەنى مىلادىنىڭ 558- يىلى شىمالىي جۇ خانلىقى (557—581) نىڭ خانىغا ياتلىق قىلغاندا، «شىمالىي چى خانلىقىنىڭ خانى شىمالدا سەددىچىن سېپىلىنى ياساتقاندا ... يۈزمىڭ جەڭ ئېتى ئۆلۈپ كەتكەن.»㉒ شىمالىي چى خانلىقىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ھەددى ھېساپسىز ئېغىر چىقىملارغا قارىماي سەددىچىن سېپىلىنى ياساپ مۇستەھكەملىشى تۈركلەردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ئىدى. موقانخان مىلادىنىڭ 557- يىلى غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ ئورنىنى ئالغان شىمالىي جۇ خانلىقىنى ئۆزىگە يېقىن تۇتۇپ، شىمالىي چى خانلىقىغا بۇرۇنقىدەكلا ھۆموىيوپ قارىغان پېتى تۇرۇۋەرگەن. شىمالىي چى سۇلالىسى، تۈركلەرنىڭ ئاۋارلارنى تارمار قىلىشىغا قىلچە ياردەم بېرىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئاۋارلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى قوللاپ تۈركلەرگە قارشى چىققان ئىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، شىمالىي جۇ خانلىقى بىلەن شىمالىي چى خانلىقى خۇاڭخې ۋادىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بىرى يەنە بىرىنى يوق قىلىشقا ئىنتىلەتتى، بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى تۈرك خاقانلىقىنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولماقچى بولۇشاتتى. موقانخان بۇنداق ياخشى شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ (چى بىلەن جۇنىڭ) دۈشمەنلىشىپ، بىر - بىرى بىلەن بوغۇشۇپ تۇرۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ شىمالىي جۇ خانلىقىغا يېقىنلىشىپ، شىمالىي چى سۇلالىسىغا سوغاق مۇئامىلە قىلدى.

موقانخان مىلادىنىڭ 562- يىلى ئاق ھون ئىمپېرىيىسىنى تارمار قىلىپ غەربتىن شەرققە — پايتەخت ئۆتۈكەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شىمالىي جۇ خانلىقى بىلەن بىرلىكتە، شىمالىي چى خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش باشلىدى. بۇنداق

ئۇرۇش ئىككى قېتىم بولدى. بىر قېتىملىقى مىلادىنىڭ 563- يىلى بولــغان بولسا، يەنە بىر قېتىملىقى مىلادىنىڭ 564- يىلى بولدى. ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشتا تۈرك-لەر ئانچەۋالا دېگۈدەك ئۇتۇققا ئىگە بولالمىدى. چۈنكى موقانخان، شىمالىي جۇ خانلىقـىنىڭ شىمالىي چى خانلىقىنى يوق قىلىشىغا قوشۇلمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈركلەر ئۇرۇشتا ئاكتىپلىق كۆرسەتمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇرۇش شىمالىي چى خانلىقىنىڭ ئاجىز-لاپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى شىمالىي چى خانلىقىنىڭ تېرىتو-رىيىسىدە بولغان ئىدى. چى بىلەن جۇ بىر - بىرى بىلەن تىركىشىپ تۇرغان چاغدا، جۇڭگونىڭ جەنۇبىدا چېن خانلىقى (مىلادىنىڭ 557- يىلىدىن 589- ھۆكۈم سۈرگەن سۈرگەن) بار ئىدى. ئۇنىڭ شىمالدىكى شىمالىي چى خانلىقى بىلەن شىمالىي جۇ خانلىقى بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، جۇڭگودا تۈركلەرگە قارشى چىققىدەك كۈچ يوق ئىدى.

بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، موقانخاننىڭ ۋاقتىدا (554—576) ئاسىيادا ئەڭ قۇدرەتلىك ئىككى دۆلەت (تۈرك خاقانلىقى بىلەن ئىران ساسانىيلار سۇلالىسى) قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ چاغدا، جۇڭگودا، شىمالىي چى (مىلادىنىڭ 550- يىلىدىن 577- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ) شىمالىي جۇ خانلىقى (مىلادىنىڭ 557- يىلىدىن 581- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) چېن خانلىقى (557- يىلىدىن 589- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) قاتارلىق ئۈچ دۆلەت بار ئىدى. بۇ دۆلەتلەردىن چى بىلەن جۇ ھەر دائىم بىر - بىرىگە قارشى ھالەتتە تۇراتتى. دېمەكشۇ چاغدا، جۇڭگو، ئاسىيادىكى قۇدرەت-لىك دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، بۆلۈنمە ھا‌ـلەتتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىلادىنىڭ 558- يىلى شىمالىي جۇ خانلىقىنىڭ خانى موقانخاننىڭ قىزى ئاسىنابىكەگە ئۆيلەنگەندىن تارتىپ، شىمالىي جۇ خانلىقى تۈـركلەرگـە ھەر يىلى يۈز مىڭ توپ تاۋار - دۇردۇن، كىمخاپ، شايى بېرىپ تۇرغان. شىمالىي جۇ خانلىقىنىڭ پايتەختىدە (شىئەندە) تۇرىدىغان تۈركلەر ناھايىتى ھۆر‌ـمەتلىك ئىدى. ئۇلاردىن كىمخاپ تون كىيىپ، گـۆش يەپ يۈرىدىغانــلا ھەر دائىم نەچچە مىڭغا يېتەتتى. شىمالىي چى خانلىقى تۈركلەرنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن قورقۇپ ئۇلارغا خەزىنىسىدىكى بايلىقلارنى قويماي دېگىدەك بېرەتتى.» (خەنزۇچە نۇسخىسى تىرناق ئىچىگە بېرىلدى)㉓

（原文：《 岁给曾絮绵采十万段，突厥在京师者，又待以优礼，锦绵食肉者，常以千数，齐人惧其寇掠亦倾府藏以给之 》）

مىلادىنىڭ 576- يىلى تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ خاقانى موقانخان ئالەمدىن ئۆتـتى. ئۇنىڭ ئورنىغا تۇمەنخاننىڭ كەنجى ئوغلى تاۋارخان خاقان بولدى. ئۇنىڭ ۋاقـتىدا

(مىلادىنىڭ 576- يىلىدىن 581- يىلىغىچە خاقان بولغان) تۈرك خاقانلىقى تېخىمۇ قۇدرەتلىنىش بىر ھالغا كەلدى، بۇنداق ئەھۋال، جۇڭگونى دەككى - دۈككىگە سېلىپ قويدى. شىمالىي چى خانلىقى بىلەن شىمالىي جۇ خانلىقى، تۈركلەرگە خۇشامەت قىلىپ، گويا قارام بىر ھالغا چۈشۈپ قالدى. ناھايىتى مەغرۇرلىنىپ كەتكەن تاۋارخاقان ئۆز ئوردىسىدىكى بەگلەرگە: «مەن جەنۇبتا ماڭا بويسۇنغان سادىق ئىككى ئوغلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر قانداق ئاپەت يۈز بەرسىمۇ، دۇنيادا يىنەمنىڭ ئۆكسۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەيمەن»[24] دەپ ماختانغان. (ئەسلى خەنزۇچە نۇسخىسى تىرناق ئىچىدە بېرىلدى)

(原文：《 我在南雨儿常孝顺，何患贫也 》)

تاۋارخاننىڭ يۇقىرىدىكى سۆزىدىن، شىمالىي جۇ خانلىقى بىلەن شىمالىي چى خانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت خانلىرىنىڭ تۈركلەر نەزىرىدە بالاخانىلار دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، جۇ بىلەن چى تۈركلەرگە بېقىندى بولۇپ قالغان ئىدى. جۇ بىلەن چى دىن ھەر يىلى تۈركلەرگە ئەۋەتىلىدىغان يۈز مىڭ توپ تاۋار - دۇردۇن يىپەك ماللار، ئەمەلىيەتتە تۈرك خاقانلىقىغا تۆلەيدىغان ياساق - سېلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

تاۋار خاقان باشتا، شىمالىي جۇ خانلىقى بىلەن شىمالىي چى خانلىقىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلغان بولسىمۇ، شىمالىي جۇ خانلىقىنىڭ كۈچىيىشى، شىمالىي چى خانلىقىنىڭ تۈركلەرنى ئۆزىگە تارتىشى (بەزى بىر مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شىمالىي چى خانلىقىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تاۋارخان بۇددا دىنىغا كىرگەن ئىكەن) نەتىجىدە، ئۇنىڭ پوزىتسىيىسىدە ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن. مىلادىنىڭ 577- يىلىغا كەلگەندە، تۈركلەر ئوچۇقتىن- ئوچۇق، شىمالىي جۇ خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى باشلىدى. چۈنكى شىمالىي جۇ خانلىقى تاۋارخاننىڭ مەغرۇرلىنىپ، بىخەستەلىك قىلىشىدىن پايدىلىنىپ، شىمالىي چى خانلىقىغا ئومۇميۈزلۈك ھوجۇم باشلىدى، دەل مانا شۇ چاغدا، شىمالىي چى خانلىقى تۈركلەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئەھۋالنى تاۋارخانغا مەلۇم قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار كېچىككەن ئىدى. تۈرك قوشۇنلىرى ياردەم ئۈچۈن يولغا چىقىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، شىمالىي چى خانلىقى شىمالىي جۇ خانلىقى تەرىپىدىن يوق قىلىنىدى. شىمالىي چى خانزادىسى گاۋشاۋيي تاۋارخاننىڭ قېشىغا قېچىپ باردى. شىمالىي جۇ خانلىقىنىڭ شىمالىي چى خانلىقىنى يوقىتىپ كەتكەنلىكىگە چىدىمىغان تاۋارخان، گاۋشايىنى چى خانى قىلىپ كۆتەردى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ، شىمالىي جۇغا ھۇجۇم قىلغۇزدى. ئۆزىمۇ بىرنەچچە قېتىم قوشۇن تارتىپ كېلىپ شىمالىي جۇ خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىگە ھۇجۇم قىلدى.

تاۋارخان جۇڭگودا بىرلەشكەن كۈچلۈك دۆلەتنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىگە يول قويماسلىق ئۈچۈن، گاۋشاۋيىنى يۆلەپ شىمالىي چى خانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. جۇڭگودا بىر قانچە دۆلەتنىڭ بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى تۈركلەر ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق ئىدى. شىمالىي جۇ خانلىقى مىلادىنىڭ 579- يىلى مەلىكە چيەنجىنى تاۋار خاقانغا ياتلىق قىلىش ئارقىلىق ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىۋالدى. شۇ يىلى تاۋارخان گاۋشاۋيىنى شىمالىي جۇ خانلىقىنىڭ پايتەختى شىئەنگە ئۇزىتىپ بەردى.

## ۋ- تۈرك خاقانلىقىنىڭ سۈي سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

مىلادىنىڭ 580- يىللىرىدىن باشلاپ شەرقىي ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى. مىلادىنىڭ 581- يىلى شىمالىي جۇ خانلىقىنىڭ ئورنىنى سۈي سۇلالىسى (581—618) ئالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ جۇڭگودا بۆلۈنۈش ھالىتى ئاياقلىشىپ، بىرلەشكەن، كۈچلۈك دۆلەت — سۈي سۇلالىسى ۋۇجۇتقا كەلدى. تۈرك خاقانلىقى تومەنخاندىن تارتىپ تاۋارخاننىڭ ۋاپاتىغىچە بولغان 30 يىل (مىلادىنىڭ 552- يىلىدىن 481- يىلىغىچە) ئىچىدە بارغانسېرى كۈچىيىپ ئاجايىپ گۈللەش دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئەڭ سەلتەنەتلىك باسقۇچقا كىرگەن ئىدى. جۇڭگودا قۇدرەتلىك سۈي سۇلالىسى ۋۇجۇتقا كەلگەندە، تۈرك خاقانلىقىدا بولسا، بۆلۈنۈش، ئاجىزلىنىش ھادىسىلىرىنىڭ ئايەتلىك ئالامەتلىرى بىخ ئۇرۇپ، بەختسىزلىكنىڭ سىگنالى چېلىنىشقا باشلىدى.

مىلادىنىڭ 581- يىلى تۈركلەرنىڭ چوڭ خاقانى تاۋارخان ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا كىمنى چوڭ خاقان قىلىش ئۈستىدە كەسكىن تالاش - تارتىشلار كېلىپ چىقتى. تۈرك بەگلىرى، موقانخاننىڭ ئوغلى ئاپاخاننى چوڭ خاقان قىلماقچى بولغاندا، باشقىلار ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى بانا قىلىپ قارشى چىقتى. دەل شۇ چاغدا قاراخاننىڭ ئوغلى ساۋانخان: «ئەگەر، يانلىغ (تاۋارخاننىڭ ئوغلى) خاقان بولىدىغان بولسا مەن ئاكا-ئۇكىلىرىمنى باشچىلىق قىلىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىمەن. ئەگەر داروبىن (ئاپاخان كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئا) خاقان بولىدىغان بولسا، مەن چېگرىدا ئۆتكۈر قىلىچ، ئۇزۇن نەيزەم بىلەن پايلاپ تۇرىمەن.»[25] دەپ تەھدىت سالدى. (ئەسلى خەنزۇچە نۇسخىسى تىرناق ئىچىگە بېرىلدى)

（原文：《“若立奄维者，我当率兄弟事之；果立大逻便也，我必守境，利刃长矛以相待矣。”）

نەتىجىدە ئاخىرى بېرىپ تاۋارخاننىڭ ئوغۇللىرىدىن ساۋارلوچۇك خاقان بولغان. ئۇ، ئەل قۇلۇق شاد باغا ئىشپارا خاقان دەپ ئاتالغان. موقانخاننىڭ ئوغلى ئاپاخان ساۋارلونىڭ كۈچلىنىشىدىن قورقۇپ ۋاقىتىنچە تىنجىغان بولسىمۇ، بىراق ئىچىدە خەنجەر ساقلاپ پەيت كۈتۈپ تۇرۇش يولىغا كىرگەن.

تۈرك ھۆكۈمرانلىرى ئىچىدە كەسكىن زىددىيەتنىڭ پەيدا بولغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال بولغان سۇي ۋېندى (ياڭجىيەن) پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ: «شىمالىي جۇ خانلىقىدىن بويان چاڭئەندە تۇرۇپ، كىمخاپ تون كىيىپ، گۆش يەپ يۈرۈۋاتقان بىر نەچچە مىڭ تۈركنى بىر يولىلا قايتۇرۇۋەتتى.» ㉖ ياڭجىيەننىڭ تۈركلەرنى چاڭئەندىن قايتۇرۇپ ئېتىشى، تاۋار خاقان ۋاپاتىدىن كېيىن، ساۋارلوغا ياتلىق بولغان مەلىكە چەنچىنىڭ كۈشكۈرتىشى نەتىجىسىدە تۈرك خاقانلىقى بىلەن سۇي سۇلالىسى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت يامانلاشتى. ياڭجىيەن سەددىچىن سېپىلىنى ئېگىزلىتىشكە ۋە قوشۇن توپلاشقا باشلىدى.

سۇي سۇلالىسى ئۆزى ئۈچۈن ناھايىتى خەتەرلىك بولغان تۈرك خاقانلىقىنى پەقەت ھەربىي كۈچقا تايىنىپ يوقاتقىلى بولمايدىغانلىقىنى باشتىلا سەزگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇي ۋېندى: تۈركلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چېچىپ، بىر-بىرى بىلەن سوقۇشتۇرۇپ ئاخىردا ئۇلارنى يوقىتىش تەدبىرىنى يۈرگۈزۈش قارارىغا كەلگەن ئىدى. مۇنداق تەدبىرنى، سۇي ۋېندىغا، جاڭسۇنشىڭ كۆرسىتىپ مۇنداق دېگەن ئىدى. «ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، تۈركلەرنىڭ يىراقتىكىسى بىلەن دوستلىشىپ، يېقىندىكىلىرىگە ھۇجۇم قىلساق، كۈچلۈكلىرىنىڭ ئارىسىنى بۇزۇپ، ئۇلارنى بۆلۈپ، ئاجىزلىرى بىلەن بىرلەشسەك، ...... ئون نەچچە يىلدىن كېيىن پۇرسەت تېپىپ، تۈركلەرگە يۈرۈش قىلساق، بىرلا ھۇجۇم بىلەن ئۇلارنىڭ دۆلىتىنى يوق قىلىۋېتىمىز.» (ئەسلى خەنزۇچە نۇسخىسى تىرناق ئىچىگە بېرىلدى

(原文：《 “……今宜远交而近攻
强而合弱，……十数年后，承寡讨之，必可一举而空其国矣。” 》

سۇي ۋېندى، جاڭسۇنشىڭ كۆرسەتكەن تەدبىر بويىچە تۈرك خاقانلىرىنىڭ ئارىسىنى بۇزۇپ، ئۇلارنى بىر بىرى بىلەن سوقۇشتۇرۇپ قويۇشتا ئۆز يېنىغا تارتىپ ئالغانلىرىغا مەلىكە قىزلارنى ياتلىق قىلىش، ئىسىل سوۋغا سالاملارنى بېرىش، نۇرغۇن پۇل سەرپ قىلىپ سېتىپ ئېلىش، ئىغۋا تارقىتىش، زورلۇق تېپىلغاندا ھەربىي كۈچ بىلەن ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللاندى.

مەسىلەن: سۇي سۇلالىسى، ساۋارلو خاقاننىڭ ئوغلى كىممەن تۆرى خاقاننى يېنىغا تارتىپ ئۇنى چولق خاقان تۈگگا تۈران خاقانغا قارشى ئاتلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا، ئەنىبى (مىلادىنىڭ 597-يىل)، يىچىڭ ئاتلىق ئىككى مەلىكەنى يات-

لىق قىلغان. چاڭسۇڭشىنىڭ مىلادىنىڭ 584- يىلى تۈرك خاقانلىقىنىڭ شەرقىي تېر- تورىيىسىدە ياشايدىغان توڭگوسلارنىڭ (مانجۇ، موڭغۇللارنىڭ ئەجدادلىرى) ئارىسىغا ئوغۇرلۇقچە بېرىپ، ئۇلارنى تۈركلەرگە قارشى قوزغۇتۇش ئۈچۈن، ئۇي، تاتابىي، شىرۋى، قىتانلارغا نۇرغۇن پۇللارنى سوغا قىلىپ ئۇلارنى يول باشلىغۇچى قىلىدۇ. ㉘

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سەۋەبلەرگە كۆرە، مىلادىنىڭ 582- يىلىدىن باشلاپ تۈركلەر بىلەن جۇڭگو ئارىسىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلار باشلاندى.

مىلادىنىڭ 582- يىلى ساۋارلو خاقان 400 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن، غەربتە گەنسۇدىن ئارتىپ شەرقتە خېبېيگىچە بولغان جايلارغا بېسىپ كىرىپ يېڭى قۇرۇلغان سۈي سۇلالىسىغا بىر نەچچە يۆنىلىش بويىچە ھۇجۇم قىلدى. تۈرك قوشۇنلىرى شى- ئەنگە ئانچە يىراق بولمىغان جايغا بېسىپ كەلدى. سۈي سۇلالىسى ئېغىر خەۋپ ئاستىدا قالدى. ھەل شۇ چاغدا، تۈركلەرنىڭ بۇ قېتىمقى يۈرۈشىگە قاتناشقان بىلگە تاردۇ خاقان (تۈرك خاقانلىقىنىڭ غەرب تەرىپىنى باشقۇرىدىغان خاقان) چوڭ خا- قان ساۋارلونىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماي قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ كېتىدۇ. قوسىقىدا ئاداۋەت ساقلاپ يۈرگەن ئاپا خاقانمۇ (بۇمۇ يۈرۈشكە قاتناشقان) سۈي سۇلالىسى ھېيلىگەرلىرىنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ، ئۆز ئالدىغا سۈي سۇلالىسى ئوردىسىغا بېرىپ ياڭجەننى زىيارەت قىلىدۇ. بۇنداق ۋەقەلەر يۈز بەرگەندە، ياڭجىيەننىڭ ۋەزىرى چاڭسۇڭشىنىڭ، ساۋارلو خاقاننىڭ ئىشتىتىمەدىكى زامقانغا ئەلچى ئەۋەتىپ: «ساۋارلو خاقانغا قارشى تورا (شەرقىي ئۇيغۇرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ) قاتارلىقلار ئىسيان كۆتەردى. ئۇلار خاقاننىڭ ئوردىسىنى بېسىپ ئالماقچى» ㉙ دەپ يالغاندىن ئەخۋال تارقىتىدۇ. زامغان ئارقىلىق ئەخۋالغا ئىشەنگەن ساۋارلو خاقان تۈرك قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ كېتىدۇ. ساۋارلو خاقان شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىگە ۋاپاسىزلىق قىلغان ئاپا خاقانغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلىدۇ. ئاپا خاقان غەربكە - بىلگە تاردۇ خاقاننىڭ قېشىغا قېچىپ كېتىدۇ. بىلگە تاردۇ خاقان، ئاپا خاقانغا يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇن بېرىپ، ئۇنى چوڭ خاقان ساۋارلوغا قارشى ماڭ- دۇرىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ساۋارلو خاقان بىلەن ئاپا خاقان ئارىسىدا بىرنەچچە يىللىق ئۇرۇش بولىدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا: تۈرك خاقانلىقى ساۋارلو خاقان (581—587) دىن ئارتىپ، چۈر باغا خاقان (587—588)، توڭگا تۇران خاقان (588—600) غىچە بولغان 20 يىل ئىچىدە، ئۆزئارا داۋام قىلغان ئۇرۇشلار، سۈي سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك سىياسىتى قاتارلىق سەۋەبلەرگە كۆرە؛ ئاخىر بېرىپ شەرقىي تۈرك ۋە غەربىي تۈرك خاقانلىقلىرىغا بۆلۈنۈپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئىزاھات:


①② مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى.

③④ يىلماز ئۆز تونا: «تۈركىيە ئومۇمىي تارىخى» تۈركچە نەشرى، 1-توم 19- 20- بەتلەر

⑤⑥ «شىمالىي جۇ سۇلالىسى يىلنامىسى» 50-جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»

⑦ «سۇي سۇلالىسى يىلنامىسى» 84- جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»

⑧ «شىمالىي سۇلالىلەر يىلنامىسى» 98- جىلد، «ئاۋارلار ھەققىدە قىسسە»

⑨⑩⑪ «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى»، 1- توم ئۆز بېكچە 118، 119، 120-بەتلەر

⑫ «لىياڭ سۇلالىسى يىلنامىسى»، «ئېفتالىتلار ھەققىدە قىسسە»

⑬ «شىمالىي جۇ سۇلالىسى يىلنامىسى»، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»

⑭⑮ «ئۆز بېكىستان س س ر تارىخى»، ئۆز بېكچە، 1-توم، 135، 136-بەتلەر

⑯ «كونا تاڭ يىلنامىسى» 194-جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»

⑰ چاۋاننىس (فىرانسۇز تارىخچىسى): «غەربىي تۈركلەر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» خەنزۇچە، 220-بەت

⑱ جوجىرو: «جۇڭگو بىلەن غەرب ئارىسىدىكى قاتناش تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» خەنزۇچە، 103-110- بەتلەر

⑲ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ئۇيغۇرچە 1937-يىل 3-سان 33-بەت

⑳㉑㉒ «قامۇسنامە»، 165-جىلد 166-جىلد 167-جىلد

㉓ «شىمالىي جۇ سۇلالىسى يىلنامىسى» 50-جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»

㉔㉕ «سۇي سۇلالىسى يىلنامىسى»، 84-جىلد

㉖ «قامۇسنامە» 197-جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»

㉗㉘ «سۇي سۇلالىسى يىلنامىسى» 15-جىلد، «جاڭشوگشىلىق ھەققىدە قىسسە»

㉙ سىماگۇاڭ «قامۇسنامە» 175- جىلد

ياڭزىجۇ: «سۇي، تاڭ بەش سۇلالە تارىخىنىڭ تىزىسلىرى»، خەنزۇچە، 16- بەت


---

(بېشى 123— بەتتە)

قوليازما ئەسەرلىرىنىڭ كۆپلىكىنى كۆردى. ھاجى نۇرھاجىنىڭ دوكىلاتىغا ئاساسلانغاندا بۇ كاتالوگدا يۈسۈپخاس ھاجىپ، مەخمۇت قەشقەرى، ئەخمەت يۈكنەكى، لۇتفى سەككاكى، ئاتايى، ناۋايى، خۇزۇلى قاتارلىقلارنىڭ قوليازمىلىرىمۇ بار ئىكەن. پەقەت ئەلشىر ناۋايىنىڭ 25 پارچىدەك يىرىك قول يازما ئەسىرى لۇتفىنىڭ «گۇل ۋە نەۋرۇز» قاتارلىق بىر قانچە قوليازما ئەسىرى. فۇزۇلىنىڭ «گۇل ۋە بۇلبۇل» قاتارلىق ئون نەچچە ئەسىرى ئاتاغلىق تارىخشۇناس مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى» دېگەن ئەسىرىنىڭ فارسچە ئىككى توملۇق نۇسخىسى بار ئىكەن.

(ھاجى نۇرھاجىنىڭ ئەنگلىيەنىڭ شەرقىي ئافرىقا تەتقىقات داشۆسىدە ئۆتكۈزۈلگەن «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» غا قاتنىشىش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكىلاتىغا ئاساسەن تەييارلاندى).

# «يېڭىسار» نىڭ تارىخى ھەققىدە ئىزدىنىش

ئىبراھىم نىياز، يونۇس سەمەت

يېڭىسار ناھىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي-جەنۇبىي تەرىپىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ (تارىم ئويمانلىقىنىڭ) غەربىي گىرۋىكىگە، كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، قەدىمكى بۈيۈك كارۋان يولى (يىپەك يولى) نىڭ تۈگۈنىدىكى بىر شەھەر. ئۇ ھازىر قەشقەر — خوتەن، قەشقەر — ئالىي تاشيولىنىڭ مۇھىم نوقتىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

يېڭىسارنىڭ غەربىي جەنۇب ۋە غەربىي شىمال تەرىپى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقتۇ ناھىيىسى بىلەن، شەرقىي ۋە شەرقىي — جەنۇبىي قىسمى يەكەن، يوپۇرغا ناھىيىلىرى بىلەن چېگرالىنىدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 3مىڭ 900كۋادرات-نى كىلومېتىر، شەرقىي بىلەن غەربىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن ئارىلىقى 125كىلومېتىر، جەنۇبىي بىلەن شىمالىنىڭ ئۇزۇن ئارىلىقى 70كىلومېتىر كېلىدۇ.

بۇ ناھىيىدە ئەمگەكچان، باتۇر، ئېقىل-پاراسەتلىك 157مىڭ ھەر مىللەت خەلقى ياشايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 86.8 پىرسەنتنى تەشكىل قىلغان ئۇيغۇر خەلقى مۇشۇ زېمىندا ئۇزۇن تارىختىن بۇيان ياشاپ، بوز يەر ئېچىپ، ئۆستەڭ قېزىپ، ئىگىلىك تىكلەپ، پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان.

يېڭىسار مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2-ئەسىردىن تارتىپ XX ئەسىرگىچە شەھەر نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئالتە شەھەرنىڭ بىرى، بۇ شەھەر خەلقى ئاتا-بوۋىلىرىدىن تارتىپ دېھقانچىلىق، مېتالچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، باغۋەنچىلىك، كۆلالچىلىق بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ كەلگەن. دېھقانچىلىقتا بۇغداي، كۆممە قوناق، پۇرچاق، ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن

كېۋەز، زىغىر، ئاپتاپپەرەسلەرنى ئۆستۈرىدۇ.

ئەڭ قەدىمكى بۈيۈك كارۋان يولى (يىپەك يولى) نىڭ شىمالىي يولىدىكى ئىنگىز يار قاراۋۇلىدىكى مېتال تاۋلاش ئوچاقلىرى خېلى ئۇزۇن تارىخنى ئەسلىتىدۇ. يېڭىسار خەلقى خېلى ئۇزۇن دەۋرىدىن بۇيان مۇشۇ جايدىن تۆمۈر رودىسى ئېلىپ، شۇ جايدا يەرلىك ئوچاق ياساپ تۆمۈر تاۋلىغان. مۇشۇ ئاساستا يېڭىسار پىچىقى ۋە شانىياز كەتمىنى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدا داڭ چىقارغان. 1958—1959-يىللاردىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» تە قەشقەر كونا شەھەر، يېڭىشەھەر، يېڭىسار، يوپۇرغا خەلقى ئەنە شۇ ئىنگىز يار قاراۋۇلدىكى قەدىمكى پولات تاۋلاش مەيدانىدا تاغدىن رودا، كۆمۈر ئېلىپ كېلىپ كۆمۈر— پولات تاۋلىدى. شۇنىڭلىق ئۈچۈن يېڭىسار خەلقى پارقىراق، رەڭدار، كەسكۈر، كۆركەم يېڭىسار پىچىقىنى ياساپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شىنجاڭغا، قىسمەن ئىچكى ئۆلكىلەر، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئەرەبىستانغا تارقالدى. بۇ ئاساسەن يىپەك يولىدىكى كارۋانلار بىلەن مەككىگە ھەجگە بارغانلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن بارغان. ئازاتلىقتىن كېيىن يېڭىسار پىچىقى دۆلىتىمىز دائىرىسىدىن ھالقىپ، ئاسىيا، ياۋروپا، ئامېرىكا، ئوكيانىيە، ياپونىيە قاتارلىق رايونلار ۋە ئەللەرگە تارقىلىشقا، خەلقئارا بازارغا قاتنىشىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش سىياسىتى يۈرگۈزۈلگەندىن كېيىن يېڭىسار پىچىقىنىڭ خەلقئارالىق بازىرى يەنىمۇ كېڭەيدى.

يېڭىسارنىڭ تۇپرىقى قاتتىق ۋە تاشلىق بولغاچقا يېڭىسار خەلقى مۇشۇ تۇپراققا ماس بولغان ئالاھىدە يېزا ئىگىلىك قورالى بولغان كەتمەننى ئىجات قىلىپ ئىشلىتىپ كەلدى. بۇ كەتمەننىڭ كۆركەم، پۇختا، كەسكۈر (چېپىشلىق) لىكىگە ئاساسەن بەزى كىشىلەر «شانىياز كەتمىنى» دەپ ئاتاشتى ھەم ئۇنى قىزغىن سېتىۋېلىپ ئىشلىتىپ كەلدى. شانىياز كەتمىنى دېگەن نام ئەنە شۇنداق ھۈنەر مۇجەسسەملەنگەن ئۆتكۈر كەتمەنگە ئېيتىلغان.

باغۋەنچىلىكتە دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان مۆتىدىل بەلۋاغ مېۋىلىرىدىن بولغان ئۆرۈكلۈك، شىپالىق رولى چوڭ بولغان «بادام» ئۆستۈرۈشتە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. يەكەندىن قالسا يېڭىسار— جەنۇبىي شىنجاڭ دائىرىسىدە بادام ماكانى ھېسابلىنىدۇ.

يېڭىسار بادىمى قەغەز بادام، قاپاق بادام، تاش بادام، قاتارلىق بىر قانچە خىلغا بۆلىنىدۇ. يېڭىسار بادىمى مەملىكەت ئىچكى ۋە خەلقئارادىكى بازارغا ئىگە مەھسۇلات. يەنە باغۋەنچىلىكتە ئۈزۈم، شاپتۇل، ئانار، ئامۇت، ئالما، گىلاس قاتارلىقلاردىن باشقا، رەڭگىنىڭ چىرايلىقلىقى، ئەتلىك، تەملىكلىكى بىلەن پۈتۈن شىن—

جاڭغا مەشھۇر بولغان «سەنئەت ئۆرۈكى»، تويۇن قاتارلىق ئۆرۈكلەر بىلەنمۇ داڭلىقتۇر.

يېڭىسار، يۇقىرى تېخنىكىلىق كۈلالچى ئۇستىلارنى يېتىشتۈرگەن، مەشھۇر كۈلالچى ھاشىم ئىبراھىم ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھازىرقى زامان كۈلالچىلىقىدا نەپىس ھۈنەر-سەنئىتى بىلەن ئالاھىدە تونۇلۇپ كەلگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ كۈلالچىلىق مەھسۇلاتى مەملىكەت ۋە دۇنيا خەلقىنىڭ سېتىۋېلىشىغا ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. ئۇ ياساپ چىققان مەھسۇلاتلار 27خىلدىن ئاشقان. ئۇ ياسىغان ئاپتۇۋا، چەلاپچا، قەندان، چوگۈن قاتارلىقلار مەملىكەت ۋە خەلقئارادىكى دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئۇ ئىشلەپچىقارغان بىر قىسىم مەھسۇلاتلار ئاپتونوم رايونلۇق قول سانائەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسىدە بىرىنچى دەرىجىدە باھالىنىپ، مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

دېمەك، يېڭىسار خەلقى ئەزەلدىن قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى ئالاھىدە راۋاجلاندۇرۇپ، ئېلىمىز ۋە دۇنيا خەلقىنى ئۆزىگە خېرىدار قىلىپ كەلدى.

1. «يېڭىسار» دېگەن نام ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى

يېڭىسار ناھىيىسى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قەدىمى شەھەر. ئۇ، غەربىي خەن دەۋرىدە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 206-يىلدىن 24-يىلغىچە) جۇڭگونىڭ تارىخ كىتابلىرىدا خاتىرىلەنگەن غەربىي يۇرتتىكى 36بەگلىكنىڭ بىرى بولغان يىنەي دۆلىتى ئىدى. مۇشۇ مەلۇماتتىن قارىغاندا، يېڭىسار 2مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. ھازىر بىز ئاتاپ كېلىۋاتقان يېڭىسارمۇ مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە مەشھۇر شەھەر.

يېڭىسار ھەققىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

قاراخانىلار سۇلالىسىنى قۇرغۇچى بىلگە كۆل قادىرخاننىڭ نەۋرىسى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان (ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى ئىسمى ئابدۇكېرىم) مىلادى 955-يىلى ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغۇللىرى — ھەسەن بۇغراخان، ھۈسەيىن بۇغراخان، قىلىچ بۇغراخان ۋە نەۋرىسى يۈسۈپ قىدىرخانلار ئاتىسىنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىش ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ئۇرۇشلارنىڭ كۆپىنچىسى يەكەن، يېڭىسار ۋە يېڭىشەھەر دائىرىسىدە بولىدۇ.

ھەسەن بۇغراخان تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ئۇيغۇرلار بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا (قەشقەر ئۇيغۇرلىرى بىلەن ئودۇن بۇددىس ئۇيغۇرلىرى ئوتتۇرىسىدا) ئۇزۇن يىل قانلىق توقۇنۇش بولۇپ، دەھشەتلىك ئۇرۇشلار ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىلادىيە 999-يىلى ئىككى قوشۇن ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا، بۇددىست قوشۇنلىرىنىڭ پادىشاھسى ياغلا قالقالىق (بەزى ماتېرىياللاردا خالخال ماچىدە ۋە چىكالىق دەپ ئاتالغان) ئەسكەرلىرى قەدىمكى سۆلىكە قاراشلىق «ئەسكى ھىسار» قەلئەسىنى قورشىۋېلىپ، قەشقەر ئىسلام قوشۇنلىرى بىلەن بۇ جايدا ھايات-ماماتلىق ئۇرۇشى قىلىپ بېرىپ، شەھەرنى ۋەيران قىلغان.

مىلادىيە 1009-يىلى شۇ دەۋردىكى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھسى يۈسۈپ قادىرخان غازىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، يۈسۈپ قادىرخان غازىنىڭ ئىنىسى سەيد ئەلى ئارسلانخان بۈيۈك كارۋان يولىنىڭ جەنۇبىي يولى بىلەن ئوتتۇرا يولى تۇتىشىدىغان جايى ھېسابلانغان يەكەن بىلەن قەشقەر، ئۈزۈن بىلەن قەشقەر ئارىلىقىدىكى ستراتېگىيىدە مۇھىم بىر جايغا قەلئە ياكى قورغان بىنا قىلىشقا كىرىشىدۇ.

ھازىرقى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ توپلۇق يېزىسىغا قاراشلىق «مۇزلۇق» كەنتىدە يېڭىدىن بىر قورغان سالدۇرغان، كېيىن كېڭەيتىلىپ شەھەرگە ئايلانغان. بۇ شەھەرنى بىنا قىلىش ئۈچۈن قەشقەر، كوسەن (كۇچار) شەھەرلىرىدىن داڭلىق بىناكارلىق ئۇستىلىرى، نەققاش، ئويمىچىلار ۋە ئەمگەك كۈچى ئېلىپ كېلىنىپ، ساغداقلار (ئوقچىلار قىسمى) نىڭ ماسلىشىشى بىلەن بۇ شەھەر تۇنجى قېتىم بىنا قىلىنغان ۋە ئەتراپىغا ئېگىز تام قوپۇرۇلغان ھەمدە بۇ شەھەرنىڭ نامىنى «يېڭىھىسار» دەپ ئاتىغان.

يېڭىدىن بىنا قىلىنغان بۇ شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىگە قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ دۆلەت بايرىقى ئېسىلغان. (قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى قىزىل ھەرەچىشلىق بايراق ئىدى.) شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىلغان بۇ بايراق 3 چاقىرىم يەردىن كۆرۈنەتتى. بايراقنى ئەرەب تىلىدا «ئەلمولا ئاھەلھەم» (لەۋھە) دەپ ئاتىغاچقا، بۇ سۆز ئۆزگىرىپ، كېيىن، «لاۋا» دەپ قىسقارتىپ ئېلىنغان ۋە «لاۋا» سۆزى يېڭىسار شەھىرىدىكى بازىرىنىڭ نامى بولۇپ قالغان. يىراق يېزا-قىشلاقلاردىن شەھەرگە كىرىپ چىقىدىغان كىشىلەر «لاۋا» غا كىرىمىز، «لاۋا» دىن كەلدۇق دېيىشكەن. بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلىدىكى شىۋەلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە مىڭ يىللار مابەينىدە، بازارنى «لاۋا» دەپ ئاتاش ئۆزگەرمەي ساقلىنىپ كەلدى. بۇ سۆز ئەنە شۇ مىڭ يىللىق يېڭىسار دەپ ئاتالغان نامنىڭ ھەقىقىي شاھىتىدۇر.

سەيد ئەلى ئارسلانخان بۇ شەھەرنى بىنا قىلدۇرغاندىن كېيىن، ئۇ، بۇ شەھەرنىڭ باشلىقى، قەشقەر ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى بولۇپ، ئاكىسى يۈسۈپ قادىرخان بىلەن بىرلىكتە خوتەن قوشۇنلىرى بىلەن نۇرغۇن قېتىم مۇشۇ جايدا ئۇ-

AltunOq

روۋش قىلغان.

يېڭىسار قەلئەسى شۇ چاغلاردا قاراخانىلار قوشۇنلىرىنىڭ ھەربىي ۋە قاتناش بازىسلىق رول ئوينىغان.

بۇ شەھەرنىڭ «يېڭىھىسار» دەپ ئاتىلىشى ھەرگىز تاسادىبىي ئەمەس. ئەينى يىللار-دا قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا — پايناپ يېزىسىدا «ئەسكى ھىسار» ياكى توختىرشىد، نوقتىرشىد شەھىرى دەپ ئاتالغان بىر جاي بولغان، ھازىر بۇ شەھەر خارابىسى توققۇزچىلىق فابرىكىسى يولىدا، قەشقەر شەھەرلىك ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئارقى-سىدا بار.

مىلادىيە 996—998-يىللىرى قەشقەر شەھىرىدە ئۇزۇن مۇددەت يوشۇرۇنۇپ، يېنىدا قەمع ساقلاپ كەلگەن ئاكا — ئۇكا توختىرىشىد، نوقتىرىشىد ئاقساقاللار باشچىلىقىدىكى بۇددىستلار (ئېھتىمال بۇلار پۇرسەت كۈتۈپ يوشۇرۇنۇپ كۈچ توپلىغان بولىشى مۇمكىن.-ئا) قەشقەر مۇسۇلمان ئۇيغۇر قوشۇنلىرىغا قارشى قوزغىلىق توپىلاڭ كۆتىرىپ بۇ قەلئەنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ. نەتىجىدە قەشقەر شەھىرىدە توختىرشىد، نوقتىرشىد توپىلاڭچىلىرى بىلەن قەشقەر ئۇيغۇر ئىسلام قوشۇنلىرى ئوتتۇرسىدا بىر مەيدان ئۇرۇش يۈز بېرىدۇ. توقتىرىشىد، نوقتىرىشىدلار مەغلۇب بولىدۇ. توختىرىشىد ئاقساقال مەغلۇ-بىيەتكە تەن بەرمەي ئۆزىگە ئوت قويۇپ ئۆلۈۋالىدۇ. نوقتىرىشىد قالدۇق قوشۇنلىرى بىلەن قېچىپ خوتەن بۇددىس قوشۇنلىرىنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ.

نوختىرىشىد خوتەن بۇددىس قوشۇنلىرى تەرەپكە ئۆتكەندىن كېيىن، بۇددىس قوشۇن-لىرى قايتا كۈچىيىپ، يېڭىسارغا بېسىپ كىرىدۇ. ئىككى قوشۇن يېڭىسارنىڭ ئا-تۇنلۇق (ئوردا پادىشاھىم) دېگەن جايدا ئۇرۇش قىلىدۇ، بۇددىستلار قاراخانىلار ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانى سەيىد ئەلى ئارسلانخاننىڭ ياش، باتۇر، شىجائەتلىك، تەدبىرلىك، قەيسەر قوماندان ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭغا ئاشكارە ھۇجۇم بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى، ئەڭ مۇھىمى سۇيقەست، ھىلە-مىكىر بىلەن بىر تەرەپ قىلىش لازىملىقىنى ئويلاپ، جاسۇس — ئىشپىيون كىرگۈزۈش ئارقىلىق، ئارسلانخان ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن بىللە نامازغا تۇرغان پۇرسەتتىن پاي-دىلىنىپ، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، قەشقەر قوشۇنلىرىنى تامامەن قەتلى قىلىدۇ. سەيىد ئەلى ئارسلانخانمۇ شېھىد بولىدۇ. نوختىرىشىد سەيىد ئەلى ئارسلانخاننىڭ كال-لىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، نەيزىگە سانچىپ، قەشقەرگە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، قەشقەرنى بېسىۋالىدۇ ۋە ئارسلانخاننىڭ كاللىسىنى ئەسكى ھىسار شەھەر سېپىلى-گە ھىلاپ مۇسۇلمانلارغا ئىبرەت قىلماقچى بولىدۇ. بۇنى كۆرۈپ غەزەپلەنگەن خەلق، ئىسلام قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ بۇددىست قوشۇنلىرىغا قايتا زەربە بېرىشكە

ئاتىلىدۇ. بۇ خەۋەردىن كېيىن، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ فامىرىنىڭ غەربىدە تۇۋرۇشلۇق ئاساسىي قوشۇنىمۇ قوزغۇلۇپ، قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەر خەلقىنىڭ ياردىمى بىلەن خوتەن بۇددىس قوشۇنلىرى بىلەن ئوقتۇرۇشىدە قوشۇنلىرىنى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. دۈشمەنلەر ئەسكى ھىسارغا بېكىنىۋېلىپ، شەھەر ئىچىدىكى ئۆزۈق — تۈلۈك، تاش — توقماق دۆۋلەۋېلىپ، ئۈچ جايدىن قۇدۇق كولاپ قاتتىق مۇداپىئە قىلىدۇ.

قاراخانىلار قوشۇنلىرى ئەسكى ھىسار قەلئەسىنى بەش ئاي مۇھاسىرىگە ئالىدۇ؛ ئاخىرى بۇددىستلارنىڭ ئۆزۈق — تۈلۈكى تۈگەپ، ھەممىنى تاشلاپ خوتەن تەرەپكە قاچىدۇ. ئۇلار قاچقاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ئارسلانخاننىڭ بېشىنى ئېلىپ كېلىپ، تۈمەن دەرياسىنىڭ شەرقى قىرغىقىدا دەپنە قىلىدۇ. ئارسلانخان مازىرى دەپ ئاتالغان مازار ئەنە شۇنداق بارلىققا كەلگەن.

ئارسلانخان مازىرىنى قەشقەر ئۇيغۇرلىرىلا ئەمەس، پۈتكۈل شىنجاڭ خەلقى ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرمۇ ئالاھىدە ئۇلۇغلايدۇ. شىنجاڭ خەلقى بۇ جاينى مىڭ يىلدىن بۇيان تەرك ئەتمەي ئۇلۇغلاپ، تاۋاپ قىلىپ كەلمەكتە. ھەمدە مەرھۇم — مەردانىلارنىڭ قەبرىگاھى دەپ ئاتىماقتا. ئارسلانخان مازىرى دەپ ئاتالغان بۇ جايدا ھەشەمەتلىك گۈمبەز ئىچىگە ئېلىنغان قەۋرە، چوڭ جامە، كەڭ زاراتكارلىق، شەرق تەرىپىدە نۇر ئەلا خېنىم گۈمبىزى قاتارلىقلار بار. بۇ مازار ھازىر قەشقەر شەھىرى ئەتراپىغا ئۆزلۈكسىز كېڭىيىپ، پەيدىن — پەي شەھەر ئىچىگە يېقىنلاشماقتا. مازارنىڭ جەنۇبىدا قەشقەر توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، گېئولوگىيە ئەترىتى، شىمالىدا يۇقۇملۇق ئۆپكە كېسەللىرى دوختۇرخانىسى، پارتىيە مەكتىپى ۋە قەشقەر مېھمانخانىسى، شەرقىدە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى بار.

دېمەك، قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەسكى ھىسار دەپ ئاتالغان بۇ قەلئە، شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا تامامەن ۋەيران قىلىپ تاشلاندى. شۇڭلاشقا ئاساسەن، 1009 — يىلى قۇرۇلغان كېيىنكى قەلئەنى «يېڭىھىسار» دەپ ئاتالغان. ئۇ ئەسكى ھىسارغا نىسبەتلەشتۈرۈپ قويۇلغان نام بولۇشى مۇمكىن.

ئارسلانخان مازىرى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، قەۋرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا «پەيغەمبەر ئۈچۈن» جەڭ قىلىپ ئۆلگەن ئارسلانخان دەپ يېزىلغان ئىكەن، دېيىلىدۇ.

سەيد ئەلى ئارسلانخان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى يەنى ئۇبۇلھەسەن بۇغراخاننىڭ ئاچىسى ئاينۇر مەلىكەنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، قاراخانىلار دەۋرىدىكى تالانتلىق قوماندان، مەشھۇر شەخس، مىڭ يىلدىن بۇيان خەلق ئۇلۇغلاپ كېلىۋاتقان كىشىلەردىن بىرى.

## يېڭىھىسار شەھەر قەلئەسىنىڭ تەرەققىياتى

يېڭىھىسار قەلئەسى مىلادى 1009 — يىلى بىنا قى-

لىنىدى. 1179—يىلى (ھىجىرىيە 430—يىلىدىن 600يىللىرى) غىچە بولغان مەزگىللەردە داۋاملىق مۇستەھكەملىنىپ گۈللەندى.

يېڭىسار شەھىرىدىكى مىمار—بىناكارلىق، ئىشلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي بىناكارلىق سەنئىتى ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، شەھەر رەستىلىرى كۆركەم، ئاھالىلار ئولتۇراق جايلىرى قويۇق ۋە رەتلىك، ھېيتگاھ، جامە، مەدرىس، كارۋان سارايلىرى، دۇكانلاردىن تەركىب تاپقان مۇكەممەل شەھەر بولغان.

مىمارچىلىق—بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ[1] ئىسىل بىناكارلىق سەنئىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا، پارسىيە ۋە ئەرەب بىناكارلىق ھۈنەر سەنئىتى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ناھايىتى ھەشەمەتلىك بىنالار، پەشتاق، مۇنارلار، خۇددى ئاسمان گۈمبىزى بىلەن بەسلىشىۋاتقاندەك قەد كۆتىرىپ تۇرغان ئىگىز، سىرلىق گۈمبەزلەر سېلىنغان.

مىلادى 1218—يىلى چىڭگىزخان جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن، يېڭىسار شەھىرىنىڭ ئورنى ھازىرقى توپلۇق يېزىسىنىڭ مۇزلۇق كەنتىدىن، ئەگۈس دېگەن يېزىغا يۆتكەلدى. ھازىر شۇ چاغلاردىكى يېڭىسار شەھىرىنىڭ كونا ئورنى مۇزلۇقتا، خان سېپىلىنىڭ ئورنى ئەگۈستە، قەدىمكى سېپىلىنىڭ خارابىسى ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى ئويۇلغان خاتىرە تاش ساقلىنىپ كەلمەكتە. مىلادى 1279—يىلىدىن 1479—يىلغىچە بولغان 200يىل ئىچىدە يېڭىسار شەھىرىنىڭ (بىز يېڭى—يېڭىسار دەپ ئاتىغان، 2—قېتىم بىنا قىلىنغان شەھەرنىڭ) ئورنى ئەگۈستە داۋاملىق ساقلاندى.

مىلادى 1479—يىلى قەشقەر، يەكەنلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان مىرزا ئابابەكرى (مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى 1514—يىلى سەئىدخان تەرىپىدىن يوقۇتۇلغان) دەۋرىدە، يېڭىسار شەھىرىنىڭ ئورنى ئەگۈس دېگەن جايدىن ھازىرقى يېڭىسار بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى داشقاللىق دېگەن جايغا يۆتكەلدى. مىرزا ئابابەكرى بۇ جايدا كىچىكرەك سېپىل سوقتۇرۇپ، ئەمەلدار، ئەسكەر تۇرىدىغان ئورۇن قىلدى. شۇندىن تارتىپ ھازىرغىچە يېڭىسار شەھىرى ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ كەلدى، كېڭەيدى ۋە يېڭىلاندى.

1839—يىلى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان زوھۇردىن ھاكىمبەگ مەنچىڭ پادىشاھىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە شەھەر ئەتراپىنى تام سېپىل بىلەن ئىھاتە قىلدى. ھازىر شۇ چاغدا سوقۇلغان تام— سېپىل بار جايلارنى كىشىلەر «سېپىل ئارقىسى» دەپ ئاتىشىدۇ.

مۇشۇ ۋاقىتلار، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئېغىر كرىزىسقا دۇچ كەلگەن، مەملىكەت خەلقى قوزغىلىپ زۇلۇمغا قارشى تۇرۇۋاتقان مەزگىل ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خەلقنىڭ مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن باشقا جايلاردىكىگە ئوخشاش قەشقەر

ئەتراپىدىكى شەھەر، بازار ۋە چەكرا جايلاردا قورغان ۋە چاردىۋارلارنى كۆپلەپ بارلىققا كەلتۈردى. بۇ دەۋردە يېڭىسار بازىرىنىڭ ئەتراپىغا كىچىك سېپىل سوقۇلدى. شەھەر بازىرىنى ئاۋام خەلق يەنىلا «لاۋا» دەپ ئاتىدى.

بۇ مەزگىلدىكى يېڭىسار شەھىرىنىڭ ئورنى كەڭ، كوچىلىرى ئاۋات، سودا-سېتىق ئىشلىرى راۋاجلانغان بولۇپ، شەھەر مەركىزى «يېڭىشەھەر ئىچى» دەپ ئاتالدى. زوھۇرىدىن ھاكىم بەگ شۇ يەرنىڭ باي مۆتىۋەرلىرىدىن ئىبراھىم بەگ ھاجىنى شەھەر ئىچى بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن. (بۇ ئەمەل ھازىرقى جىڭلىق ھۆكۈمەتكە باراۋەر كېلىدۇ.) ئىبراھىم بەگ ھاجى بۇ مەزگىلدە يېڭىسار خەلقىگە نۇرغۇن ئالۋاڭ-ياساق، ھاشا-مەدىكار، سېلىق سېلىپ، شەھەر سىرتىغا ئېگىز ئۆيلەرنى ۋە ئاددىي سېپىل سوقتۇرغان. بۇ سېپىل 1835-يىلى پۈتتۈرۈلگەن (ھازىر بۇ سېپىلنىڭ ئورنى قاش بازىرىنىڭ يېنىدا بولۇپ، ئىزى ساقلانغان).

1859-يىلى (ھىجرىيە 1280-يىلى) قەشقەرگە قىرغىز سىدىقبەگ ھاكىم بولدى. (ھازىرقى ۋالىغا تەڭ). ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يېڭىسارغا ئەنساربەگ دېگەن كىشى ئامبال بولۇپ كەلدى.

1869-يىلى بەدۆلەت —مۇھەممەت ياقۇپخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، يېڭىسار شەھىرى قەشقەر شەھىرىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا بولۇپ، بۇشەھەرگە ئەنجانلىق ئابدۇراخمان دادىخان دېگەن كىشى ئامبال قىلىپ تەيىنلىنىپ ئەۋەتىلگەن. بۇچاغدا يېڭىسار شەھىرىدىكى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى ئارىسىدا ھوقۇق مەنپەئەت تالىشىش ئۇرۇشلىرى ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغان، بۇ قالايمىقانچىلىقلار تۈپەيلىدىن پۈتكۈل شەھەر، يېزا قىشلاقلارنىڭ يېزا ئىگىلىك، قول-سانائەت ۋە سودا-سېتىق ئىشلىرى ھېسابسىز زىيانغا ئۇچراپ، خەلق نامراتلىق ئىچىدە قالغان ئىدى.

بەدۆلەت ھۆكۈمرانلىقى 1876-يىلىدىن 1878-يىلىغىچە بولغان ئىككى يىل ئىچىدە پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەشقەرگە بەلگىلىگەن دوتىيى يېڭىسارغا سۇپۇرگە بەگ، دېگەن كىشىنى ئامبال قىلىپ تەيىنلەيدۇ. سۇپۇرگە بەگ دەۋرىدە، شەھەر ئىچى بېگى ئىبراھىم بەگ ھاجى بولۇپ، بۇ كىشىمۇ قەشقەر دوتىيىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ناھىيە بازىرىنىڭ ئورنىنى كېڭەيتىدۇ. شۇ چاغدىكى ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا يېڭىشەھەر ئىچى دەپ بىر بازار قۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا سېپىل سوقتۇرىدۇ. شەھەردە ئامبال، دايى، توڭچى، چېرىكلەر تۇرىدىغان ئايرىم ئورۇن تەيىنلەپ، بۇ جاينى يامۇل دەپ ئاتايدۇ. شەھەرنىڭ چوڭ سېپىلىنىڭ ئىچىنى ئايلاندۇرۇپ، ئەتراپىغا يەنە سېپىل سوقتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى قات سېپىل ھاسىل بولىدۇ. بۇ سېپىل 3 يىلدا پۈتكە-

دۇ. ئېچكەركى سېپىل هازىرقى يېمەك-ئىچمەك شىركىتى، تاشقىرقى سېپىل هازىرقى ئاشلىق ئىدارىسى، ئالاقىلىشىش پونكىتى، مال بازىرى تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئېچكەركى سېپىل ئىچىدە مەخسۇس ئامبال، چېرىكلەر تۇرغان بولۇپ، ئوردا دەپمۇ ئاتىلاتتى. مۇشۇ مەزگىلدە يېڭىسار شەھىرىگە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن سودا-تىجارەتچى، كۆرۈكەشلەرمۇ كېلىشكە باشلىدى. بۇ چاغدىكى ناھىيە بازىرىمۇ يەنىلا خەلق تەرىپىدىن «لاۋا» دەپ ئاتىلىۋەردى. بۇ ئاتاش هازىرمۇ ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

## يېڭىسارنىڭ مەمۇرىي رايونلىرى

ئەينى ۋاقىتتا يېڭىسارغا هازىرقى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق ئاقتۇ ناھىيىسى تەۋەسىدىكى پاراش، جامالتىرەك يېزىلىرى قارايتتى. بۇرۇن يېڭىسار شەھىرىگە تەۋە بولۇپ كەلگەن ياپچان، هاراپ، بەشكەن يېزىلىرى يېڭىسار شەھىرىدىن ئايرىۋېلىنىپ، يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1911-يىلى شىنخەي ئىنقىلابىي ئارقىلىق چىڭ سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلدى. 1913-يىلى، يېڭىسار شەھىرى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ شەھەر يېڭىسار ناھىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. شۇلدىن تارتىپ، 2مىڭ يىلدىن بۇيان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئالتە شەھەرنىڭ بىرسى هېسابلىنىپ كەلگەن يېڭىسار شەھىرىنىڭ نامى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

شىنجاڭدا ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمى 1884-يىلىدىن كېيىن يولغا قويۇلۇپ، ئەمەلدارلار تەيىنلەنگەن ۋە ئۇلارنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش دائىرىلىرى ئايرىلغان. 1913-يىلى يېڭىسار ناھىيىسى مەمۇرىي جەھەتتىن 6 يۇرۇشكە (بەگلىككە) ئايرىپ باشقۇرۇلدى. (1913-يىلدىن 1936-يىلغىچە).

1- يۇرۇش: هازىرقى ئاقتۇ ناھىيىسىگە قاراشلىق (ئەسلىدە يېڭىسارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلگەن) بارىن، پىلال يېزىلىرى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق كەنتلەر.

2- يۇرۇش: هازىرقى ئاقتۇ ناھىيىسىگە قاراشلىق ئۆزمە ۋە بۇ يېزىغا قاراشلىق كەنتلەر.

3- يۇرۇش: هازىرقى چولپان، لومپا يېزىلىرى.

4- يۇرۇش: هازىرقى ئۈچا، ئەگۈس يېزىلىرى ۋە ئۇلارغا تەۋە كەنتلەر، سوگەت يېزىسىنىڭ تۇغچى، تىگەن كەنتلىرى.

5- يۇرۇش: هازىرقى ماكشىن (يىلانلىق) ۋە بازارلىق هۆكۈمەتكە قاراشلىق كەنتلەر.

6- يۇرۇش: هازىرقى ساغان، يېڭىيەر يېزىلىرى ۋە بۇ يېزىلارغا قاراشلىق



Altunoq

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەنتلەر.

7- يورۇش: قىزىل، توپلۇق يېزىلىرى ۋە ئۇلارغا تەۋە كەنتلەر ھەم سوگەت يېزىسىنىڭ بىر قانچە كەنتلىرى.

8- يورۇش: سەتلە، يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق سوغۇلۇق يېزىلىرى ۋە ئۇلارغا تەۋە كەنتلەر.

9- يورۇش: ھازىرقى ئاقتۇ ناھىيىسىگە تەۋە قىزىلتاغ يېزىسى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە كەنتلەر.

بۇ توققۇز يورۇش توققۇز بەگلىك ئاتىلىپ، ئۇلارغا ناھىيە ئامبىلى ھوتەيگە تەستىقلىتىپ بەگلەرنى قوياتتى. بەگلەر يەرلىك خەلقتىن بولاتتى. بەگلەرنىڭ قول ئاستىدا يۈز بېشى، توپ بېشى، ئون بېشى، قاتارلىق مەمۇرىي ئەمەلدارلار بولاتتى. بۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئوتتۇن — سامان، بىدە يىغىش، ئالۋاڭ — ياساق ئېلىش، مەدىكار ئېلىش ۋە ھەللە — پاراق ئېلىش ئىدى.

1900 — يىلىدىن 1921 — يىللىرى ئىچىدە يېڭىسار ناھىيىسىدە نىسبىي تىنچلىق داۋام قىلغان بولسىمۇ، زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيە، خورلۇق بارغانسېرى ئېغىرلاشتى. گەرچە شىنخەي ئىنقىلابى چىڭ سۇلالىسىنىڭ يېمىرىلىش ھالەتتىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي مىلىتارىست يۈەنشىكەي ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى چۆرۈپ تاشلاپ، «خانلىق» تۈزۈمىنى قايتا تىرىلدۈرۈش بىلەن شۇغۇللاندى. ئەينى يىللاردا شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلار ئۈچىدا چىققان بىيوكرات مىلىتارىستلار ئىدى. ھۆكلاشقا بۇ نىسبىي تىنچلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىنقىلاب قوزغىلىشى باشلانماقتا ئىدى. 1921 — يىلى شەھەر ئىچىدىكى بىر تۆمۈرچىنىڭ ئۆچىقىدىكى ئوت ئۆچۈرۈلمىگەنلىكتىن، شامالنىڭ يەلپۈنۈشى بىلەن يالقۇن كۆتۈرۈلۈپ شەھەرگە ئوت كېتىدۇ. بۇ ئىش كىشىلەر شېرىن ئۇيقۇدىكى ۋاقىتتا يۈز بېرىدۇ. بۇنى كۆزەتتە تۇرغان چېرىكلەر كۆرۈپ قېلىپ، خەلقنى ئويغاتماي، ئوتنى ئاران تەسلىكتە ئۆچۈرۈۋالىدۇ. مۇشۇ ئاپەتتە دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ھېساپسىز بايلىقى زىيانغا ئۇچرايدۇ. بۇ سەۋەپ بىلەن ھۆكۈمەت باج، خىراج، ئالۋاڭ — ياساقنى ئېغىرلىتىدۇ. خەلقنىڭ ئېلىكى قۇرۇپ كېتىشكە تاسلا قالىدۇ. يېڭىساردا ھايات كەچۈرۈش ئىنتايىن قىيىن بولىدۇ. نەتىجىدە ئاپەت، ئالۋاڭ — ياساق دەستىدىن ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە ئامالسىز قالغان خەلق، ئۆز ماكانى، ئەزىز يۇرتىنى تاشلاپ شىمالىي شىنجاڭغا، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپلەرگە چىقىپ كېتىدۇ. ئۆز يۇرتىدا قالغان خەلقلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ ناھايىتى يامان ئىدى. ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت خەلق ئۈستىدىكى باج سېلىق، ئالۋاڭ

ياساقلارنى زادىلا يەنىكلەتمەيدۇ. ئۇزلۇك ئۈستىگە خەلققە سىياسىي ھوقۇق، ئەركىنلىك بەرمەيلا قالماستىن، ئىنسانىي ھوقۇقىنىمۇ دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ نىسپىي تېچلىق ۋەزىيىتى ئانچە ئۇزۇنغا بارماي، 1930ـ يىللاردا كۆتۈرۈلگەن قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىگە ئەگىشىپ، يېڭىسساردا ئىنقىلاب دولقۇنلىشى ئاشكارىلىنىشقا باشلايدۇ. يېڭىسسار خەلقى مۇنەۋۋەر، باتۇر ئوغۇل ـ قىزلىرىدىن پارتىزان ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ خەلق ئىنقىلابىغا قاتناشتۇردى. قىزىل يېزىسىدىكى بەختىيار رەھىم باشچىلىقىدا 20 دىن ئارتۇق ياش قوزغىلىپ، ئات، قورال تەييارلاپ ئىنقىلاپنى باشلايدۇ. ماجۇڭيىڭنىڭ مۇشۇ مەزگىلدە شىنجاڭغا چىقىپ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىدىكى (قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى ئارىسىدىكى) ئىناقسىزلىق ۋە زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى ھەتتا پۈتۈن شىنجاڭنى تەنھا ئىگىلەپ، ئۆزى خاقان بولۇش ئۈچۈن قوزغىلاڭچىلارغا ئۇششۇمىتۇت ھۇجۇم قىلىپ، قەشقەردە تۆمۈر ئېلى سىلىڭنىڭ بېشىنى كېسىپ، 6 مىڭدىن ئارتۇق بىگۇناھ شەھەر خەلقىنى ئوققا تۇتۇپ قىرغىن قىلىدۇ. خوجانىياز ھاجى، مەھمۇد مۇھىتىلار شەھەر يېزا خەلقىنىڭ بىگۇناھ قىرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق ئەنسىرەپ، قەشقەر شەھىرىنى تاشلاپ، يەكەنگە قاراپ ماڭدى. ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى يېڭىسسارغا كەلگەندە ئىمىر ساھىت باشچىلىقىدىكى خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ داۋاملىق ئالغا باسالماي، يېڭىسسار سېپىلىنى 18 كۈن مۇھاسىرە قىلىپ، بۇلاڭچىلىق، ئوت قويۇش، ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى قىلدى. ئۇلار ئۆزى ئىگەللىۋالغان جايلاردا ئۇيغۇرلار ئىچىدىن ھوقۇقپەرەست، مەنپەئەتپەرەس بايلارنى تېپىپ، ئۇلارغا تۈەنجاڭ، يىڭجاڭ، لەنجاڭ، دېگەن ئەمەللەرنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ قولى بىلەن ئەسكەر ئالدۇرىدۇ. ۋە ئۇلارغا كىيىم، قورال تارقىتىمىز. دەپ بىر كېچىدە ئالدىنقى سەپكە ئېلىپ كېتىدۇ. ھېلىقى ھوقۇق، مەنپەئەتپەرەسلەر قۇرۇق نام بىلەن قېلىپ، شېڭ شىسەيى دەۋرىدە ئەنە شۇ قالمىدىكى تۈەنجاڭ، يىڭجاڭ، لەنجاڭ دېگەن ئەمەللەر بىلەن ئېچىپىلىنىپ قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىپ، پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلىدۇ.

ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىغا تەڭكېلەلمەيدۇ. ئاخىرى ئەڭ رەزىل، ئۆلۈك ۋەھشىي ۋاستىلاردىن پايدىلىنىپ، ئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش يولىنى تۇتىدۇ. يەنى سېپىلگە ھۇجۇم قىلىشتا، دېھقان، شەھەر ئاھالىلىرىدىن قېرىلار، ئاياللار، بالىلارنى ئالدىغا سېلىپ، بۇلارنىڭ دالدىسىدا ئۆزلىرى مېڭىپ سېپىل تۈۋىگە يېقىنلىشىدۇ. خوتەن ئىنقىلابچىلىرى ئۆز خەلقىنىڭ بىگۇناھ قىرىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆزلىرىنىڭ ئەزىز جانلىرى بەدىلىگە ئۇلارنىڭ ھاياتىنى قوغداپ، ئۆزلىرى تۆكەشتى. دۈشمەن خەلقنىڭ دالدىسىدا سېپىلگە يېقىنلاپ كېلىپ، سېپىلنى، دارا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن پارتىلىتىپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى.

دۈشمەنلەر يېڭىسار قەلئەسىنى خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىدىن تارتىپ ئالغاندىن كېيىن شەھەرگە ۋە شەھەرگە تەۋە يېزىلاردا ئاقتۇرۇش ئېلىپ بېرىش باناسى بىلەن قىرغىنچىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلدى. مۇشۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىقتا يېڭىسار خەلقىدىن 2مىڭدىن ئوشۇق ئادەم ئۆلتۈرۈلدى. ماجۇڭيىڭ باندىتلىرى يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە، يىراق يېزا، تاغلارغا چىقىپ كەتكەن خەلقلەر ھاياتىدىن ئەنسىرەپ قايتىپ كەلگەن ئىدى. بۇ جايدا ئۆيلىرى پۈتۈنلەي قۇرۇقدۇلۇپ قالغاندىن باشقا، تام—تۇرۇسلاردۇ ئالتۇن بار دەپ كولاپ ئۆتمۈ—تۆشۈك قىلىۋېتىلگەن ئىدى. شۇڭلاش ئوچۇن يېڭىسار خەلقى بۇ پاجىئەنى «تۇڭگان① يېغىلىقىدىكى چاپ—چاپ» دەپ ئاتاپ، ئەپرەت بىلدۈرىدۇ.

ماجۇڭيىڭ باندىتلىرى كېيىن قەشقەرنى تاشلاپ خوتەنگە كەتكەندىن كېيىن مەھمۇت مۇھىتى يېڭىسارغا سەمەت ئاخۇن تۇەنجاڭ، ھاپىز لۈيجاڭلارنى شەنجاڭ ۋە تۇەنجاڭ قىلىپ تەيىنلەيدۇ. 1935-يىلى بۇ ئىككى كىشىنى پەيزىۋاتقا يۆتكەپ، يېڭىسارغا باقىرجان دېگەن ئۆزبەكنى شەنجاڭ قىلىپ ئەۋەتىدۇ. باقىرجان يېڭىساردا شەنجاڭلىق قىلغان يىللاردا، ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىدە ئىككى قەۋەتلىك دەرۋازا مەسچىتىنى سالدۇرۇپ، دەرۋازا ئالدىدىكى قايناق سودا—سېتىق بازىرىغا «ھۆررىيەت مەيدانى» (ئەركىنلىك مەيدانى) دەپ نام بېرىدۇ. بەزىلەر بۇ نامنى ئەيسا بەگ بەرگەن دەيدۇ. كىتابخانلار پىكىر بېرىپ توغرىلىساق)

1936—يىلى يېڭىسارغا ئاخۇن لۈيجاڭ دېگەن كىشى شەنجاڭ بولىدۇ. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىڭ شىسەي قەشقەرنى رەسمىي كونترول قىلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ، جاسۇس ئىشپىيونلارنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىغا ئاساسەن، يېڭىساردا تۇتقۇن قىلىشنى باشلايدۇ. ئۇ، «تازىلاش» نامى بىلەن، مەھمۇد مۇھىتى تەرىپىدىن قويۇلغان بىر قىسىم ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، زىيالىلار، تەرەققىي پەرۋەر سودا—سانائەتچىلەر، دىنىي زاتلاردىن 300دىن ئارتۇق ئادەمنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى. يېڭىسار خەلقى ئۆز لارىدا، بولۇپمۇ يېقىنقى 100يىللىق تارىختا مەملىكەت خەلقىمىزگە ئوخشاشلا ئېزىلىش، خورلىنىش قىرىلىش، بۇلاپ—تالىنىشتەك ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن دۈشمەنلەرگە ھېچقاچان باش ئەگمىدى. قارشىلىقنى توختاتمىدى، ھەر ۋاقىت، ۋەتەن، مىللەت، خەلقنى كۆڭلى—كۆكسىدىن چىقارمىدى. 1937—يىلى ياپون جاھانگىرلىكى ۋەتىنىمىزگە ئومۇميۈزلۈك تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئېغىر ۋەيجىگە دۇچ كەلگەندە، جۇڭگو كومپارتىيىسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە مۇراجەت چىقىرىپ، ھەممە بىرلىكتە ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشنى تەلەپ

قىلدى. يېڭىسار خەلقى پارتىيىمىزنىڭ بۇ چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، ياپونغا قارشى كۆرەش قىلىۋاتقان جۇڭگو خەلق قوشۇنلىرىغا بىر ئايروپىلان ئىئانە قىلغان ئىدى.

1945‑يىلى 9‑ئايدا يېڭىسار ناھىيە قىزىل يېزىسىدىن ھەسەن ھاجى قاتارلىق 20 نەچچە ياش پارتىزان بولۇپ ھۇزرالىنىپ، تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، ئاجايىپ تۆھپە قوشقان ئىدى. 1962‑يىلى جۇڭگو ھىندىستان ئۇرۇشىدا يېڭىسار خەلقىنىڭ مىنەۋۋەر پەرزەنتى، ئۈچار يېزا يارۋاغ ئۆستەڭ بويى كەنتىدىن دېھقان بالىسى ئىسمايىل مەھەممەت ئۆزىمىزنى قوغداپ تاجاۋۇزچىلارغا قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشىدا ئاجايىپ قەھرىمانلىق ۋە پىداكارلىق كۆرسىتىپ، زور جەڭ نەتىجىسى تىكلەپ «1‑دەرىجىلىك كۆرەش قەھرىمانى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

يېڭىسارغا، ۋەتەن، خەلق يولىدا قۇربان بولغان، خىزمەت كۆرسەتكەن يۇقىرىقىدەك قەھرىمانلار ئوتتۇرىغا چىققاندىن باشقا، ئاتاقلىق سازەندىلەر، داۋاز، سىرىكچىلەر، ئالىم، شائىرلار، قوشاقچىلار، پىچاق ئۇستىلىرى، داڭلىق كولالچىلارمۇ چىققان ئىدى. 12مۇقامنى ساقلاپ، زامانىمىزغا ئېلىپ كېلىپ، ئۆز خەلقىمىزگە تەقدىم قىلغان ئاتاقلىق مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكا، ئاتاغلىق ئالىم ۋە شائىر ساۋۇر ئاخۇن خەلپىتىم (ناقىس)، ئاتاغلىق ئەمگەك قەھرىمانى سەيدىن، داڭدار پىچاقچى، ماھىر ئۇستا ۋاھاپ تۇردى، كولالچى، نەفىس سەنئەت ماھىرى ھاشىم ئىبراھىم قاتارلىق شەخسلەر يېڭىساردىن يېتىشىپ چىقىپ، رايونىمىز، مەملىكىتىمىزگە شۆھرىتىنى نامايەن قىلدى.

بىز يېڭىسار تارىخىنى تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىشتا ماتېرىيالىمىزنىڭ كەملىكى، سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىك بولۇشى سەۋەبلىك نۇقسانلاردىن خالىي بولالمايمىز. ئەلۋەتتە كىتابخانلارنىڭ بولۇپمۇ يېڭىساردىكى يولداشلارنىڭ كۆپرەك تەنقىدى پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بىزنىڭ ئىشىمىزغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلگەن ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز. بىزگە ماتېرىيال بەرگەن، ئەھۋال تونۇشتۇرغان، ياردەملەشكەن يولداشلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.

(داۋامى 115‑ بەتتە)

# قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ داۋامى-

# جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەقەلىرىدىن بايان

خېۋدىر تۆمۈر

## 1 - قەشقەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1932 - يىلى، گەرچە قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىي پارتلاپ چىققىنىغا بىر يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپ، بولۇپمۇ قەشقەر رايونى تىنچ ھالەتتە تۇراتتى. جىن شۇجېۋ (جىن شۇرېننىڭ 4 - ئىنىسى) جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانى قوشۇمچە قەشقەردە تۇرۇشلۇق 2 - دىۋىزىيىنىڭ سىجاڭى ئىدى. ماشياۋۋۇ — ماداۋتەي قەشقەر ۋالىسى ئىدى.

قەشقەر بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقى يىراق، قاتناش قولايسىز (ئۇ چاغلاردا ئاساسىي قاتناش ھارۋا - تۆگە كارۋانلىرى بولۇپ، ئۈرۈمچىگە بېرىش ئۈچۈن 40 - 50 كۈن ۋاقىت كېتەتتى.) بولغانلىقى ئۈچۈن قەشقەردە ئۆز ئالدىغا غەزنە بولۇپ قەغەز پۇل، تەڭگە (كۈمۈش پۇل)، مىس پۇل (تىيىن - داچەن) تاقىتاتتى. قەشقەردە چىقىرىلغان قەغەز پۇلنى خاپىياۋ (قەشقەر پۇلى) دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭ بىر سېرى، ئۆلكە پۇلىنىڭ بەش سېرىگە تەڭ تۇراتتى.

قەشقەر — سىياسىي مەركەز ئىدى. شەھەردە رۇسىيە كونسۇلخانىسى، ئېنگلىز كونسۇلخانىسى، شىۋىت دوختۇرخانىسى، قىزىل كىرىست جەمئىيىتى ۋە دىن تارقاتقۇچىلار (مىسسىيونېرلار) بار ئىدى. بۇ ئورۇنلار قەشقەردە ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ، ئۆز پۇقرالىرىنىڭ ئۆز تىجارەتچىلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىنى قوغدايتتى. 1920 - يىللاردىن ئىلگىرى ئېنگلىز كونسۇلخانىسى ئۆز گىرازدانلىرىنى قوغداش باھانىسى بىلەن بىر لىيەن ئاتلىق ئەسكەر تۇرغۇزغان ئىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى چارروسىيە ھۆكۈمىتىمۇ بىر لىيەن ئاتلىق ئەسكەر تۇرغۇزۇپ شەھەردە چارلاش پائالىيەتلىرى يۈرگۈزەتتى. 30 - يىللارغا كەلگەندە گەرچە چەت ئەل كونسۇلخانىلىرى تۇرغۇزغان ژاندارمىلار زاھىرەن يوق بولسىمۇ (ئاتلىق قوشۇنلار قايتىپ كەتكەن بولسىمۇ) ئەمەلىيەتتە سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئەنگلىيە جاھانگىر-

Altunoq

لىكي ئوتتۇرىسىدىكى ئىستىراتېگىيىلىك ئورۇن ۋە مەنپەئەت توقۇنۇشى ئىنتايىن كەسكىنلەشكەن ئىدى. گايىدا بۇ زىددىيەت سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت (جۇڭگو) ئوتتۇرىسىدا ئۈچ بۇرجەك داۋام قىلاتتى. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قەشقەر رايونى شاۋقۇنلۇق سىياسى قاينام ئىچىدە ھايات كۆچۈرەتتى. قەشقەر خەلقىمۇ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز يوسۇندا بولسۇن يۇقىرىقى ئۈچ بۇرجەك سىياسى قاينامنى چۆگۈلەپ ھايات كۆچۈرەتتى.

قەشقەر ئىقتىسادىي مەركەز ئىدى. قەشقەردە سىردا - سانائەت تەرەققى قىلغاندىن تاشقىرى جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ ئەپچىللىكى بىلەن تىجارەت ئىشلىرى راۋاجلانغان ئىدى. ئەركەشتام، تاشقورغان، لاداق يوللىرى ئارقىلىق رۇسىيە، ھىندىستان، ئافغانىستان بىلەن سىردا ئالاقە ئىشلىرى قويۇق بولاتتى. قەشقەر بىلەن ئۈرۈمچى، قەشقەر بىلەن خوتەن ئارىلىقىدىكى چوڭ يوللاردىمۇ ئىچكى سودا - تىجارەت كارۋانلىرى ئۆكسۈمەيتتى. قەشقەردە ئېنگلىز، ھىندى، ئافغان سودىگەرلىرى، رۇسىيە سودىگەرلىرى (ئۇلارغا باغلانغان يەرلىك سودىگەرلەرمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئالاھىدە ئىمتىياز بىلەن كەڭ كۆلەمدە سودا تىجارەت قىلاتتى. ئۇلار ھىندىستان ۋە رۇسىيىدىن سانائەت ماللىرى كەلتۈرۈپ قەشقەردە خام مال ۋە ئالتۇن كۈمۈشكە ئالماشتۇراتتى. چەت ئەل تىجارەتچىلىرى يەنە بىر تەرەپتىن جازانىغا پۇل تارقىتاتتى. ئۆسۈم پۇللىرىنى تۆلەپ بېرەلمىگەن يەرلىك پۇقرالاردىن يەر - سۇ مۈلۈكلىرىنى پۇلغا ھېسابلاپ تارتىۋالاتتى. يەرلىك باي تىجارەتچىلەرنىڭ سودا - دىڭۋار ئىشلىرىنىمۇ چەت ئەللىكلەر كونترول قىلاتتى. بايلارنىڭ ئېكسپورت قىلماقچى بولغان ماللىرىغا كونسۇلخانىلار ماقۇل كېلىپ تامغا باسمىسا چەتكە چىقالمايتتى.

قەشقەر دىنىي ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتتىمۇ بىر مەركەز ئىدى. قەشقەر ئىسلام دىنى جەھەتتە سانى بۇخارا (2 - بۇخارا) دەپ ئاتىلاتتى. بۇ شەھەرگە قىزىل، تۇرپان، ئاقسۇ، كۇچار، خوتەن - يەكەنلەردىن ئونلىغان - يۈزلىگەن تالىپلار كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلاتتى. قەشقەردە بىر قانچە يىللىق دىنىي ئوقۇشنى تامام قىلغانلارغا «داموللا» ئۇنۋانى بېرىلىپ شاھادەتنامە تارقىتىلاتتى. شۇ سەۋەپتىن قەشقەردە جامە، مەدرىسلەر كۆپ ھەم تەرەققى تاپقان ئىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن مىسسىيونېرلارنىڭ دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىمۇ خېلى كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار شىۋېت دوختۇرخانىسىنى ۋاستە قىلىپ كېسەللەرنى ھەقسىز ۋە ئوبدان داۋالاش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. «سۈيىش مىشونتالىق» داملىق مەتبۇئات قۇرۇپ «ئىنجىل» كىتابلىرىنى بېسىپ خەلق ئىچىگە تارقىتاتتى. ھەر بىر كېسەل كۆرسەتكۈچىگە بىر نۇسخىدىن «ئىنجىل» بېرەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىدېئولوگىيە جەھەتتە قەشقەر تېخىمۇ مۇرەككەپ بولۇپ ھەر كىم ھەر تەبىقە ئۆز مەنپەئەتىنى چۆرىدىگەن ھالدا رەڭگى تۈرلۈك ئىدىيە كۆز قاراشلاردا بولاتتى. قەشقەردە ئېنگلىز — شۋېت پەرەستلەر، ئوسمانلى تۈرك پەرەستلەر، سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنى قوللىغۇچىلار، نىكولاي ئاق پاشا پەرەستلەر (نىكولاي تىرىلىدۇ دەپ تاغار - تاغارلاپ نىكولاي سومىسىنى ساقلاپ ياتقان سودىگەرلەرمۇ بار ئىدى) ئانتى سوۋېتلەر (ئوتتۇرا ئاسىيادا سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىغا قارشى ھەرىكەت قىلىپ كېيىنكى يىللاردا جۇڭگو تىرىتورىيىسىگە باش پاناھلىق ئىزدەپ كېلىۋالغان يۈسۈپجان — سېتىۋالدىجانلار ۋەكىللىكىدىكى ئۆزبېكلەر، جانىبەك قازى ۋەكىللىكىدىكى قىرغىزلار ۋە ئۇلارنىڭ تەشۋىقاتلىرىغا قايمۇققان كونىرىۋاتقان كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، خان پەرەستلەر (شىنخەي ئىنقىلابىدا ئاغدۇرۇپ تاشلانغان خانلىق تۈزۈمىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى سېغىنغۇچى خان غوجىلار، لاۋيېلەر)، نوقۇل ئىسلام دىنىي پەرەستلەر شۇنىڭدەك قۇتاۋۇق شەۋقى ۋەكىللىكىدىكى تەرەققىي پەرۋەر جەدىتلار. ۋە باشقىلار...

يىغىپ ئېيتقاندا قەشقەر، يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان خۇسۇسىيەتلەر بويىچە تەبىئىي مەركەزلىك سالاھىيىتىگە ئىگە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 1933 - يىلىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەقەلىرىمۇ قەشقەرگە مەركەزلەشكەن ئىدى.

## 2. قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا يامرىشى

1932 - يىلى 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تۇرپان ئاستانىدا قوزغىلاڭ كۆتىرىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا توقسۇندا قوزغىلاڭ بولدى. قوزغىلاڭچىلار توقسۇندا تۇرۇشلۇق بىر لىەن ھۆكۈمەت ئەسكىرىنىڭ قوراللىرىنى سۆھبەتلىشىش يولى بىلەن تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئۆزلىرىنى قوراللاندۇرغاندىن كېيىن تۇرپاندا قۇرۇلغان مەخسۇت مۇھىتى رەھبەرلىكىدىكى قوماندانلىق شىتاۋى توقسۇن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقى توختى ئېلىنى قۇمەنجاڭلىققا تەيىنلەپ قارا شەھەر - كورلىنى ئېلىشقا بۇيرۇق بەردى. توختى قۇمەنجاڭ 200 ئاتلىق ئۇيغۇر - خۇيزۇ پىدائىيلارنى باشلاپ قاراشەھەرگە قاراپ يولغا چىقىپ ئۇششاقتالدا تۇرۇشلۇق ئىككى لىەن ھۆكۈمەت ئەسكىرىنى قورالسىزلاندۇرغاندىن كېيىن قارا شەھەرگە يۈرۈش قىلىدۇ. قارا شەھەرلىك ھاپىز زۇڭجاڭ ① ئىچكى جەھەتتىن قوزغىلاڭچىلارغا ماسلاشقانلىقى ئۈچۈن قارا شەھەرنى ئاسانلا ئىشغال قىلىپ كۆپلىگەن قورال - ياراققا ئىگە بولغان قوزغىلاڭچىلار كورلىغا يۈرۈش قىلىدۇ. بۇ چاغدا

① ھاپىز زۇڭجاڭ (بازار باشلىقى) قەشقەرگە بارغاندا لۈيجاڭ بولۇپ يەكەندە تۇرغان.

كورلىدا جىن شۇرېننىڭ بىر لۈي (بىرىگادا) ئەسكىرى كۈچى بار ئىدى. قوزغىلاڭچىلار كېچىلەپ يۈرۈپ تاڭ سەھەرلىكتە كورلىغا يېتىپ بېرىپ شىددەتلىك ھوجۇم باشلايدۇ. بىر كۈن قاتتىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق جيەن لۈيجاڭ (جيەنشكۈي) نىڭ بىر لۈي ئەسكىرىنى تولۇق يوقىتىپ كورلىنى ئىشغال قىلىدۇ. دەل شۇ كۈنلەردە تۇرپان پىدائىلىرى پىچان شەھىرىنى قورشاپ ھوجۇم قىلىۋاتاتتى. بۇ ئۇرۇش 12 كۈن داۋام قىلىپ شىددەتلىك كېتىۋاتقاندا قىزىل تەرەپتىن شىڭ شىسەيىنىڭ قوماندانلىقىدا 4 مىڭ كىشىلىك جاللات قوشۇن پىچانغا يېتىپ كېلىپ تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىغا ئارقا تەرەپتىن ھوجۇم قىلىدۇ. قوزغىلاڭچىلار ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ پىچان ئۇرۇشىنى توختىتىپ ۋاقىتلىق چېكىنىدۇ. شىڭ شىسەيىنىڭ جاللات قوشۇنى پىچان، تۇرپان، توقسۇن ئۈچ ناھىيىدىكى قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا كىرىشىدۇ. بۇنداق جىددى پەيتتە توختى تۇەنجاڭ جەنۇب تەرەپنىڭ ئىشىنى ئاكىسى تۆمۈر ئېلىگە تاپشۇرۇپ ئۆزى كورلىدىن توقسۇنغا قايتىدۇ.

شۇ كۈنلەردە كۇچاردىن كورلىغا قاراپ يولغا چىققان تۆمۈر ئېلى چېدىرغا كەلگەندە ئىنىسى توختى تۇەنجاڭنىڭ كورلىدىن - توقسۇنغا قايتىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلايدۇ، ھەمدە ئۆزىنىڭ تۇەنجاڭلىققا تەيىنلىنىپ قەشقەر تەرەپكە قاراپ مېڭىشقا بۇيرۇق ئالىدۇ. تۆمۈر ئېلى چېدىر، بۈگۈر يېڭىسار قاتارلىق جايلاردىن ئېلى ئاقسا-قال، نەمەت مىراپ باشلىق 30 دىن ئارتۇق پالۋانلارنى توپلاپ بۈگۈرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. تۆمۈر ئېلى بۈگۈرگە يېتىپ كەلگىچە بۈگۈرلۈك نىياز خەلپە باشچىلىقىدا قوزغالغان بۈگۈر خەلقى بۈگۈر شەھىرىنى ئىشغال قىلىدۇ. بۈگۈردە تۆمۈر ئېلىگە يەنە بىر مۇنچە كۈچ قوشۇلىدۇ. تۆمۈر ئېلى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي چاقماق تېزلىكىدە كۇچارنى ئېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ.

قارا شەھەر، كورلا قاتارلىق جايلارنىڭ قوزغىلاڭچىلار قولىغا ئۆتكەنلىكى قەشقەرگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. قەشقەردىكى ھۆكۈمرانلار ئۆز بېشىغا يامراپ كېلىۋاتقان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئۇچقۇنلىرىنى توساش ئۈچۈن ياڭ تۇەنجاڭ (ياڭ چىڭمىن) قوماندانلىقىدا بىر تۈەن (پولك) ئەسكەر ئەۋەتىدۇ. بۇ قوشۇن ئاقسۇغا كېلىپ بولغىچە كۇچار قولدىن كېتىدۇ

تۆمۈر تۇەنجاڭ بۈگۈردىن كۇچارغا كېلىپ شامالۋاغ قەلئەسىگە چۈشكۈن قىلغاندا كۇچاردىن ھەمدەم بەگ ھاجى، ئەھمەتخان، ھامىتخان ئابلا غوجا، ئابدۇرۇسۇل ھاجى قاتارلىق نۇرغۇن كىشىلەر پىدائىلارنى توپلاپ كېلىپ قوشۇلىدۇ. بىر جۈمە كۈنى (1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى) بىر قانچە يۈز قوراللىق پىدائىلار ۋە بىر قانچە مىڭ ئاممىنىڭ يار - يۆلەكتە بولۇشى ئارقىسىدا شەھەرگە ھوجۇم قىلىپ شامال باغ دەر-

www.uyghurkitap.com

زىنىغا ئوت قويۇپ كۇچاردا تۇرۇشلۇق بىر باتالىيون ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى تولۇق تارمار قىلىدۇ. ئەمەلدارلار دارىخانا ئۆگزىسىگە چىقىپ ھاردىنى پارتلىتىش ئارقىلىق ئۆزىنى - ئۆزى ھالاك قىلىدۇ. توخسۇ، شايار ناھىيىلىرىنى ھادى ئەلەم باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار ئىشغال قىلىدۇ.

تۆمۈر تۈەنجاڭ كۇچاردىكى ئىشلارنى كۇچار ۋالىيغا تاپشۇرۇپ ئۆزى پىدائىيلىرىنى باشلاپ ئاقسۇغا قاراپ ماڭىدۇ. يول ئۈستىدە باي ناھىيىسىنى ئىشغال قىلىپ غەلىبە بىلەن ئىلگىرىلەپ ياقىرىققا كەلگەندە قەشقەردىن مادادقا ئەۋەتكەن ياڭ تۈەنجاڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئىككى تەرەپ جوغا تاغلىرىدا قاتتىق بىر كۈن جەڭ قىلىدۇ. نەتىجىدە ياڭ تۈەنجاڭ مەغلۇپ بولۇپ ئازغىنە ئادىمى بىلەن قاچىدۇ. جام دېگەن مەنزىلگە كەلگەندە 180 دىن ئارتۇق بىگۇناھ پۇقرانى بىر سارايغا سولاپ قىرغىن قىلىۋېتىپ ئاندىن ئاقسۇغا كېتىدۇ. قوزغىلاڭچىلار ياقىرىق سوقۇشىدا كۆپلىگەن قورال - ياراق، ئوق - دورا ۋە ئىككى دانە زەمبىرەك غەنىيمەت ئېلىپ تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئادەم سانىمۇ ھەسسىلەپ كۆپىيىدۇ. قارا شەھەردىن ھاپىز ژۇڭجاڭ، كورلىدىن ئېلى ھاجى تۈەنجاڭلار يېتىپ كېلىدۇ. قوزغىلاڭچىلار ياقىرىقتىن ئىلگىرىلەپ مېڭىپ 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاقسۇنى ئىشغال قىلىدۇ. شۇ يىلى 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قارىقاش ناھىيىسىدە خەلق قوزغىلىپ قارىقاش ناھىيىسىنى ئىشغال قىلىدۇ. ھەممە خوتەن شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. شەرقتە ئاقسۇنىڭ قولدىن كېتىشى، خوتەن تەرەپتە قارىقاش قولدىن كېتىپ خوتەن شەھىرىنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قېلىشى قەشقەر ھۆكۈمىتىنى قاتتىق ئالاقزادە قىلىدۇ. قەشقەر ھۆكۈمىتى يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۈچ تەدبىرنى قوللىنىدۇ.

1 - ئاقسۇ تەرەپتىن كېلىۋاتقان قوزغىلاڭچىلارنى مارالبېشى - تۇمشۇقتا توسۇپ يوقىتىش ئۈچۈن 2 مىڭغا يېقىن ئەسكىرى كۈچ تولۇپلاپ مارالبېشىغا ئەۋەتىدۇ. لى دىگرۇڭ تۈەنجاڭنى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىقىغا، ياڭ چىڭمىن تۈەنجاڭنى ئارقا سەپ تەمىنات قوماندانلىقىغا تەيىنلەيدۇ.

2. ئوچتۇرپان - قاغىشال يولىنى توساش ئۈچۈن چىن تۇڭلىڭنى قوماندان قىلىپ 100 ئەسكەر بىلەن سوغۇن چارسىغا ئەۋەتىدۇ. ئوسمان ئەلى (قىرغىز) دىن پايدىلىنىپ قىرغىزلاردىن 200 ئەسكەر ئالىدۇ.

3 - خوتەندە مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىگە ياردەم بېرىپ قۇتقۇزۇش ۋە خوتەن قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن يەكەندە تۇرۇشلۇق جاڭ تۈەنجاڭ قىسىملىرىدىن بىر لىيەن خەنسۇ، بىر لىيەن قىرغىز - ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنى خوتەنگە ئەۋەتىدۇ.

بۇ تەدبىرلەرنىڭ ئۈنۈم بەرمىشى ناتايىن ئىدى. مارالبېشى تۇمشۇقتىكى ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ جەمئىي 47 كۈن داۋام قىلدى. ھۆكۈمەت تەرەپ كۆپلەپ تەلاپەتكە ئۇچرىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە قوزغىلاڭچىلار كۈچىيىپ ئادەم سانى جەمئەتتە كۆپەيدى. ئاقسۇدىن ئىسمائىل شاگىيۇ، ئۇچتۇرپاندىن قۇلبەك، خوتەن ئىسلام ئابات تەرەپتىن ئوبۇلقاسىم بەك قاتارلىق كىشىلەر توركۇم - توركۇم پىدائىيلارنى باشلاپ كېلىپ قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلدى. خوتەن تەرەپتىكى ئەھۋالمۇ ھۆكۈمەتكە پايدىسىز ئىدى. خوتەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن قەشقەردىن ئەۋەتىلگەن ئەسكەرلەر گومىدىن خوتەنگە قاراپ كېتىۋاتقاندا قاغىلىقتا سابىرخان خوجا باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتىرىلىدۇ. قەشقەردىن كەلگەن 100 دىن ئارتۇق قىرغىز ئەسكەرلىرى قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ئۆتۈپ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا خوتەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن بارغان ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى يولدىن قايتىپ قاغىلىققا كىرمەستىن زوگۇلاڭ، چىپان يېزىلىرى ئارقىلىق يەكەنگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. دېمەك ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى تەرەپ - تەرەپتە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. خەلق قوزغىلىڭى بولسا كۈنسايىن ئۇلغىيىپ خۇددى تاشقىن سۇدەك قەشقەرگە بېسىپ كېلىدۇ. بۇ ئەھۋاللارغا قاراپ ئۈمىدسىزلەنگەن جىن سىلىڭ (جىن شۇرېن) بىر كېچىسى ئەپيۇن ئىچىپ ئۆلىۋالىدۇ.

قەشقەر ۋالىسى ماشياۋۇ بۇ ئەھۋالنى ئۇرۇمچىگە مەلۇم قىلغاندا جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ماشياۋۇنى ۋالىلىق، قوشۇمچە جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىقىنى ئۆتەپ جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپتىكى قوزغىلاڭنى بېسىقتۇرۇپ يۇرتنى تىنچلاندۇرۇشقا بۇيرۇق بېرىدۇ.

## 2. قەشقەرنىڭ پەتىھ قىلىنىشى

قەشقەر ۋالىسى ماشياۋۇ قوشۇمچە جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانى بولغاندىن كېيىن ئىككى بىسلىق يول تۇتۇپ بىر تەرەپتىن ھەربىي تەدبىر قوللانسا يەنە بىر تەرەپتىن تىنچ يول بىلەن قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. ئاقسۇ تەرەپتىن كېلىۋاتقان قوزغىلاڭچىلارنى ئارقىغا چېكىندۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ 32 كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىدۇ. مامۇتاخۇن داموللا، ئەھمەتاخۇن جاگجون، ئابدۇغۇپۇر داموللا، ياقۇپ لاۋسى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى مارالبېشى - تۇمشۇقتا تۆمۈر سىجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ماداۋتەي، ئۆمەر باي، ئىبراھىم لاۋزۇگلارنىڭ سالامىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن: قەشقەر چوڭ شەھەر، ئاھالە نۇرغۇن، چەت ئەل ئەلچىخانىلىرى بار. ئۇرۇش بولسا خەلققە ئېغىرچىلىق، شەھەرگە ۋەيرانچىلىق كەلتۈرىدۇ. شۇڭا تۆمۈر سىجاڭ قەشقەرگە


AltunOq

كەلمەستىن ئاقسۇغا قايتىپ كەتسە دەپ ماداۋتەيىنىڭ پىكرىنى يەتكۈزىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ ۋەكىللەرنىڭ ئېلىپ كەلگەن گەپ - سۆز، خەت - ئالاقىلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇلارنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ بىر كۈن مېھمان قىلىدۇ. ئەتىسى 3 مىڭدىن ئارتۇق قوراللىق پىدائىيلارنى ئاتلاندۇرۇپ ۋەكىللەر ئالدىدىن پاراتتىن ئۆتكۈزىدۇ. ئاندىن چوڭ بىر مەيدانغا تىزغۇزغاندىن كېيىن تۆمۈر سىجاڭ ۋەكىللەرگە سۆزلەپ: «مەن بۇ يەرگە يالغۇز كەلمىدىم. قەشقەرگە بېرىش - بارماسلىقىم مېنىڭ ئىختىيارىم ئەمەس. بىزنى قەشقەرگە بارماڭلار دەيدىغان بولساڭلار، يالغۇز مەندىن سورىماي، سەپ تارتىپ تۇرغان ئەشۇ پىدائىيلاردىن سوراڭلار! شۇلار بارمايمىز دىسە، ئەلۋەتتە بارمايمىز! — دەپ مىڭلىغان پىدائىيلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ۋەكىللەر تەسىرلىنىپ بۇقۇلداپ يىغلىشىدۇ. توۋا قىلدۇق، بىلمەي كېلىپ قاپتىمىز دەپ ئەپۇ سورىشىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ يەنە سۆزلەپ، «قەشقەردە قان تۆكۈلمىسۇن، ۋەيـ رانچىلىق بولمىسۇن دەيدىغان بولسا، ماداۋتەي شەھەرنى بىكار قىلىپ بىزگە تاپـ شۇرسۇن! بىز زۇلۇمنى، ماداۋتەيگە ئوخشاش زالىملارنى يوقاتمىغىچە ھەرگىز توختاپ قالمايمىز! — دەيدۇ. تۆمۈر سىجاڭنىڭ بۇ سۆزى بىلەن ماداۋتەينىڭ ئالدامچىلىق سىياسىتى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شۇ كۈنلەردە سوغۇن چازىسىدا تۇرۇۋاتقان ئوسمان ئېلى تۆمۈر سىجاڭ بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش ئۈچۈن ئىككى ئادىمى ئارقىلىق خەت ئەۋەـ تىدۇ، خەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى «ئاتىمىز تۆمۈر سىجاڭ ئارقىلىق غازى خوجىنىياز ھاجىمغا بەيئەت قىلىمىز» دېيىلگەن. تۆمۈر سىجاڭ بۇ ئادەملەردىن ئوسمان ئېلىگە بىر پارچە خەت ۋە بىر دانە بايراق ئەۋەتىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىۋالغان ئوسمان ئېلى بىر كېچىسى سوغۇندا قوزغىلاڭ كۆتىرىپ چىن تۇڭلىڭنى يوقىتىپ 100 كىشىلىك قوراللىق قولغا چۈشۈرىدۇ. ئوسماننىڭ قوزغىلاڭ كۆتىرىشى بىلەن ماداۋتەينىڭ قىرغىزلاردىن پايدىلىنىپ قاغىشال يولىنى توساش پىلانىمۇ تارـ مار بولىدۇ. خوتەن تەرەپكە ئەۋەتكەن ياردەمچى قوشۇن قاغىلىقتىن ئۆتۈپ گۇمىغا يەتكەندە قاغىلىق خەلقى قوزغىلاڭ كۆتىرىپ ئۇلارنى خوتەنگە بېرىش يولىدىن قايـ تىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بۇ قوشۇن ئارقىغا قايتىپ قارغىلىققا كىرمەستىن چەتنەپ ئۆتۈپ يەكەنگە كىرىۋالىدۇ. ئۇنىڭغىچە خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى خوتەن شەھىرىنى تولۇق ئازات قىلىدۇ. بۇ بىر قاتار ئىشلار تۈپەيلى ماشياۋۋ گاڭگىراپ ئېغىر كۈنگە قالىدۇ.

ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا تۆمۈر سىجاڭ قوشۇنلىرى مارالبېشى - تومشۇقتىكى ھۆشمەن ئىستىھكامىنى تارمار قىلىپ پەيزىۋاتقا يېتىپ كېلىدۇ. تۇەنجاڭ لىدىگرۇڭ ئۇرۇشتا ئوق يەپ ئۆلىدۇ. تۇەنجاڭ ياڭ چىڭمىن يوتىسىدىن يارىلىنىپ ئەسىر چۈـ

يدۇ. تۇمشۇق سوقۇشىدا قاتناشقان ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلگىنى - ئۆلۈپ، قاچىدىغانلىرى قېچىپ بىت - چىت بولىدۇ. ئاز بىر قىسمىلا سېرىق بۇيا ئـارقىلىق قېچىپ قەشقەر يېڭى شەھەرگە كىرىپ جايلىشىۋالىدۇ.

تۆمۈر سىجاڭ غەلىبە بىلەن پەيزىۋاتقا يېتىپ كەلگەندە ئاتۇشتىن ئوسمان ئېلى ۋە ئاتۇش پىدائىلىرى پەيزىۋاتقا كېلىپ تۆمۈر سىجاڭ بىلـەن كۆرۈشىدۇ. بۇ يەردە بولغان مەسلىھەتتە تۆمۈر سىجاڭ ئوسمان ئېلىغا: ھازىرچە قەشقـەرگە ھوجۇم قىلماي تۇرۇڭلار، مەن ۋەكىل ئەۋەتىمەن. ئۇلار قايتىپ كەلسە قەشقەر مـەسىلىسىنى سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىمىز دەيدۇ. ئوسمان ئېلى بۇ مەسلىھەت بويىچە ئاتۇشقا قايتىپ كېتىدۇ. ئەمما شۇ كېچىسى يەنى 1933 - يىلى 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئوسمان ئېلى باشچىلىقىدىكى قىرغىزلار ۋە ئاتۇشلۇق ئۇيغۇر پىدائىلار تاڭغا يېقىن قەشقەر كونىشە-ھەرگە ھوجۇم باشلاپ 2 - 3 سائەت جەڭ قىلىش ئارقىلىق شەھەرنى ئىشغال قىلىدۇ. قەشقەر يېڭى شەھەرگە قاچالماي قالغان 200 دىن ئارتۇق ھۆكۈمەت ئەسكىرى بىلەن مەھەممەتخان باشچىلىقىدا شەھەر مۇداپىئەسىگە ياردەملەشتۈرۈش ئۈچۈن شەھەر خەلـقىدىن تەشكىل قىلىنغان 200 ئەسكەرنى قـورالسىزلاندۇرۇپ ئۇلارنىڭ قورال - ياراق-لىرىنى غەنىمەت ئالىدۇ. لېكىن ئۇلار ماداۋتەي تـۇرىۋاتقان داۋتەي يامۇلغا تەگمەيـدۇ. تۆمۈر سىجاڭ ئەتىسى يەنى 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى غـەلىبە بىلەن قەشقەر شە-ھەرىگە كىرىدۇ.

قەشقەر مەسىلىسىدە ئاساسەن چوڭ ئۇرۇش بولمايدۇ. ماشىاۋۇسۆھبەت ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى تۆمۈر سىجاڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئۆزى ئىبراھىم لوزۇڭنىڭ بېغىدا نەزەربەنت ئاستىدا تۇرىدۇ. كونا ئەمەلدارلارنىڭ بىر قىسمى قەشقەر يېڭىشەھەردە بىرقىسمى كونىشەھەر داۋتەي يامۇلىنىڭ ئارقا ھويلىسىدا تـۇرىدۇ. يـاڭ چىڭمىن تۇەنجاڭمۇ يېڭىشەھەردە داۋالىنىپ ياتىدۇ.

تۆمۈر سىجاڭنىڭ تەۋەلىكىدە تۆۋەندىكى قىسـىملار بار ئىدى.

1. ھامىتخان لۈيجاڭ، قۇمۇللۇق، ئۇنىڭ قىسمى ئاساسەن بۈگۈر، يېڭىسار، ئەشـمە - چېدىرلىقلار بولۇپ، قەشقەر دۆلەتباغدا تۇردى.

2 - مەھمۇد بەگ ھاجى لۈيجاڭ، كۇچارلىق، بۇ قىسىم ئاساسەن كۇچار، توخسۇ، شايارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ قەشقەر تۆشۈك دەرۋازا سىرتىدىكى كـازارمىغا ئورۇنلاشتى.

3 - ئەھمەت لۈيجاڭ - كۇچارلىق، بۇ قىسىم ئاساسەنكۇچا، توقسۇ، باي، ئاقسۇ-لـىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ قەشقەر يېڭىسارىدا تۇردى.

4 - ھاپىز لۈيجاڭ: قارا شەھەرلىك، بۇ قىسىم ئاساسەن قارا شەھەر، تۇرپان،

ئوقسۇن ئادەملىرىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ يەكەن - قاغىلىقتا تۇردى.

5 - باي لۈيجاڭ، ئاقسۇلۇق، بۇ قىسىم ئاساسەن ئاقسۇلۇقلاردىن تەركىپ تېپىپ ئاقسۇدا تۇردى.

6 - ئوسمان لۈيجاڭ، بۇ قىسىم ئاساسەن قىرغىزلاردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ قەشقەر كونىشەھەر يۇمۇلاق شەھەردە تۇردى.

7 - ئېلى ھاجى تۇەنجاڭ، كورلىلىق، بۇ قىسىم ئاساسەن كورلىلىقلاردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قارا شەھەر تەرەپكە ئەۋەتىلىدۇ.

8 - كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ، ئاتۇشلۇق، بۇ قىسىم ئاساسەن ئاتۇشلۇقلاردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ كونىشەھەر تۆشۈك دەرۋازا سىرتىدىكى سارايلاردا تۇردى.

9 - سىيتىۋالدىجان تۇەنجاڭ. بۇ پولك ئاساسەن سوۋېت يېرىدىن ئۆتۈپ كەلگەن ئۆزبەكلەردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ يارۋاغ دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى سارايلاردا ۋە تىرەكلىك باغدا تۇردى.

10 - توختى يىڭجاڭ. بۇ قىسىم تۆمۈر سىجاڭنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولۇپ داۋتەي يامۇلدا تۇراتتى.

بۇنىڭدىن باشقىرى تۆمۈر سىجاڭ تەرىپىدىن ئۆمەر باي ۋە ئابدۇرېھىم بايۋەتچىگە ۋەزىپە قىلىنغان ئىككى تۇەن بولۇپ، ئاساسەن قەشقەردىن ئېلىنغان ئادەملەر ئىدى.

يۇقىرىقى لۈي (بىروگادا) لەرنىڭ ھەر بىرىسىدە 200 دىن يۇقىرى 500 گىچە ئاتلىق ئەسكەر، تۇەن (پولك) لەردە 100 دىن 300 گىچە ئاتلىق ئەسكەر بار بولۇپ، تۆمۈر سىجاڭ تەۋەلىكىدە تەخمىنەن ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەر بار ئىدى.

خوتەن قىسىملىرى: ئىمىن ھەزرىتىنىڭ ئىنىلىرى شاھمەنسۇر (ئابلا مەخسۇم) ئىمىر ساھىپ (نۇر مەھەممەت) لەر قوماندانلىقىدا بىر قانچە مىڭ كىشىلىك پىدائى قىسىملاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ قىسىمدا قورال ئاز بولۇپ تەڭدىن تولىسى چوماق بىلەن قوراللانغان ئىدى. بۇ قىسىم مۇستەقىل كۈچ ھېسابىدا بىۋاستە خوجىنىياز ھاجىغا بەيئەت قىلاتتى.

بۇنىڭدىن باشقىرى قەشقەرگە تۆمۈر سىجاڭ بىلەن بىللە كەلگەن ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى بار ئىدى. بۇ قىسىمغا ماجەنساڭ (مازىخۇي - چولاق زىخۇي دەپمۇ ئاتىلاتتى) قوماندانلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا كامازاسەن لۈيجاڭ، لۈي لۈيجاڭ، قاتارلىق قىسىم كوماندىرلىرى بولۇپ تەخمىنەن 2 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە ئىدى. ئۇلار قەشقەر يېڭىشەھەر ۋە يەكەندە تۇرۇشلۇق ئۆلكىرىكى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى

ئۆزگەرتىپ ئۆزىگە قوشۇۋېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئادەم سانىنى كۆپەيتىۋالغان بولۇپ ئاساسەن قەشقەر يېڭىشەھەر ئىچىدە تۇراتتى.

تۆمۈر سىجاڭ قەشقەرگە كېلىپ ئاز كۈن ئۆتمەي كېڭەش قىلىشىپ يونۇس بەگ (يۈۋېنبىڭ) نى ۋالىلىققا، ئابلا داموللا (تۇخسۇنلۇق، تۆمۈر سىجاڭنىڭ باجىسى) سۇجىنشۇلارنى مۇئاۋىن ۋالىلىققا تەيىن قىلدى. ۋالى مەھكىمىسىنىڭ قارمىقىدىكى پۇلخانىدا (ئورنى داۋتەي يامۇلىنىڭ ئىچكى هويلىسىدا ئىدى) قەغەز پۇل (خاپياۋ) كۈمۈش پۇل (تەڭگە)، مىس پۇل (تىيىن) بېسىپ تارقاتتى. هاۋاز چوڭ (كېيىنكى كۈنلەردە ئۈرۈمچىدە پوچتا هارۋىسىنى رېمونت قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان) باشچىلىقىدىكى هۈنەرۋەنلەر (تېخنىكلار) مىلتىق رېمونت قىلىش، پىستان قويۇپ ئوق ياساش ئىشىنى داۋام قىلدى.

نوۋېشى مەكتەپ شۇ يىلى قۇرۇلدى. نوۋېشى ئەسلىدە قەشقەر كونىشەھەر ئىچىدە هېيتگاھقا تاقاپ سېلىنغان يىگانە بۇتخانا بولۇپ، خەلق ئاممىسى ئۇزۇندىن بېرى نارازى ئىدى. تۆمۈر سىجاڭ بۇ ئورۇندا مەكتەپ قۇرماقچى بولغاندا خەلق ئاممىسى قىزغىن قوللاپ ھەپتە ئون كۈنگە قالمايلا بۇتخانىنى ئۆزگەرتىپ بىر قانچە سىنىپلىق مەكتەپكە ئايلاندۇردى. (مەرھۇم ئىمىر ھەسەن قازىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا بۇتخانىنى ئۆزگەرتىپ مەكتەپ قۇرغاندا تۆمۈر سىجاڭ ئۆزى قاتنىشىپ ئۈستىدە تۇرغان) بۇ مەكتەپكە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم مۇدىر قىلىپ تەيىنلەندى. قۇتلۇق شەۋقى (مەمتىلى ئەپەندى)، تۇرسۇن ئەپەندى، مەجىددىن ئەپەندى قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر زىيالىيلار ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. مەكتەپكە 200 گە يېقىن چوڭ ياشلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ تەمىناتى ھۆكۈمەت مالىيىسىدىن بېرىلدى. بىر خىل كىيىم كەيدۈرۈلدى.

### 3 - خوتەن ئىنقىلابى

قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا كېڭىيىپ چىقىشى بىلەن خوتەن تەرەپتىمۇ ئىنقىلابى ھەرىكەت باشلانغان ئىدى. قاراقاش ئالىملىرىدىن مۇھەممەت ئىمىن داموللا، مەھەممەت نىياز ئەلەم باشلىق بىر تۈركۈم كىشىلەر جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىنقىلاب قىلماق ئۈچۈن بىر مەخپىي تەشكىلات قۇرىدۇ. بۇ تەشكىلات ئۆز ئەتراپىغا ئەزا توپلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا قىلىچ، مىلتىق، سۈنگۈ، نەيزە قاتارلىق سوقۇش قوراللىرىنى تەييارلاشقا كىرىشىدۇ. ئەمما بۇ ھەرىكەتنى زىيادىپ قالغان خوتەن ۋالىسى تەن داۋتەي، ئۇ [illegible] ئالدىرىغان [illegible] رۇيېدىغان 50 دىن ئارتۇق پالۋانلار يېنىپ كېلىپ قاراقاش يامۇلىغا نەزەر بەنت

قىلىندۇ. ئاندىن ئىنقىلابى تەشكىلات قۇرغان ئالىملارنى مەجلىس بار دەپ چاقىرىپ كېلىپ يوقاتماقچى بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان تۇردى بەگ ئىسىملىك بىر كىشى بىر كېچىسى مەخپى كېلىپ بۇ خەۋەرنى ئالىملارغا يەتكۈزىدۇ. شۇ سەۋەپتىن قارىقاش قوزغىلىڭى ئەسلىدە بەلگىلەنگەن كۈندىن 5 كۈن بۇرۇن (ئەسلىدە 2 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قوزغالماقچى) قوزغۇلۇپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. شەھەردە نەزەربەنت قىلىنغان پالۋانلار شەھەر ئىچىدىن ماسلاشقانلىقى ئۈچۈن قارىقاش شەھىرى ئاسانلا پەتھ قىلىنىدۇ.

قوزغىلاڭچىلار قارىقاش ناھىيىسىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن قادىرخان غۇلام باشچىلىقىدا 500 پىيادىنى گۇما يولىنى توساش ئۈچۈن زاۋا تەرەپكە ئەۋەتىدۇ. قالغان پىيادىلار خوتەن تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ خوتەن ئىلچى ئەتراپىدىكى تار باغ ۋە شور باغ كەنتلىرىدە دۈشمەن بىلەن ئۈچ سائەت قاتتىق جەڭ قىلىدۇ ۋە بۇ جەڭدە غەلىبە قازىنىپ خوتەن كونىشەھەرنى ئىشغال قىلىدۇ. 2 - قەدەمدە خوتەن يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم باشلايدۇ. بۇ چاغدا خوتەن يېڭىشەھەردە ۋالى، ئامبال ۋە باشقا مەمۇرىي ئەمەلدارلار ۋە ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرى، ھەممە 400 كىشىلىكتىن ئارتۇق ھۆكۈمەت ئەسكىرى بار ئىدى. ئۇلار شەھەر دەرۋازىلىرىنى تاقاپ مۇداپىئەلىنىپ قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. ئون مىڭلىغان پىيادىلار شەھەر ئەتراپىنى قورشاپ 22 كۈن مۇھاسىرە قىلىدۇ. قەشقەر تەرەپتىن ياردەمگە كەلگەن ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى زاۋا ئەتراپىدا توساپ خوتەنگە كەلتۈرمەيدۇ. شەھەر ئىچىدىكىلەر ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ پىيادىلارغا قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ئاخىرى ئامالسىزلىقتىن ئاق بايراق چىقىرىپ تەسلىم بولىدۇ. خوتەن ئۇرۇشىدا ئىسلامىيەتنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكى ئەڭ يۇقىرى پەللىدە جارى قىلىنىپ تەسلىم بولغۇچىلارنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىگە دەخلى - تەرۇز قىلىنمايدۇ. دېمەك بىر تامچە قان تۆكۈلمەستىن خوتەن يېڭى شەھىرى پەتھ قىلىنىدۇ.

خوتەندە ئۇرۇش داۋام قىلىۋاتقان كۈنلەردە گۇمىدا ئاتاۋۇللاخان، ئابدۇجېلىل ھاجىملار باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتىرىلىدۇ. قارغىلىقتا سابىرخان خوجا باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتىرىلىدۇ. بۇ قوزغىلاڭلار، خوتەن ئىنقىلابىنى باستۇرۇش ئۈچۈن قەشقەردىن ئەۋەتىلگەن قىرغىز ئەسكەرلەر قوشۇلۇپ ياردەم بەرگەنلىكتىن ئىنقىلاب ئۇتۇقلۇق غەلىبە قازىنىدۇ.

دېمەك ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كىرىيىدىن تارتىپ قاغىلىققىچە بولغان شەھەرلەر قوزغىلاڭچىلار قولىغا ئۆتىدۇ بۇ قوزغىلاڭچى كۈچلەرنى مەركەزلەشتۈرۈش ئۈچۈن، خوتەن ئىنقىلابچىلىرى „دارىلشاساكىر" ۋە „مىللىي ھۆكۈمەت" نامىدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەسىس قىلىدۇ. دارىلشاساكىر (قوماندانلىق شىتاپ) نىڭ نازىرلىقىغا مۇھەممەت

ئىمىن داموللا تەيىنلىنىپ «ئىمىر ھەزرەت» دەپ ئاتالدى. مىللىي ھۆكۈمەت نازىر-
لىقىغا مۇھەممەتنىياز ئەلەم تەيىنلىنىپ «جالالەت» دەپ ئاتالدى. مىللىي ھۆكۈمەت
قۇرۇلغاندىن كېيىن يەكەننى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىندۇ.

1 - يۈرۈشكە ئوردۇ قوماندانى سوبىتوللا مەۋلەۋى باش بولۇپ ماڭدى.

2 - يۈرۈشكە ھارلىئاساكىرنىڭ 3 - مۇئاۋىنى ئىمىر نۇرمۇھەممەت (ئىمىر سا-
ھىب دەپمۇ ئاتىلىدۇ) باش بولۇپ ماڭدى.

بۇ پىدائىيلار يەكەن قەلئەسىگە بېرىپ ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاپ، يەكەن كونا
شەھەرنى ئىشغال قىلىپ يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. بۇ سوقۇشتا سوبىتوللا
مەۋلەۋى شېھىت بولىدۇ.

بۇ كۈنلەردە تۆمۈر سىجاڭ قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ كېلىپلا خوتەن
ئىنقىلابچىلىرىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ھاپىز لۆيجاڭنى يەكەنگە ئەۋەتىدۇ. ھاپىز
لۆيجاڭ دەل شۇ ئۇرۇشنىڭ ئەۋجىگە يېتىپ كېلىپ يەكەننى پەتھ قىلىش ئۇرۇشىغا
قاتناشتى. خوتەن تەرەپتىن شا مەنسۇرمۇ مىڭدىن ئارتۇق پىدائىيلارنى باشلاپ ياردەمگە
كېلىدۇ. ئۇرۇش يىگىرمە ئايدىن ئارتۇق داۋام قىلىپ ئاخىرى يەكەن شەھىرى پەتھ
قىلىنىدۇ.

يەكەن ئۇرۇشى بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن سابىت داموللا ۋە شامەنسۇر
(ئىمىر ئابدۇللا بەگ) ۋە جانىبەك قازى قاتارلىق رەھبەرلەر 800 كىشىلىك قوشۇن
بىلەن تۆمۈر سىجاڭنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە كېلىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ ئۇ-
لارنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن يېڭىسارغىچە ئالدىغا كېلىپ سەممىي قارشى ئالىدۇ.

## 4 - قەشقەردىكى ئىتتىپاقسىزلىقلار ۋە تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئۆلۈمى

تۆمۈر سىجاڭ قەشقەردە ھاكىمىيەت ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن ئىلگىرىكى ئەكسى-
يەتچى ئەمەلدارلاردىن ھېچكىمنى جازالىمىدى. بەلكى ئۇلارغا ھايات يولى بېرىپ
ساقلاپ قالدى. ماشياۋۋۇ، ياڭ چىڭمىن قاتارلىق ھەربى - مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى
مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئەمەلدارلار كۆرۈنۈشتە يۇۋاش تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قوز-
غىلاڭچىلارغا چىش - تىرنىقى بىلەن ئۆچمەنلىك قىلاتتى. ئۇلار پۇرسەت كۈتەتتى.
شۇنىڭدەك ماجەنساڭ (چولاق زىمخۇي) نىڭ قانىتى ئاستىغا كىرىپ، ئاپاق - چاپاق
بولۇشۇپ ئىچكى جەھەتتە تىل بىرىكتۈرەتتى.

ماجەنساڭ، تۆمۈر سىجاڭ بىلەن بىرگە كەلگەن ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ قو-
ماندانى (زىمخۇي) بولۇپ، قارىماققا تۆمۈر سىجاڭ بىلەن ئىتتىپاقتەك كۆرۈنسىمۇ

ئەمەلىيەتتە قارانىيەتلىك كىشى ئىدى. ئۇ قەشقەرگە كېلىپلا ئۆز قوشۇنىنى كۆپەيتىپ، ئىلگىرىكى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى ئۆزگەرتىپ ئۆز قوشۇنىغا قوشۇپ ئادەم سانىنى 2 مىڭدىن ئاشۇرۇپ قەشقەر يېڭىشەھەردە ئالاھىدە كۈچ بولۇپ تۇردى. تۆمۈر سىجاڭغا نىسبەتەن ئاساسىي ھۇجۇم دەل مۇشۇ قارا كۈچ ئىدى.

شۇ يىلى (1933 - يىلى) 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا خوجىنىياز ھاجى بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ ئىتتىپاقى بۇزۇلغان ئىدى. خوجىنىياز ھاجى جىمسار تاغلىرىدا شىڭ شىسەي ئەۋەتكەن ۋەكىللەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ كېلىشىم ھاسىل قىلغاندىن كېيىن توقسۇنلۇق شېرىپ ئاخۇن دېگەن كىشى ئارقىلىق تۆمۈر سىجاڭغا خەت ئەۋەتتى. خەتتە «ماجۇڭيىڭ بىلەن بولغان ئىتتىپاقىمىز بۇزۇلدى. بىز ھازىر شىڭ شىسەي بىلەن بىرلەشتۇق، سىز تۆمۈر سىجاڭ قەشقەردىكى ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىۋېتىڭ!» دېيىلگەن ئىدى.

خوجىنىياز ھاجىنىڭ بۇيرۇقى تۆمۈر سىجاڭنىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. خەت ئوقۇلغان سورۇندىلا تۆمۈر سىجاڭ ئاچچىقلىنىپ: «شىڭ شىسەي دېگەن جاللات، قورپان، يەنچان توقسۇندا قانچە مىڭلىغان بىگۇنا پۇقرالارنى قىرغىن قىلدى. شۇ قاتاردا مېنىڭ ئىككى ئىنىم (توختى لۇيجاڭ، قۇربان يىڭجاڭنى دېمەكچى) نىمۇ ئۆلتۈردى. مەن كۈچ توپلاپ ئۇ جاللاتنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىمەن، قىساس ئالىمەن دەۋاتسام ھاجىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىۋالغىنى نېمىسى!؟» دەپ ۋاقىراپ كېتىدۇ.

بۇ مەسىلىدە ھەربىي باشلىقلار ئوتتۇرىسىدا غۇلغۇلا بولۇشقا باشلايدۇ. بولۇپمۇ ئوسمان ئېلى ماجەنساڭنى يوقىتىشنى كۆپرەك تەشەببۇس قىلىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ بۇ پىكىرگە قوشۇلماي ئارقىغا تارتىپ ئۆزىگە ئەڭ خەۋپلىك بولغان ماجەنساڭ قوشۇنىنى ئىمكان قەدەر ساقلاپ قالىدۇ. بىر قېتىملىق ھەربىي باشلىقلار يىغىنىدا ئوسمان سىجاڭ ئۆز تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: «تۆمۈر سىجاڭ ئىخلاس بولۇپ بىر چەتتە تۇرۇپ بەرسۇن. بىز ماجەنساڭنى ئۆزىمىزلا جايلاپ تاشلايمىز!» دېگەندە تۆمۈر سىجاڭ جاۋاپ بېرىپ: «ماجەنساڭ قوشۇنىنى يوقىتىش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس، بىرىنچىدىن ئۇ، 2 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق قوراللىق كۈچكە ئىگە. بۇنداق زور كۈچنى بىر - ئىككى كۈن ئىچىدىلا يوقىتىۋەتكىلى بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن بىز بىر قانچە مىڭ كىشىلىك قوشۇنىمىزنى ھەركەتلەندۈرۈپ ئۇرۇش باشلىساق، بۇ ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلىدۇ. بىر قانچە مىڭ ئاتلىق قوشۇنغا ئوزۇق - تۈلۈك، ئوتۇن - سامان يەتكۈزۈپ بېرىش ئاسان ئىش ئەمەس. پۇقراغا قىيىن كېلىدۇ. شۇڭا بۇ ئىشنى بىر ئاز كېچىكتۈرەيلى دەپ تولۇق قوشۇلمايدۇ. بۇ مەسىلىدە ئوسمان ئېلى بىلەن تۆمۈر ئېلى ئوتتۇرىسىدا كۆڭۈل ئاغرىشلىق پەيدا بولىدۇ. ماجەنساڭنى يوقىتىش مەسىلىسـ

دە قەشقەرگە زىيارەت ئۈچۈن كەلگەن خوتەن رەھبەرلىرىنىڭ پىكرىمۇ ئوسمان ئېلى بىلەن ئوخشاش ئىدى. تۆمۈر سىجاڭ ئۇلارغىمۇ يول قويمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن تۆمۈر سىجاڭ بىلەن خوتەن رەھبەرلىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ زىددىيەت پەيدا بولىدۇ. ھېمەڭ يۇقىرىقى بىر مەسىلىدە تۆمۈر سىجاڭ، ئوسمان ئېلى ۋە خوتەن رەھبەرلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ بارغانچە چوڭقۇرلىشىدۇ.

تۆمۈر سىجاڭدا: «مەن بۇ ئىنقىلابنى تۇخسۇندىن باشلاپ قەشقەرگە يەتكۈزۈپ كەلدىم. خوجىنىياز ھاجىدىن باشقا ھەر قانداق كىشىنىڭ مەندىن ئۈستۈنلۈك تالىشىشىغا ھەققى يوق» دەپ ئۆزىنى باشقىلاردىن چوڭ تۇتىدىغان كەيپىيات بار ئىدى. خۇددى شۇنىڭدەك خوتەن ئىنقىلابچىلىرىدىمۇ، بىز كېرىيىدىن - يەكەنگىچە ئىنقىلاب قىلىپ، مىللىي ھۆكۈمەت قۇردۇق. ھۆكۈمەت تەشكىلىي ۋە ھەربىي تۈزۈم جەھەتتە تۇتقان تەدبىرلىرىمىز ئەۋزەللىككە ئىگە دەپ تۆمۈر سىجاڭ تەرەپنىڭ تۇتقان يولىنى كەمسىتىدىغان بىر خىل كەيپىيات مەۋجۇت ئىدى. شۇنداقلا خوتەندە قۇرۇلغان مىللىي ھۆكۈمەتنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھالدا قايتىدىن بىر ھۆكۈمەت قۇرۇش توغرىسىدا بېسىم ئارىلاشقان تەكلىۋىمۇ بار ئىدى. تۆمۈر سىجاڭ ئۇلارنىڭ بۇ خىل پىكىرلىرىنى رەت قىلىپ قوبۇل كۆرمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلىشىدۇ. خوتەن رەھبەرلىرى بەزى سورۇنلاردا نارازى بولۇپ: «تۆمۈر سىجاڭ ئوقۇمىغان ئادەم ئىكەن. يۇرت سوراشنى بىلمەيدىكەن، شەھەرنى بىزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ كۇچارغا كەتسە بولىدىكەن» دېگەندەك ناباپ سۆزلەرنى قىلىدۇ. ئوتتۇرىدا سۆز توشۇغۇچى ئىغۋاگەرلار بۇ سۆزلەرنى بىرگە ئوننى قوشۇپ تۆمۈر سىجاڭغا يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زىددىيەت كەسكىنلىشىپ يۇقىرى پەللىگە يېتىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ ئاخىرى ئۆز قىسىملىرىغا بۇيرۇق بېرىپ خوتەن قىسىملىرىنى قورالسىزلاندۇرىدۇ. سابىت داموللا بىلەن شامەنسۇرنى قولغا ئېلىپ نەزەر بەنت قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ بىر مەخسەتتىكى دوست كۈچلەر پارچىلىنىپ ئۆز ئارا دۈشمەن كۈچلەرگە ئايلىنىدۇ. يەكەندە تۇرۇۋاتقان تۆمۈر سىجاڭ تەۋەلىكىدىكى ھاپىز لۈيجاڭ بىلەن ئۆمەر ساھىپ قوماندانلىقىدىكى خوتەن قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدا رەسمىي ئۇرۇش باشلىنىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ قەشقەردىن سېيىتۋالدىجان پولكى (ئۆز بەگ) بىلەن كىچىك ئاخۇن پولكى (ئاتۇش پولكى) نى يەكەنگە ئەۋەتىپ ھاپىز لۈيجاڭغا ياردەملەشتۈرىدۇ. ئۇرۇش خېلى ئۇزۇن داۋاملىشىدۇ. خوتەن قىسىملىرىنى چېكىندۈرۈپ زاۋىغىچە قوغلاپ بارىدۇ.

تۆمۈر سىجاڭ قەشقەردە تۇرغان كۈنلەردە بىرەر ھۆكۈمەت قۇرۇش توغرىسىدا پىكىرلەر بولىدۇ. بەزىلەر ھۆكۈمەت قۇرۇپ ئەنگلىيە بىلەن رابىتە قىلايلى دېسە،

بەزىلەر تۈركىيە بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتايلى دەيدۇ. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم باشچىلىقىدىكى كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، قەشقەر ۋالىيسى يونۇس بەگ، مەرپەتپەرۋەر قۇتلۇق شەۋقى قاتارلىق بىر گۇرۇھ كىشىلەر: «بىز زۇلۇمغا، ئىستىبداتلىققا، زالىملارغا قارشى تۇردۇق. مەركەزگە قارشى چىقمىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن مەركەزگە تايىنىپ ئىش كۆرەيلى دەپ پىكىر قىلىدۇ. بۇ پىكىر تۆمۈر سىجاڭغا ماقۇل كېلىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن تۆمۈر سىجاڭ نامىدا نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە بىر ئىتائەت تېلېگراممىسى يوللىنىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي مەركەزدىن تۆمۈر سىجاڭ نامىغا جاۋاپ كېلىدۇ. ئوسمان ئېلى نەنجىڭدىن كەلگەن تېلېگراممىنى ئاڭلاپ: «بۇ ئىشتا مېنى قاتناشتۇرماپسىلەر، تېلېگراممىدا مېنىڭ ئىسمىم يوق تۇرىدۇ، قەشقەرنى مەن پەتھە قىلغان تۇرسام، نېمىشقا مېنىڭ ئىسمىم يوق بولىدىكەن!» دەپ نارازى بولىدۇ.

شۇنىڭدەك شۇ كۈنلەردە ماشياۋۇ يەنە بىر ئويۇن ئويناپ ئەسلىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانى جىن شۇ جىڭدىن قالغان سىلىڭلىق تامغىسىنى تۆمۈر سىجاڭغا تاپشۇرۇپ، يېڭىشەردىكى ماجەنساڭ قىسىملىرىمۇ تۆمۈر سىجاڭغا ئىتائەت قىلماقچى بولىدۇ. تۆمۈر سىلىڭ تامغىنى تاپشۇرۇۋېلىپ شەھەرنى بىر كۈن ئايلاندۇرۇپ تەنتەنە قىلىدۇ. بۇ ئىش بىر مۇنچە كىشىلەرنىڭ بولۇپمۇ ئوسمان سىجاڭنىڭ ھەسەتىنى قوزغايدۇ.

يەنە شۇ كۈنلەردە تۆمۈر سىجاڭنىڭ دادىسى ئەھمەت ھاجى ھەرەمدىن كېلىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قەشقەردە مېھماندارچىلىق ئەۋج ئالىدۇ. شۇ زاماننىڭ بايلىرى نۆۋەت بىلەن زىياپەت بېرىپ تۆمۈر سىلىڭ ۋە ئۇنىڭ دادىسىغا تون ياپىدۇ. ۋە سوغاتلار تەقدىم قىلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىمۇ بىر قېتىم چوڭ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ تۆمۈر سىلىڭ ۋە ئۇنىڭ دادىسىغا تون ياپقاندىن تاشقىرى تۆت دانە ئارغىماق سوغا قىلىدۇ. بۇ بىر قاتار ئىززەت - ئىكراملار بىر نەچچە كىشىلەرنىڭ ھەسەت ۋە نارازىلىقىنى قوزغىسا، تۆمۈر سىلىڭنىڭ ئۆزىنى خېلى دەرىجىدە بىخۇتلاشتۇرىدۇ. بىخۇتلۇق شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، كۆپ تەرەپلىمىلىك زىددىيەتلەر ئىچىدە قالغانلىقىنى سەزمەيلا قالماستىن بەلكى چىلاننىڭ دانىسىدەك قوغۇشۇن ئوقلارنىڭ ئۆز بەدىنىنى تېشىپ ئۆتىدىغانلىقىغا ئىشەنمەي قالىدۇ.

تۆمۈر سىلىڭغا سۇيىقەست بولىدىغان كۈننىڭ ئارىپىسىدا قەشقەر كونىشەھەردە ھامىتخان لۈيجاڭنىڭ ئەسكەرلىرىدىن باشقا ئەسكەر يوق ئىدى. ھەمدەم بەگ ھاجى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ تۆمۈر سىلىڭنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن،

پەيزىۋاتقا كەتكەن ئىدى. سېپتىۋالدىجان- كىچىك ئاخۇنلارنىڭ پولكى خوتەن تەرەپكە كەتكەن بولغانلىقتىن شەھەردە ھېچقانچە قوۋۋەت قالمىغان ئىدى. شۇنداق شارائىتتا ئوسمان لۈيجاڭ ئەرزىمەس بىر ئىشنى باھانا قىلىپ كېچىسى يۇمۇلاق شەھەرنى تاشلاپ تاققا قاراپ قاچىدۇ. يول ئۈستىدە لەڭگەردىكى 10 ئادەمنى باغلاپ تاشلاپ قورال - ياراقلىرى بىلەن ئاتلىرىنى بۇلاپ كېتىدۇ. تۆمۈر سىلىڭ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن ھامىتخان لۈيجاڭنى قوغلاشقا ئەۋەتىدۇ. يېڭىشەھەردىكى ماجەنساڭغىمۇ بىر تۈەن ئەسكەر ئاجرىتىپ ئوسماننى قوغلاشقا بۇيرۇق بېرىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە تۆمۈر سىلىڭ جەمئىي 6 ئادەم بىلەن جىپ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ لەڭگەرگە بارىدۇ. بۇ چاغدا ئوسماننىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. تۆمۈر سىلىڭ لەڭگەردە بىرەر سائەت تۇرۇپ ھامىتخان لۈيجاڭغا خىزمەت تاپشۇرغاندىن كېيىن شەھەرگە قايتىدۇ. ماشىنا توغراقلىق مازار دېگەن يەرگە كەلگەندە كامازا باشچىلىقىدىكى بىر تۈەن ئەسكەر يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا بۆلۈنۈپ تۆمۈر سىلىڭنى قارشى ئالىدۇ. تۆمۈر سىلىڭ دەل شۇ ئەسكەرلەرنىڭ نەق ئوتتۇرىسىدا توختاپ ماشىنىدىن چۈشۈپ كامازا تۈەنجاڭنى ئەيىپلەپ، بۇيرۇقنى ئاخشام بەرسەم ئەمدى كەلدىڭمۇ؟ دەپ قاتتىق سۆكىدۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا كامازىنىڭ ئەسكەرلىرى ئوق چىقىرىپ تۆمۈر سىلىڭنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. نەق مەيداندا ئۆلگۈچىلەر: تۆمۈر سىلىڭ، زاكىر (قازاق)، ئىمىن پالۋان، ئىبراھىم قارى (مەرەم) سابىت ئاخۇن (شوفېر) جەمئىي 5 كىشى. سۈيىقەست بارلىقىنى ئالدىن سېزىپ قېلىپ قېچىپ قۇتۇلغانلار ئابلا داموللا (شۇ چاغدىكى قەشقەرنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى)، شاكىر (قازاق) ئىككى كىشى. دەل شۇ پاجىئەنىڭ ئۈستىگە شەھەردىن ئات چاپتۇرۇپ چىققان ئابدۇرېھىم ئاقساقال ئىسىملىك 60 ياشلار چامىسىدىكى ئۆز بەگ پىدائى، بىر تۈەن ئەسكەرگە يالغۇز ئوت ئېچىپ 7 دۈشمەننى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ ئاخىرى ئۆزى شېھىت بولىدۇ.

كامازا ئەسكەرلىرى تۆمۈر سىلىڭنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن بېشىنى كېسىۋېلىپ، شەھەرگە ئات سېلىپ كىرىپ، ئەسكەرسىز قۇرۇق قالغان شەھەرنى ئوڭايلا ئىشغال قىلىۋالىدۇ.

## 5. ماجەنساڭغا قارشى ئۇرۇش ۋە سابىت داموللا ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى

1933 - يىلى 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تۆمۈر سىلىڭ سۈيىقەستكە ئۇچراپ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئوسمان سىجاڭ تاغدىن دەرھال قايتىپ كېلىپ قەشقەر كونىشەھەرگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىدۇ. پەيزىۋات تەرەپكە كەتكەن ھەمدەم بەگ ھاجى ۋە ھامىتخان لۈيجاڭلارمۇ قايتىپ كېلىپ ماجەنساڭغا قارشى ئۇرۇش ئاچىدۇ. يېڭى-



Altunoq

ساردىكى ئەھمەتخان لۈيجاڭ، خوتەن زاۋۇدا ئۇرۇش قىلدۇراتقان ماپىز لۈيجاڭ، سېيىتۋالدىجان، كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭلارنىڭ تېز سۈرئەتتە قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ ماجەنساڭغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتى. ئۇرۇش ئىككى ئايدىن ئارتۇق داۋام قىلدى. قەشقەر كونىشەھەر بىر دەم ماجەنساڭنىڭ قولىغا ئۆتسە بىر دەم ئوسمان سىجاڭنىڭ قولىغا، بىر دەم سېيىتۋالدىجاننىڭ قولىغا ئۆتەتتى. بىر قانچە قېتىملىق قانلىق جەڭلەردىن كېيىن ماجەنساڭ قەشقەر كونا شەھەرنى تاشلاپ يېڭىشەھەرگە قامال قىلىندى. ئۇرۇش ئايلاپ داۋام قىلدى. شۇنچە نۇرغۇن ئادەم بىر قانچە ئايلار سوقۇش قىلىپ قەشقەر يېڭىشەھەرنى ئالالمىدى. بۇنىڭ بىرىنچى - سەۋەبى، ھەر قايسى قىسىملار بىر ياقىدىن باش چىقارمىدى. ھەر كىم ئۆز ئالدىغا ئىش كۆردى. بىر قىسىم ئۇرۇش قىلسا، يەنە بىر قىسىم قول قوشتۇرۇپ تاماشا كۆردى. ئوسمان سىجاڭ قەشقەرنى 2 - قېتىم يەنە مەن پەتەھ قىلدىم دەپ ئۆزىنى تۆمۈر سىلىڭنىڭ ئورنىغا قويغان بولسىمۇ تۆمۈر سىجاڭ تەۋەلىكىدىكى قىسىملار ئۇنىڭغا بويسۇنمىدى. ئۇلار بىر - بىرلەپ خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئالدىغا سالامغا بارىمىز دېيىشىپ ئاقسۇ تەرەپكە كېتىشتى. قەشقەردە قالغان ئوسمان سىجاڭ بىلەن سېيىتۋالدىجان، كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ بىر - بىرىنىڭ سۆزىگە كىرمەسلىكتەك ئەھۋاللار كۆرۈلدى. شۇڭا بۇ كۈچلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ يېڭىشەھەرگە بولغان ئۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ھەممە ئېتىراپ قىلغان بىرەر ھۆكۈمەت قۇرۇش زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقتىن سابىت داموللا ئوتتۇرىغا چىقىپ بىر تۈركۈم زىيالىيلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نامىدا بىر ھۆكۈمەت قۇرماقچى بولدى. بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجى ئاقسۇدا ئىدى. ئۇ كىشىدىن مەسلىھەت سوراپ ئاقسۇغا ۋەكىل ماڭدۇرغاندىن كېيىن 33 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىنى رەسمىي قۇرۇپ چىقتى. داغدۇغىلىق خەلق يىغىنى چاقىرىپ ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ شەرىپىگە 41 پاي زەمبىرەك ئېتىلدى. يىغىندا يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى ئېلان قىلىندى.

رەئىس جۇمھۇرلۇققا خوجىنىياز ھاجى، باش ۋەكىللىككە سابىت داموللا، ئەركانى ھەربىيە رەئىسلىكىگە مەھمۇت موھىتى، ئىچكى ئىشلار نازىرلىقىغا يۇنۇس بەگ، خارجى نازىرلىققا قاسىمجان ھاجى، مائارىپ نازىرلىقىغا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، ھەربى نازىرلىققا ئوراز، ئەۋقاپ نازىرلىققا شەمسىدىن داموللا، ئەدلىيە نازىرلىقىغا زىرىپ قارى ھاجى، زىرائەت نازىرلىقىغا ئوبۇلھەسەن ھاجى، نازىرلىقىغا مالىيە ئېلاخۇن بايلار سايلاندى.

بۇ ھۆكۈمەت ئاساسەن ئوسمان سىجاڭ ۋە سېيىتۋالدىجان قوربېشىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىگە تايىنىپ قۇرۇلغان ئىدى. يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرە قىلىپ سوقۇش قىلىن-

ۋالىقان تۆمۈر سىجاڭ تەۋەلىكىدىكى قوشۇنلار خوجىنىياز ھاجىنى زىيارەت قىلىمىز دېيىشىپ ئەمەلىيەتتە سابىت داموللا ھۆكۈمىتىگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ بىر - بىرلەپ ئاقسۇغا قاراپ كېتىشتى.

قەشقەرنىڭ شۇ شارائىتىدا قۇرۇلغان بۇ ھۆكۈمەت خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئىگە بولالمايلا قالماستىن خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭمۇ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرەلمىدى. بەلكى بۇ ھۆكۈمەت ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە كۆپلىگەن قارشىلىققا ئۇچرىدى. ئىچكى جەھەتتە ئۇرۇمچىدىكى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى تۇردى. تاشقى جەھەتتە شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن دوستلۇق ئورناتقان سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ئىزچىل قارشى تۇردى ۋە بۇ ھۆكۈمەتنى «قورچاق»، «ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ پىلانلىشى ئاستىدا قۇرۇلغان ھۆكۈمەت»، «پانتۈركىست، پان ئىسلامىست ھۆكۈمەت»، «ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى بۇزىدىغان ھۆكۈمەت» دەپ تەرەپ - تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى ۋە قارشى چىقتى.

بۇ ھۆكۈمەت ئىچكى جەھەتتىمۇ قوراللىق كۈچلەرنى دېگەندەك ئىتتىپاقلاشتۇرالمىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئوسمان سىجاڭ بىلەن سېيىتۋالدىجان قۇربېشى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ ئىككىسى ئىككى باش بولۇپ قالدى. شۇ سەۋەبتىن ماجەنساڭغا قارشى يۈرگۈزگەن مۇھاسىرە ئۇرۇشى ئۈنۈملۈك نەتىجە بەرمىدى.

بۇ ئەسنادا قىرغىز قوشۇنلىرى ئىچىدىمۇ ئىتتىپاقسىزلىق كېلىپ چىقتى. ئوسمان ئېلى گەرچە ياش ھەم جەڭگەرلىك بىر ئادەم بولسىمۇ لېكىن ئەفيۇنگە ئادەتلەنگەن ۋە ئەيشى - ئەشرەتكە بېرىلگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملەردىن ئوراز بەگ، چىپاق قازى، ھادى دېگەنلەر ئۇنىڭغا قارشى چىقتى. ئوسمان ئېلى ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ تاققا چىقىپ كەتتى. يۈسۈپجان، سېيىتۋالدىجانلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ تاغ ئىچىدىن ئوسماننى تۇتۇپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن قىرغىز ئەسكەرلەرگە ئوراز بەگ قوماندانلىق قىلدى.

## ٥ - خوجىنىياز ھاجىنىڭ قەشقەرگە كېلىشى ۋە سابىت داموللا ھۆكۈمىتىنىڭ بەربات بولۇشى

خوجىنىياز ھاجى ئاقسۇدا بىر مەزگىل تۇردى. بۇ جەرياندا ئۇچتۇرپان - قارا قول ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر تۈركۈم قورال - ياراق سېتىۋېلىپ (بەش ئاتار مىلتىق ۋە چاقلىق پىلىموت) قىسىملارنى يېڭى قوراللار بىلەن قوراللاندۇردى. دەل بۇ كۈنلەردە ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى مافۇيۈەن ئىسىملىك لۈيجاڭ 800 دەك

مۇنتىزىم قىسىم بىلەن ئاقسۇغا يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. خوجىنىياز ھاجى ئۇلارنى قارا يۇلغۇندا ئوسماقچى بولدى. 2 - 3 مىڭ ئاتلىقتەك زور قوشۇن سەپەرۋەر قىلىنىپ قارا يۇلغۇنغا جەم بولدى. خوجىنىياز ھاجىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن خوتەن قىسىملىرى يول ياقىسىدىكى يۇلغۇنلۇقلار ئىچىگە بۆكتۈرمە بولدى. خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت سىجاڭ باي سىجاڭ ۋە باشقا لۈيجاڭ - تۈەنجاڭلار مۇۋاپىق ئەپچىل جايلارغا ئورۇنلاشتى.

مافۇيۈەننىڭ ئالدىن يۈرگۈچى قىسمى ئۇنىڭغا يېقىن ئاپتوموبىل بىلەن ئاستا مېڭىپ يۇلغۇنلۇققا كەلگەندە بۆكتۈرمىدە ياتقان خوتەن قىسىملىرى بىر چوقان بىلەن ھوجۇم باشلاپ دۈشمەننى چوماقلاپ يورۇپ جىق چىقىمغا ئۇچراتتى. مافۇيۈەن قىسىملىرى ئاپتوموبىللاردىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۆزىنى قوغدىغاچ مىلتىق ئېتىپ خوتەن قىسىملىرىنى تەلاپەتكە ئۇچراتتى. ئاخىرچە مافۇيۈەننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى يېتىپ كېلىپ جەڭگە قاتناشتى. بىر مەزگىل ئارىلاشما ئۇرۇش بولدى. ئەتراپتا ئورۇنلاشقان خوجىنىياز ھاجى قىسىملىرى ئوق ئېتىپ خوتەن قىسىملىرىغا ياردەم بېرىشكە ئامالسىز قالدى. مەلۇم ئېگىزلىكتە تۇرۇپ ئۇرۇش مەيدانىنى كۆزىتىپ تۇرغان باي سىجاڭغا قانداقتۇر بىر ياۋا ئوق ① كېلىپ تەگدى. «باي سىجاڭ ئۆلدى» دېگەن خەۋەر پۈتۈن سەپكە تارقىلىش بىلەن پۈتۈن سەپ بويىچە قاچ - قاچ بولۇپ كەتتى.

خوجىنىياز ھاجى شۇ نۆۋەتتە ئاقسۇنى تاشلاپ ئۇچتۇرپان قاغىشال يولى ئارقىلىق قەشقەرگە كەتتى. 1934-يىلى 1-ئاينىڭ 12 - كۈنى خوجىنىياز ھاجى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندە داڭقى پۇر كەتكەن ھاجىمنى قەشقەر خەلقى تەنتەنە قىلىپ قىزغىن قارشى ئالدى. خوجىنىياز ھاجى قەشقەرگە كېلىپلا ھەربىي مەسلىھەت يىغىنى چاقىرىپ يېڭىشەھەردىكى ماجەنساڭ قىسىملىرىنى ئوزۇل - كېسىل يوقىتىشقا سەپەرۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن قىسىملار ھەرىكەتكە كېلىپ ماجەنساڭ قىسىملىرىغا شىددەتلىك ھوجۇم باشلىدى. بۇ ئۇرۇشقا مەھمۇت سىجاڭ قوماندانلىق قىلدى. ماجەنساڭ قىسىملىرى دەسلەپتە سېپىلدىن سىرتقا چىقىپ ئۇرۇش قىلىپ نەتىجىدە كۆپلەپ چىقىم تارتقانلىقتىن، كېيىنچە شەھەردىن چىقماي مۇداپىئە كۆرۈپ قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇ ئۇرۇش 17 كۈنلۈك يارىم سوقۇشى دەپمۇ ئاتالدى. ماجەنساڭ قىسىملىرى كېيىنچە بەرداشلىق بېرەلمەي شەھەرنى تاشلاپ قېچىشقا ياكى تەسلىم بولۇشقا تەييارلىنىپ تۇرغاندا روزى ھېيت كېلىپ قالدى. خوجىنىياز ھاجى پۈتۈن ئەسكەر قايتىپ ھېيت نامىزى ئوقىسۇن دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇيرۇققا بىنائەن پىدائىيلار ئەستەھكاملىرىنى تاشلاپ ھېيت ناماز ئوقۇشقا كەتتى. بۇ پۇرسەتتە ماجەنساڭ قىسىملىرى قولدىن

كەتكۈزۈپ قويغان جايلارنى قايتا قولغا كىرگۈزۈپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

بۇ چاغدا مافۇيۈەن قىسىملىرى ئاقسۇدىن - قەشقەرگە قاراپ كېلىۋاتاتتى. خوجىنىياز ھاجى ئۇلارنىڭ ئالدىنى توساش ئۈچۈن ئىمىر ساھىپ باشچىلىقىدىكى خوتەن قىسىملىرىنى پەيزىۋات تەرەپكە ماڭدۇردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۆزى 300 چە ئەسكەرنى باشلاپ ماڭدى. يول ئۈستىدە 200 ئەسكەرنى ئاجرىتىپ چوكان يار تەرەپكە يولغا سېلىپ، قويۇپ ئۆزى 100 ئادەمى بىلەن قايتىپ كەتتى. بۇ سەپەردە ھاجىمنىڭ مافۇيۈەن بىلەن ئۇرۇش قىلىمەن دەپ قەشقەر شەھەر ئىچىدىن ئاجرىلىپ چىققانلىقى، يول ئۈستىدە ئۆزى ئۇرۇش قىلماي قايتىپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبى ھېچكىمگە ئايان ئەمەس. بۇ توغرىدا ھەركىم ھەر خىل پەرەز قىلىمۇ ھازىرغىچە توغرا جاۋاپ تېپىلمىدى.

ئىمىر ساھىپ قوماندانلىقىدىكى خوتەن پىدائىلىرى يول توساپ مافۇيۈەن قىسىملىرى بىلەن بىر قانچە قېتىم ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ ئارقا تەرەپتىن ھېچكىم ياردەمگە كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەھۋالغا قاراپ چېكىنىپ قىزىلبويى، خانئېرىق ئارقىلىق يېڭىسارغا ئۆتۈپ كەتتى. سابىت داموللا ھۆكۈمىتى ۋە مەھمۇت سىجاڭلارمۇ شەھەرنى تاشلاپ يېڭىسار يەكەن تەرەپكە كەتتى. مافۇيۈەن قىسىملىرى قەشقەرگە ئۇرۇش قىلمايلا بېسىپ كىرىپ، يېڭىشەھەردە يېرىم يىلدىن ئارتۇق مۇھاسىرە ئىچىدە جان تالىشىپ كەلگەن ماجەنساڭ بىلەن قوشۇلدى.

بۇ ئىككى كۈچ بىرلىشىپ ماجەنساڭ يېڭىشەھەردە، مافۇيۈەن كونا شەھەردە تۇردى. بىر كۈنى يۇسۇپجان قۇر بېشىنىڭ ئادەملىرىدىن قوچقار باي دېگەندەك يۈز ئادەمى بىلەن كونىشەھەرگە ئۈشتۈمتۇت ھۇجۇم قىلىپ شەھەرنى ئوڭايلا ئىشغال قىلدى. چۈنكى شۇ كۈنى مافۇيۈەن ئاساسىي كۈچلىرىنى باشلاپ شەھەر سىرتىغا چىقىپ كەتكەن ئىدى. شەھەر قولدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان مافۇيۈەن شۇ زامانلا ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى. ھۇجۇمچىلار شەھەر دەرۋازىسىنى ئوچۇق قويغان بولغاچقا مافۇيۈەن قىسىملىرى تۇيۇقسىزلا باستۇرۇپ كىرىپ قوچقار باي باشچىلىقىدىكى ھۇجۇمچىلارنى تامامەن مەغلۇپ قىلدى. ئۇلارنى ئالداپ قورالسىزلاندۇرغاندىن كېيىن ۋەدىسىدە تۇرمىغان مافۇيۈەن بىرمۇ ئادەمگە كېچىرىم قىلماستىن قىرىپ تاشلىدى.

قوچقار باي شەھەرگە كىرگەندە شەھەر خەلقى ئامىن دەپ ئۇلارغا نۇسرەت تىلەشكەن ئىدى. مافۇيۈەن مۇشۇ بىر مەسىلىنى باھانە قىلىپ قەشقەر كونىشەھەردە ئۈچكۈن چاپ - چاپ قىلدى. بۇ قەشقەر تارىخىدا يۈز بەرگەن 17- فېۋرال قانلىق پاجىئەسى بولۇپ، ئۈچ كۈن ئىچىدە بىر ھېساپتا 4 مىڭ، بىر ھېساپتا 6 مىڭدىن

ئارتۇق ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن. شەھەر كوچىلىرى جەسەت بىلەن تولغان، قانلار ھەريا بولۇپ ئاققان.

ماجەنساڭ بىلەن مافۇيۈەن قەشقەر ئىككى شەھەرنى ئىگەللىگەندىن كېيىن كۈچ ئاجرىتىپ يەكەن تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى يېڭىساغا يەتكەندە مەھمۇت سىجاڭ، سابىت داموللا، ئىمىر ساھىپ قىسىملىرى ئۇلارنى توساپ زەربە بەردى. ئىككى ئوتتۇردا قاتتىق سوقۇشلار بولغاندىن كېيىن مەھمۇت سىجاڭ ۋە سابىت داموللا قىسىملىرى يەكەنگە كېتىپ ئىمىر ساھىپ باشچىلىقىدىكى 600 دىن ئارتۇق خوتەن قىسىملىرى يېڭىسار شەھەر ئىچىدە قېپقالدى. بۇ ئۇرۇش جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە بولغان ئۇرۇشلار ئىچىدە ئەڭ قاتتىق ۋە قانلىق ئۇرۇش بولۇپ خوتەن قىسىملىرى شەھەرنى 17 كۈن ساقلىدى. ماجەنساڭ ۋە مافۇيۈەن قىسىملىرى بىرلىكتە يېڭىسار شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ شىددەتلىك ھۇجۇم قىلغاندا ئىمىر ساھىپ باشچىلىقىدىكى پىدائىيلار - پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلىپ دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بەردى. ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى بۇ ئۇرۇشتا ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىدى. خوتەن قىسىملىرى ئوق - دورا ئاز قالغان شارائىتتا سېپىل ئۈستىدىن دۈشمەنگە چالما - كېسەك ئېتىپ، تاش دومىلىتىپ زەربە بەردى. دۈشمەننىڭ قويغان شوتىلىرىغا (لىم) ياغاچلىرىنى ۋە ئوت يېقىلغان بورا يۆگەملىرىنى دومىلىتىش ئارقىلىق ئەجەللىك زەربە بەردى. لېكىن شەھەر ئىچىدە قالغانلارنىڭ ئوزۇقى تۈگەپ قېلىپ ئاچارچىلىق ئازاۋىدا كۆپ جاپا چەكتى. ئامالسىزلىقتا جەڭ ئاتلىرىنى سويۇپ يېيىشكە مەجبۇر بولدى. 3 - ئاي، ئەتىياز مەزگىللىرى، ئات گۆشى پىدائىيلارنىڭ قۇسىقىنى ئاغرىتىپ تېخىمۇ ئازاپ سالدى.

بۇ ئەسنادا ئىمىر ساھىپقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن يەكەندىن مەھمۇت سىجاڭ ۋە شامەنسۇرلار كېلىپ پىداكارلىق بىلەن ئۇرۇش قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا شامەنسۇرغا ئوق تېگىپ شېھىت بولدى. خوتەن قىسىملىرى شامەنسۇرنىڭ جەسىدىنى تالاۋۇتقا سېلىپ ئارقىغا ياندى. بۇنىڭغا قاراپ مەھمۇت سىجاڭنىڭ قوشۇنلىرىمۇ چېكىنىپ كەتتى. مافۇيۈەن قىسىملىرى تېخىمۇ ئەشەددىيلىشىپ پۈتۈن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ شەھەرگە بولغان ھۇجۇمىنى كۈچەيتتى. ئۇلار قانچە ئورۇندىن لەخمە كولاپ شەھەر سېپىلىنى پارتلاتتى. ئىمىر ساھىپ ئەسكەرلىرى توپا قاچىلانغان تاغارلار بىلەن سېپىلنىڭ پارتلىغان جايلىرىنى تولدۇرۇپ داۋاملىق قارشى تۇردى. بۇ ئارىلىقتا قانچە قېتىملاپ گىرەلەشمە - قوچاقلاشما جەڭلەر بولدى. بۇ ئۇرۇشتا يۈزلىگەن پىدائىيلار قۇربان بولدى. باتۇر ئىمىر ساھىپمۇ شۇ ئۇرۇشتا شېھىت بولدى. خوتەن قىسىملىرىدىن قېچىپ قۇتۇلغان ئازغىنە كىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا 600 گە يېقىن

ئادەم قۇربان بولدى.

بۇ ئارىلىقتا خوجىنىياز ھاجى ئەركەشتام ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال - ياراق ئالىمەن دەپ بىر قىسىم ئادىمىنى باشلاپ ئاتۇش تەرەپكە ئۆتىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مافۇيۈەن ئۆزىنىڭ ئاق ئاتلىق، قارا ئاتلىق دەپ ئاتالغان كۈچلۈك باتالىيونلىرىنى ئەۋەتىپ خوجىنىياز ھاجىنى تۇتماقچى بولدى. ئۇلار قوغلۇشۇپ تەڭگە تار، ئارا تاغ دېگەن جايلارغا يەتكەندە خوجىنىياز ھاجى بىر مەيدان قاتتىق جەڭ قىلىپ مافۇيۈەن قىسىملىرىنى چېكىندۈرگەندىن كېيىن ئۆزى ئەركەشتامغا كېتىدۇ. ۋە ئۇ يەردە بىرەر ئايدەك تۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقى ناچالنىكلىرى بىلەن سۆزلىشىدۇ ۋە ئۇلار ئارقىلىق شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەنمۇ ئالاقىلىشىدۇ. مەلۇماتلارغا قارىغاندا سوۋېت ئىتتىپاقى خوجىنىياز ھاجىغا قورال بېرىشنى رەت قىلىپ، بىز قورالنى شىڭ شىسەيگە بېرىمىز. سىز لازىملىق قورالنى شىڭ شىسەيدىن ئېلىڭ دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئەركەشتامدىكى بولۇنغان سۆز - سۆھبەتلەردە شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى نامىدىن بولدىمۇ، ئىش قىلىپ خوجىنىياز ھاجىنى ئەيپلەپ: سىز جىمىسارىدۇ ئاھىدىڭىزگە خىلاپ ھالدا سابىت داموللا قۇرغان «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال ھۆكۈمىتىگە» ئارىلاشتىڭىز، ئەگەر بۇ خاتالىقىڭىزنى تۈزەتمەكچى بولسىڭىز سابىت داموللىنى قولغا ئېلىپ شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇڭ» دېگەنمىش.

شۇنىڭدىن كېيىن خوجىنىياز ھاجى يەكەنگە قايتىپ سابىت داموللىنى قولغا ئېلىش توغرىسىدا مەھمۇت سىجاڭغا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. مەھمۇت سىجاڭ بۇيرۇققا بىنائەن ئادەم ئەۋەتىپ سابىت داموللا ۋە زىرىپ قارى ھاجىلارنى 4 - ئاينىڭ 13-كۈنى يەكەندە قولغا ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سابىت داموللا ھۆكۈمىتىگە خاتىمە بېرىلدى. خوجىنىياز ھاجى سابىت داموللىنى ئاقسۇغا بىللە ئېلىپ كېلىپ ئۈرۈمچىگە يوللاپ بەرگەن.

## 7. ماجۇڭيىڭنىڭ ئۈرۈمچى ئەتراپىدىن چېكىنىپ قەشقەرگە كېلىشى ۋە خوجىنىياز ھاجىنىڭ مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ ئۈرۈمچىگە بېرىشى

1933 يىلى 5 - ئايدا 2 - قېتىم شىنجاڭغا باستۇرۇپ چىققان ماجۇڭيىڭ① (ئۇ بۇ قېتىم رەسمىي 36 - دىۋىزىيە بولۇپ 4 مىڭدەك ئەسكەر بىلەن چىققان) مۇرى ۋە گۈچۈڭ ئۇرۇشىدا غەلىبە قازىنىپ نۇرغۇن قورال - ياراققا ئىگە بولغاندىن

① بىز بۇ ماقالىمىزدا ماجۇڭيىڭنىڭ ئۈرۈمچى ئەتراپىدىن چېكىنىپ قەشقەرگە كەلگەن قىسمىنىلا قىسقىچە يازىمىز. ئۇنىڭ تولۇق ماتېرىيالىنى كېيىنكى قىسىمدا يازماقچىمىز.

www.uyghurkitap.com

كېيىن كۆرەلەپ، «ھەچكىمنى كۆزىگە ئىلماستىن ئۆزئالدىغا ئىش كۆردى. گوچۇڭدىكى قوراللارنى ئالغانغا قانائەت قىلماي جىمساردىن خوجىنىياز ھاجى تاپشۇرۇپ ئالماقچى بولغان قوراللارغىمۇ چاڭ سېلىپ كېچىسى ئادەم ئەۋەتىپ ئىنساپسىزلىق بىلەن ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئەمەلىي ئەلپازىدىن رەنجىگەن خوجىنىياز ھاجى شىڭ شىسەي بىلەن بىرلەشتى. شۇنىڭ بىلەن ماجۇڭيىڭ شىنجاڭدىكى ھەممە مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنىگە ئايلاندى. ئۇ شىنجاڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىش مەقسىتىدە يېتىش ئۈچۈن 6 مىڭ كىشىلىك قوشۇن جەملەپ ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى. بۇ چاغدا جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلۇپ شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان ئىدى. يېڭىدىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان شىڭ شىسەيمۇ 6 مىڭ كىشىلىك قوشۇن جەملەپ ماجۇڭيىڭنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇردى. بۇ ئىككى كۈچ 33- يىلى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى زىمچۇەنزىدە ئۇچرىشىپ بىر مەيدان قاتتىق ئۇرۇش قىلدى. نەتىجىدە ماجۇڭيىڭ مەغلۇب بولۇپ تۇرپانغا چېكىندى. تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىدىن يېڭى ئەسكەر ئېلىپ ئادەم كۈچىنى تولۇقلىغاندىن كېيىن داۋانچىڭ يولى ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم باشلىدى. بۇ مەزگىلدە ئىلىدىكى جاڭ پېيۈەن (جاڭ زىخىڭ دەپمۇ ئاتىلاتتى) بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولۇپ ئىككى كۈچ ئىككى تەرەپتىن خىرىس قىلدى. 34 - يىلىنىڭ 2 - 3 - ئايلىرىدا ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى داۋانچىڭ، ساي ئوپىلەردىن داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ئۈرۈمچى شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. سەندوڭجېي، خىجاسەن، كونا ئايرودۇرۇم قاتارلىق ئۈرۈمچىنىڭ بېقىندىكى جايلارغىچە كېلىپ شەھەرگە ئېغىر تەھدىت سالدى. شىمال تەرەپتە ياڭ جىڭجۇڭ قوماندانلىقىدىكى جاڭ زىخىڭنىڭ قوشۇنلىرى تەھدىت سېلىپ كېلەتتى. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا شىڭ شىسەي ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىشقا كۆزى يەتمەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم سورىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى شىڭ شىسەي بىلەن تۈزگەن دوستلۇق ئەھدىنامىسىغا ئاساسەن «ئالتايسكى»، «تارباغاتايسكى» دېگەن نام ئاستىدا ئەسكەر كىرگۈزۈپ شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە يارەم بەردى. سوۋېت ئارمىيىسى يەردىن، ھاۋادىن كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغاپ ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى ئۈرۈمچى ئەتراپىدا تارمار قىلدى. ماجۇڭيىڭ بۇ ئەھۋالغا قاراپ جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ قېرشۇنلىرى ئاتلىق - پىيادە بولۇپ كېچە - كۈندۈز قاچتى. ئۇنىڭ مەنقۇلاتلىرىنى توشىغان ئات - تۆگە، ھارۋا كارۋانلىرى قۇيرۇقى ئۈزۈلمەي ماڭدى. ھاۋادىن ھۇجۇم قىلغۇچى ئايروپىلانلار يولبويى ئۇلارنى بومباردىمان قىلدى. ۋە ئوققا تۇتۇپ زەربە بەردى. شۇ تەقلىتتە ئۇلار 34 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرى

4 - ئايىنىڭ باشلىرىدا قەشقەرگە يېتىپ باردى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بارغۇچى «ئالتايسكى» قوشۇن مارالبېشىغىچە بېرىپ توختىدى.

ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى قەشقەرگە توپلانغان ۋاقىتتا، ئارقا تەرەپتە «ئالتايسكى» ئارمىيە، ئالدى تەرەپتە (يەكەن، خوتەن تەرەپتە) خوجىنىياز ھاجى ۋە مەمتىمىن ھەزرەت قوشۇنلىرى بولۇپ ئالدى - ئارقا تەرەپتىن تۇسالغان ئىدى. شۇڭا ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى خوتەن تەرەپتىن يول تېپىش ئۈچۈن ھوجۇم ئۇرۇشى باشلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنى تەكلىپ بىلەن ئوتتۇرىغا سېلىپ شىڭ شىسەي بىلەن كېلىشىم قىلىش يولىنىمۇ ئىزدىدى. نەتىجىدە ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى خوتەندە تۇرۇش، پوسكام ناھىيىسىدىن بۇيانغا ئۆتمەسلىك، ئۇلارنىڭ تەمىناتىنى ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى بېرىش، خوتەننىڭ مەمۇرىيىتىنى ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى ئىدارە قىلىش قاتارلىق توختاملار تۈزۈپ ئۇرۇشنى توختاتتى. شۇنىڭدەك ماجۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتمەكچى بولدى.

ئوتتۇرىدا توختام تۈزۈلگەندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت سىجاڭلار مەكىت ئارقىلىق تارىم ياقىلاپ ئاقسۇغا ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما خوتەن پىدائىيلىرى ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى خوتەنگە كەلتۈرمەيمىز دەپ يول - يولدا قارشى تۇرغان بولسىمۇ ئاخىرى مەغلۇپ بولۇپ كەتتى.

خوجىنىياز ھاجى ئاقسۇغا كەلگەن ۋاقىتتا، ئاقسۇ، كۇچار، جام، ئۇچتۇرپان، مارالبېشى قاتارلىق جايلارنى ئالتايسكىلار قاپلاپ كەتكەن ئىدى. ئايروپىلانلار ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرەتتى.

شۇ يىلى 7 - 8 - ئايلاردا خوجىنىياز ھاجىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مۇئاۋىن رەئىس قىلىپ ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئەپرېسوۋ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ كېلىشىم تۈزدى. خوجىنىياز ھاجى ئۈرۈمچىگە بارمايمەن دېسە، سوۋېت ھۆكۈمىتى نامىدىن ئەپرېسوۋ مەيدىسىگە ئۇرۇپ باشتىن - ئاياق كېپىل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، كېلىشىم تۈزدى. كېلىشىم خەنزۇچە، رۇسچە، ئۇيغۇرچە بولۇپ 3 خىل تىلدا يېزىلدى. شۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجى ئۈرۈمچىگە بېرىشقا ماقۇل بولدى.

ھەربىي جەھەتتە جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون سىلىڭلىقىغا لىيۇبىنىڭ تەيىنلىنىپ قەشقەر يېڭىشەھەردە تۇردى؛ مۇئاۋىن سىلىڭلىقىغا مەھمۇت مۇھىتى تەيىنلىنىپ قەشقەر كونىشەھەردە تۇردى. خوجىنىياز ھاجىغا تەۋە قىسىملارنى ئاتلىق 6 - دىۋىزىيە قىلىپ تەشكىللەپ مەھمۇت مۇھىتى قوشۇمچە سىجاڭ بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# تۇغرۇلبەگ

ئىسلامجان شېرىپ

تۇغرۇلبەگ (  —1063) بۈيۈك سالجۇقلار ئىمپېرىيىسىنى قۇرغۇچى ئىمپېراتور، ئالىپ ھەربىي قوماندان، ئۇ ئوغۇزلار بېگى سالجۇقنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، ئەخلاقلىق، ساپدىل، باتۇر، مەرت، دانىشمەن ئادەم ئىدى ھەم ئەجدادلىرىنىڭ ئىشقا تولىمۇ ساداقەتمەن ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزى قۇرغان ئىمپېرىيىنى بوۋىسى سالجۇقنىڭ نامىغا ئاتىدى.

سالجۇقلار ئەسلىدە قاراخانىلار دۆلىتىگە قاراشلىق ئوغۇز تۈركلىرىدىن بولۇپ سالجۇق بولسا، قاراخانىلار ئوردىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىدىغان تۇتۇق بەگ ئىدى. ئۇلارنىڭ تېخىمۇ يىراقتىكى ئۆتمۈشىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇلار 6- ئەسىردە قۇرۇلغان كۆك تۈرك ئىمپېرىيىسى تەۋەلىكىدىكى خەلق بولۇپ 8-، 9- ئەسىرلەردە كۆك تۈركلەر ئىمپېرىيىسىنى ئىگىلىگەن ئۇيغۇرلار دۆلىتى تەۋەلىكىدە بولغان ئىدى. ئۇلار ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدە «ئون ئۇيغۇر» ۋە «توققۇز ئوغۇز» تارمىقىدىكى قانىق قەبىلىسىگە نەسەبداش بولۇپ، قانىق قەبىلىسى ئوغۇز خاننىڭ «ئۈچ ئوقلار» تارمىقىدىكى ئوغۇللىرىدىن دېڭىز خاننىڭ ئوغلى قانىقنىڭ نامىغا ئاتالغان ئىدى.

سالجۇقلارنىڭ نامى قانىق قەبىلىسىنىڭ بېگى تاقاق بەگنىڭ ئوغلى «سالجۇق سۇ باشى» نىڭ نامىدىن كېلىپ چىققان ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئەرەب، ئىران تارىخچىلىرى «سەلجۇق سۇ باشى» نى «سالجۇق» دەپ يازغانلىقى ئۈچۈن، تارىختا سالجۇقلار نامىنى ئالدى. ئۇلارنىڭ بۇ نامدا ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار سالجۇقلار ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇشتىن بۇرۇن قانداش ئۇيغۇرلارغا بولۇشۇپ قاراخانىلار ئىلكىدە ئاكتىپ ھەرىكەت قىلغانلىقى ئۈچۈن قاراخانىلارنى قۇرغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ قەبىلىسى بولغان قارلۇقلار يابغۇسى، تاقاق بەگنى ناھايىتى ياخشى كۆرگەن. تاقاق بەگ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا سالجۇق بەگ بولغان، سالجۇق بەگ بىلىملىك ۋە ئەسكىرى ئىشلاردا چېۋەر تەشكىلاتچى بولغاچقا، قارلۇق يابغۇسى سالجۇق بەگنى پۈتكۈل قارلۇق قەبىلىسىنىڭ ئەسكىرى ئىشلىرىغا قوماندان قىلغان ۋە

ئۇنىڭغا «سۇ باشى» (باش قوماندان) ئۇنۋانىنى بەرگەن. ئۇنىڭ نام شەرىپى پۈتۈن قارلۇق قەبىلىسىگە مەشھۇر بولغاندىن كېيىن قانىق قەبىلىسىدىكىلەر ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ نامى بىلەن سالجۇقلار دەپ ئاتىغان.

سالجۇق سۇ باشىغا خەلق ۋە ئەسكەرلەر بىردەك ھۆرمەت بىلەن ئىتائەت قىلغاچقا، قارلۇق يابغۇسى ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن بىر خەتەر دەپ قارىغان ۋە سالجۇق سۇ باشى ئىسيان كۆتۈرۈپ ھوقۇقىنى تارتىپ ئالارمىكىن دەپ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان. يابغۇنىڭ ۋەھىمە ئىچىدە دۈشمەنلىك تەرەپكە ئۆتكەنلىكىنى تۇيۇپ قالغان سالجۇق سۇ باشى قانىق قەبىلىسىنى باشلاپ يەتتە سۇدىن كېچىپ سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى «جەند» ئۆلكىسىگە يەرلىكلەشكەن. بۇ يەردىكىلەر پۈتۈنلەي مۇسۇلمان تۈركلەر بولغاچقا سالجۇق سۇ باشى ئۇلارنىڭ تەسىرىدە ئىمان ئېيتقان ۋە تېزدىلا مۇسۇلمان بولمىغان تۈرك قەبىلىلىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغان، ھىجرىيەنىڭ 386- يىلى سالجۇق سۇ باشى قارلۇق يابغۇسىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئارسلانبەگ باشچىلىقىدا سامانىلار پادىشاھى ئىسمىر نوھقا ياردەمگە كۆپلەپ قوشۇن ئەۋەتىپ بۇخارانى قاراخانىلارنىڭ ئېلىك خانىدىن تارتىپ ئالدى، بۇنىڭ بىلەن سالجۇق سۇ باشى بىلەن سامانىلار ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق ئورنىتىلدى. دەل شۇچاغدا سالجۇق سۇ باشى ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئوغلى ئارسلانبەگ قاتارلىقلار سالجۇق قەبىلىسىنى باشقۇردى. بۇچاغدا، قاراخانىلار بىلەن غەزنەۋىلەر دوستلۇق ئورنىتىپ بولغانىدى. سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى سامانىلار بىلەن ئىناق بولۇپ قاراخانىلارغا قارشى ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئارسلان يابغۇنى غەزنىگە چاقىرتىپ مېھمان قىلدى ۋە قېرىندىشى بولغان قاراخانىلارغا يۈز ئۆرۈمەسلىك ھەققىدە نەسىھەت قىلدى. ئارسلانبەگ ئۇنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىمىدى. سۇلتان مەھمۇت ئۇنى تۇتۇپ ھىندىستاندىكى كانجۇ قەلئەسىگە ھەپسىگە ئالدى. لېكىن ئۇنىڭ ئىنىسىنىڭ ئوغۇللىرى تۇغرۇلبەگ قاتارلىقلار قېرىنداشلىرى بىلەن جەندتە قالغان ئىدى. ئۇلار سۇلتان مەھمۇتتىن قورقۇپ جەندتىن كۆچۈپ بۇخاراغا تەۋە نۇر ئاتا دېگەن يايلاققا ماكانلاشتى. قاراخانىلار خاقانى قادىرخان ئۇلارنى «بىز قېرىنداش، ۋەتەنگە قايتىپ كېلىڭلار» دەپ دەۋەت قىلىپ ئۇلارنى ياندۇرۇپ كېلىپ قەشقەرگە يېقىن ئەتراپقا ئورۇنلاشتۇردى. ئەمما ئۇلارنى ئاسىيلىق قىلىدۇ دەپ قاراپ تۇغرۇلبەگ بىلەن ئۇنىڭ ئاكىسى چاغرى بەگنى قاماشقا ئۇرۇندى. چاغرى بەگ ئۆز تەۋەلىرىنى ئېلىپ قەشقەردىن جەندكە قاچتى، قادىرخان تۇغرۇلبەگنى قاماقتىن چىقىرىپ ئاكىسىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولدى. تۇغرۇلبەگ جەندكە باردى-دە، قادىرخانغا يۈز ئۆرۈدى. جەند شىمالىي ئېلىك خان ئارسلانخانغا تەۋەيەنى قاراخانىلارنىڭ قادىر-

خانغا بىۋاستە بوي سۇنمىدىغان جايى بولغاچقا توغرۇلبەگ ۋە چەغرى بەگلەر خەۋپەتلىك ھېس قىلىپ بۇ يەردىن يۆتكەلدى ۋە خارەزم ۋالىسى ھارۇندىن يەر تىلىدى. ھارۇن بۇلارغا خوراساندىن يەر بەردى. كېيىن ئۇلار ئىلىك تىگىن ئىلىك خانىنىڭ ئوغلى نەسىر ئىلىك خان سالجۇقلارنى ماۋرا ئۇننەھىردىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن سالجۇقلار خوراسان ھەم خۇۋا رەزىم تەرەپلىرىدىن ماكانلىشىپ جىددىي تۈردە كۆچەيدى. مىلادىي 1036- يىلى چاغرى بەگ مەرۋىنى ئېلىپ، ئۆزىنى «مەلىكۇل—مۇلك» (ھۆكۈمدارلار ھۆكۈمدارى) دەپ ئاتىدى. ئارقىدىلا بەلقىنى ئالدى، بىر يىلدىن كېيىن ھىرات، ئاندىن كېيىن نىشاپۇر ئېلىندى. چەغرى بەگ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى توغرۇلبەگ ئاجايىپ جاسارەت بىلەن مەيدانغا چىقىپ، سالجۇقلارنىڭ كاتتا ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇش غەرىزى بىلەن نىشاپۇردا ئۆزىنى «سۇلتان» دەپ ئاتىدى. بۇ چاغدا قاراخانىلار سالجۇقلارنى قوللاش ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا، ئالدى ئاسىيا ۋە كېچىك ئاسىيالارنى ئىگىلەش ئۈچۈن، سالجۇقلارنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى. بۇنداق قوللاش ئارقىسىدا توغرۇلبەگ سالجۇقلارغا باش بولۇپ، باشقا ئۇششاق ۋە تارقاق ھالەتتە تۇرىۋاتقان تۈرك قەبىلىلىرىنى بوي سۇندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش ئارقىلىق مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشقا ئاساس سالدى.

توغرۇلبەگ 1037- يىلىدىن باشلاپ رەسمىي ئىمپېرىيە قۇرۇش پىلانىنى تۈزدى ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلەرنى باشلىدى. بۇ يىلى توغرۇلبەگ بىر نەۋرە ئىنىسى داۋۇت بىلەن سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلىپ ئالالمىغاندىن كېيىن، رەندا —نىكان ئۇرۇشى ئارقىلىق سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋىنىڭ تەخت ۋارىسى مەسئۇتتىن خوراساننى تارتىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن داۋۇت مەرۋى شاھى جاھاندا جامائەتكە ئۆز نامىنى خۇتبىدە ئوقۇشقا بۇيرۇق قىلدى، توغرۇلبەگ نىشاپۇردا ئۆز نامىنى قۇتبىدا ئوقۇشقا بۇيرۇق قىلدى. توغرۇلبەگ باشچىلىقىدىكى ئوغۇزلار مەرۋى شاھى جاھان بىلەن نىشاپۇرنى پۇختا ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، غەزنەۋىلەرگە تېخىمۇ دەۋەيلىدى. ئۇلارنىڭ ئامىتى ئوڭدىن كەلدىكى، بۇچاغدا غەزنەۋىلەر ئىچىدە سۇلتانلىق ئورنىنى تالىشىپ ئىچكى نىزالار بولدى. توغرۇلبەگ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دەرھال ھوجۇمغا ئۆتتى ۋە خارەزم بىلەن تابارىستاننى ئىگىلىۋالدى. 1040- يىلى تالقاندا بولغان جەڭدە غەزنەۋىلەر سۇلتانى مەسئۇدنى تارمار كەلتۈرۈپ، ئىرانغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلىپ مىرەۋ شەھرىنى بېسىۋالدى ۋە ئۇنى ئۆزىگە پايتەخت قىلدى. 1043- يىلى بىر ھۇجۇم بىلەنلا پارسلارنىڭ بوۋاھ پادىشاھلىقىنى يوقاتتى. بۇنىڭ بىلەن توختىماستىن يەنە ئىلگىرىلەپ، ئالدى بىلەن رايىنى، ئاندىن ئىسپاخاننى ئىگىلىدى.

بۇچاغدا، ئاببىاسىلار سۇلالىسى ئەمەلىي ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالغان تۈرك قوماندانلىرى

ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ مىللىي مەنپەئەت يولىدىكى ھەققانىي كۈرەشلىرى ئارقىسى-دا زەئىپلەشمىشكە قاراپ يۈزلەندى. ئابباسىلار سۇلالىسىنىڭ يەرلىك خەلقلەرنىڭ مۇستەقىللىق يولىدىكى ئەرەب ئىستىلاسىغا قارشى ئىسيانلىرىنى مال-دۇنياغا بېرىلگەن يەرلىك بايلار ۋە ھوقۇققا ۋىجدانىنى ساتىدىغان بەدبەخلەرگە تايىنىپ باستۇرۇش ھەمدە پارس ۋە تۈرك خەلقلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ئېڭىنى بوغۇتلاشتۇرۇش ھىيلىسى ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. قورچاق ۋەزىرلەرمۇ ئۆزلىرىگە قانداش خەلقلەرنىڭ غەزەپ-نەپرەتلىرى ئىچىدە ئۆتمەس بولۇپ قالغانىدى. يەرلىك خەلقنىڭ ئېڭى مىللەت بىلەن دىننى ئايرىش، دىننى دەپ ۋەتەننى ئەرەبلەرگە تاشلاپ بەرمەسلىك دەرىجىسىگە يەتكەنىدى. بۇنداق چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلىگەن توغرۇلبەگنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قوشۇنلىرى 1055-يىلى باغداتنى بېسىۋېلىپ، ئابباسىلار خەلىپىسىنى قورچاق ھالغا چۈشۈردى. باغدات خەلىپىسى قايىم (1031 — 1075-يىللاردا خەلىپە بولغان) ئاكەمنى مالەم قىلىۋەتكىدەك ئەلپازدا ئۆزىگە كۆز ئالايتىۋاتقان توغرۇلبەگنى ئەل قىلىش ئۈچۈن توغرۇلبەگنىڭ نامىنى قۇتبىدە ئوقۇشقا ئەمىر قىلدى.

ئەمما، توغرۇلبەگ بۇنداق ئۇلۇغلاش بىلەن ئالدىنىپ تۇرماستىن، بۇۋاھ پادىشاھلىقىنىڭ پۈتكۈل ھوقۇقىنى بىر مەھەل ئىگىلىۋالغان، بۇۋاھنى توغرۇلبەگلەر ئىگىلىۋالغاندا قېچىپ كېتىپ قايتا تېرىلىش پىلانى بىلەن يوشۇرۇنۇپ تۇرغان باساشىرنى يوقىتىپ تۇلۇق غەلىبە قىلىشقا ئاتلاندى. باساشىر تۈرك بولسىمۇ، توغرۇلبەگكە بوي سۇنماي، باغداتنى ئۆزى ئىگىلىمەكچى بولدى. توغرۇلبەگ زور قوشۇنى بىلەن ئۇنى قوغلاپ مۇسۇلغا بارغاندا، توغرولبەگنىڭ ئاتا بىر ئانا باشقا قېرىندىشى ئىبراھىم ئىراققا قېچىپ كەتتى. توغرۇلبەگنىڭ ئىنىسى ئالىپ ئارسلان بۇ ۋەقەدىن دەرغەزەپكە كېلىپ، توغرۇلبەگكە جان تىكىپ ياردەم قىلدى.

1059-يىلى بۇلار مۇناپىقلىق قىلغان ئىبراھىمنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى. قېرىنداشلار ئارىسىدىكى نىزادىن پايدىلانغان باساشىر ئەرەبلەرنىڭ ئۇقايلى پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى قۇرەيىش ئىبنى بادلان بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، مۇداپىئەسى بولمىغان باغداتنى ئىگىلىۋالدى. باساشىرلار خەلىپە قايىمنى مىسوپوتامىيەنىڭ ئانا دېگەن يېرىگە ئېلىپ باردى ھەمدە جۈمە نامىزىدا پاتىمە سۇلالىسىدىن مۇستەنسىرنىڭ نامىنى قۇتبىدە ئوقۇشنى تەلەپ قىلدى. توغرۇلبەگ ئۇنىڭ مۇناپىقلىقىدىن دەرغەزەپكە كەلدى-دە، باستۇرۇپ بېرىپ خەلىپىنى باغداتقا ياندۇرۇپ كەلدى. خەلىپە توغرۇلبەگكە «غەرب ۋە شەرقنىڭ سۇلتانى» دەپ نام بەردى. بۇنىڭ بىلەن باغداتنى مەركەز قىلغان ئابباسىلار سۇلالىسىنىڭ پۈتكۈل زېمىنىمۇ توغرۇلبەگنىڭ قولىغا چۈشتى. دېمەك، توغرۇلبەگ ئىمپېراتور بولغاندا (1040 — 1063) سالجۇقلار ئىمپېراتورلۇقى تاغدەك مەزمۇت قەدكۆ-

تۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىلار سۇلالىسىغا يانداش ھالدا دۇنيانىڭ سىياسىي سەھنىسىدە ئىنسانىيەتنى ئەيمەندۈرىدىغان كاتتا كۈچكە ئايلاندى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، توغرۇلبەگ مۇسۇلمان شەرقىنىڭ تەبىئىي ھۆرمىتىگە ئىگە بولدى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى رەھبەرلىك ئورنى تىكلەندى. 1063- يىلى توغرۇلبەگ سۈرمىيىنى بويي سۇندۇرۇپ باغداتقا قايتىپ كەلدى. ئەرەپ خەلىپىسى توغرۇلبەگكە قىزىنى ياتلىق قىلىشنى لايىق تاپتى. توي راي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. ئەمما، توغرۇلبەگ باغداتتىن رايغا كېتىۋاتقاندا، ئويشتۇمتۇت ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا توغرۇلبەگنىڭ ئىنىسى ئالىپ ئارسلان ئىمپېراتور بولدى.

سالجۇقلار ئىمپېرىيىسىگە ئالىپ ئارسلان ئىمپېراتور بولغان چاغدا (1063-1072) كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلى تېخى ۋىزانتىيىگە قاراشلىق بولۇپ، بۇيەردىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى خىرىستىيان دىنىدىكى كىشىلەر ئىدى. ئابباسىلار خەلىپىسى بۇيەرنى ئىستىلا قىلىپ، خىرىستىيان مۇخلىسلىرىنى ئىمان ئېيتقۇزۇشقا كۆپ قېتىم ئاتلىنىپ مەقسىتىگە يېتەلمىگەنىدى. ئالىپ ئارسلان مۇسۇلمان شەرقىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە كىچىك ئاسىياغا غازات باشلىدى. جەنۇبىي كاپكازدىن لەشكەر تارتىپ چىققان ئالىپ ئارسلان 1071- يىلى 8- ئاينىڭ 26- كۈنى ھازىرقى ئەرمەنىستاندىكى ۋان كۆلىنىڭ شىمالىدىكى مانچىكەنت دالىسىدا شەرقىي رۇما ئىمپېراتورى دىككىنىس رومان IV باشچىلىقىدىكى ناھايىتى كۈچلۈك ۋىزانتىيە (شەرقىي روما) قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈرۈپ، ئىمپېراتور دىگكىنىس رومان IV نى تىرىك تۇتىۋالدى. شۇندىن باشلاپ روما ئىمپېرىيىسى سالجۇقلار ئىمپېرىيىسىگە سېلىق (ئولپان) تۆلەيدىغان قارام دۆلەتكە ئايلاندى. شۇنداقلا سالجۇقلار غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ ئىمپېرىيىنىڭ زېمىنىنى مەرمەر دېڭىزىغىچە سۈرۈپ، پۈتكۈل كىچىك ئاسىيانى ئىشغال قىلدى

مانچىكەنت ئۇرۇشى غەلىبىسى بىلەن ئاتتىلا داھىلىقىدىكى ياۋروپا ھون ئىمپېرىيىسى دىيارىنى يېڭىباشتىن ئىگىلەپ، بۇ زېمىننى تاكى ھازىرغىچە ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇشىغا ئاساس سالدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ياۋروپا دۇنياسىدا «ئاللانىڭ قامچىسى» ھېسابلانغان ئاتتىلانىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ، ياۋروپا بىرىنچە ئەھلىسەلىپ تەشكىللەپ، تۈركلەر باشچىلىقىدىكى ئىسلام دۇنياسىغا قارشى خرىستىيان غازىتىنى باشلىدى. شۇ يىلى ئالىپ ئارسلان ۋاپات بولدى ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى مالىك شاھ ئىمپېراتور بولدى.

سالجۇقلار ئىمپېرىيىسى (1040 - 1157) مالىك شاھ ئىمپېراتور بولغان چاغدا (1073 - 1092) ناھايىتى قۇدرەتلىك، گۈللەنگەن بىر دۆلەتكە ئايلاندى. مالىك شاھنىڭ ئەقىللىق، تەدبىرلىك ۋەزىرى نىزامۇلمۇلكنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۆززامانىسىدىكى مەشھۇر پەنلەر سارىيى بولغان «نىزامىيە» ئالىي مەكتىپى ئېچىلدى. ئۇنىڭ «سىيا-

سەتنامە» ناملىق ئۈچ ئەسىرى مۇشۇ مەزگىلدە يېزىلغان. مالىكشاھتىن كېيىن، سالجۇقلار ئىمپېرىيىسىگە سۇلتان سەنجەر (1117 - 1157) ئىمپېراتور بولۇپ، ئەجدادلىرىنىڭ يولىنى داۋام ئەتتى. شۇنداق قىلىپ، 11- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سالجۇقلار خەرىتىسىگە كىچىك ئاسىيا، سۈرىيە، پەلەستىن، ئەرەبىستان، مېسوپوتامىيە، ئىران ئافغانىستان، بېلۇجىستان، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمى كىردى.

توغرۇلبەگ بۇ ئىمپېرىيىنى قۇرۇش ۋە ئۇنى باشقۇرۇشتا، دەسلەپتىلا قاراخانىدنىڭ مۇھارىبە ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۇنياۋى ئىلىم بىلەن سوراشتا چىڭ تۇرغانىدى. شۇڭا، سالجۇقلار ئىمپېرىيىسىنىڭ كېيىنكى ئىمپېراتورلىرىمۇ ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ، دۇنيانىڭ نەچچە خىل مەدەنىيەت ماھارەتلىرىنى بىر يەردە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇزاق مۇددەت تىنچلىقتا تېز راۋاجلىنىشنى ئىلگىرى سۈردى. بۇنىڭ بىلەن سالجۇقلار ئىمپېرىيىسى دۇنيادا گۈللەنگەن كاتتا ئىمپېرىيىگە ئايلاندى. شەرق غەربنىڭ سىزدىگەرلىرى بۇ يەرگە قاراپ ئاقتى. «مەدەنىيەت، سەنئەت ئىنتايىن راۋاجلاندى. قەدىمكى پارس مەدەنىيىتى، ئەرەپ مەدەنىيىتى ۋە يونان روما مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن بىر خىل يېڭى مەدەنىيەت ـ كېيىنكى تۈرك مەدەنىيىتى مەيدانغا كەلدى.

(شاۋ يەننىڭ «سالجۇقلار ئىمپېرىيىسى» دېگەن ماقالىسىدىن)

بۇ ئىمپېرىيە توغرۇلبەگ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى شەرىپى بىلەن دۇنيا تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇردى.

---

(بېشى 85- بەتتە)

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ تارىخى (ۋېي لىياڭتاۋ)
2. قاراخانىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى (ھاجى نۇرھاجى)
3. «قەشقەرىيە» (كوروپاتكىن)
4. قەشقەر يىلنامىسى 1-، 2- توم يېڭى نەشرى
5. يەكەن تارىخى ھەققىدە پارچىلار (يەكەن ئەدەبىيات سەنئىتى 1-، 2- سان)
6- سوتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى
7- سەيد ئەلى ئارسلانخان تەزكىرىسى
8- يېڭىسار ناھىيىلىك تەزكىرە يېزىش گۇرۇپپىسى تۈزگەن ماتېرىياللار.
9- قىزىل قۇرغان تام ۋە شەھەر چېكلىق ھۆكۈمەت تەۋسىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئۆلىما، تارىخچى، قوشاقچىلار بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئىگىلىگەن ماتېرىياللار
10- ئۇچا كۆكشى بولىدىكى «چۇچە پاتچىسىم» مازىرى ھەققىدە شەيخلەر بەرگەن مەلۇماتلار.
11- شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى ۋە ئۇيغۇر قىسقىچە تارىخى قاتارلىقلار

# نىزامۇلمۇلك

نىزامۇلمۇلك — ئەبۇئەلى ھەسەن ئىبنى ئەلى ئىبنى ئىساق (     -1092) سالجۇقلار ئىمپېرىيەسىنىڭ ئالپئارسلان ۋە مالىك شاھ دەۋرىدىكى ئاتاقلىق ۋەزىرى، مەشھۇر سىياسىيئون، ئاتاقلىق مەرىپەتپەرۋەر ئالىم. ئۇنىڭ سالجۇقلار ئىمپېرىيەسىنى گۈللەندۈرۈش ۋە غەربىي ئاسىيا مەدەنىيەت گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىكى تالانتى شۇ زامان ئېتىبارى بىلەن جاھانغا مەشھۇردۇر.

نىزامۇلمۇلك 1018- يىلى غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقىغا تەۋە خوراساننىڭ تۇس دېگەن يېرىدە غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقىنىڭ باجگىرلىقىنى قىلىدىغان بىر ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ ئۆلىمالار ئائىلىسىدە بولىدىغان ئەدەب-قائىدە ۋە ئىلىم تەربىيەسى بويىچە تىرىشىپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ ئالىملىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەندە، سالجۇقلارنىڭ ئەڭ مەشھۇر سۇلتانى توغرۇلبەگ غەزنەۋىلەردىن خوراساننى تارتىۋالدى ۋە ئۆزىنى سۇلتان دەپ جاكارلىدى. بۇ 1040- يىلى بولغان ۋەقە ئىدى. توغرۇلبەگ خوراساننى جىيەن ئوغلى ئالپ ئارسلاننىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزى 1040- يىلىدىن 1055- يىلىغىچە گورگان، توبارىستان، خارەزىم، ئەزەربەيجان، غەربىي ئىران، فارىس، جەنۇبىي ئىراق قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئېلىپلا قالماستىن باغدادقىمۇ باستۇرۇپ كىرىپ، ئابباسىلار خەلىپىسىنى قورچاق ھالغا كەلتۈرەي ھەمدە كاپكازدا بولغان جەڭدە دۇنياغا مەشھۇر بولغان ۋىزانتىيە ئارمىيەسىنى مەغلۇپ قىلىپ، غەرب دۇنياسىنى ئالاقزادە قىلدى. بۇ جەرياندا نىزامۇلمۇلك خوراسان ئەمىرى ئالپ ئارسلانغا خىزمەت قىلدى. 1063- يىلى توغرۇلبەگ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ جىيەن ئوغلى ئالپ ئارسلان ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ سالجۇقلار ئىمپېرىيەسىنى ماۋرائۇننەھرىگىچە كېڭەيتىپلا قالماستىن، ۋىزانتىيە پادىشاھى دىئوگىنىزنى ئولپان تۆلەيدىغان قارام ھالغا چۈشۈردى. ئارقىدىنلا دەمەشىققىچە بولغان رايونلارنى بېسىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن باغداد خەلىپىسىگە تەۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى سالجۇقلار سۇلتانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، مۇھىم جايلارغا «سۇلتان-ئاللانىڭ يەر يۈزىدىكى سايىسى» دەپ يېزىپ زىكرى قىلىدىغان بولدى. بۇ جەرياندا نىزامۇلمۇلك خوراساننىڭ ئەمىرى بولدى. ئالپ ئارسلان 1063-يىلى

نىزامۇلمۇلۇكنى ۋەزىرلىككە تەيىنلىدى. ئالىپ ئارسلان 1072- يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى جالالىدىن مالىك شاھ سالجۇقلار ئىمپېرىيىسىنى غەربتە ئوتتۇرا يەر دېڭىزى، شەرقتە قاراخانىلارغىچە كېڭەيتتى. بۇ جەرياندا نىزامۇلمۇلۇك باش ۋەزىر بولدى. دېمەك، ئالىپ ئارسلان ۋە مالىك شاھلارنىڭ سالجۇقلار ئىمپېرىيىسىنى تېز سۈرئەتتە كېڭەيتىشى نىزامۇلمۇلۇكنىڭ خىزمىتى بىلەن باغلانغاندى.

سالجۇقلار قاراخانىلارنىڭ مەدەنىيەت تەربىيىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئىزچىل ئوردا ئۇرۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ، دۆلەتنى ئىلىم پەن بىلەن ئىدارە قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ئالىپ ئارسلان ۋە مالىك شاھلار توغرۇلبەگنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە باي ۋە مەدەنىيەتلىك سامانىلار ۋە قاراخانىلار دۆلەتلىرىنىڭ دۆلەتنى ئىلىم-پەن بىلەن ئىدارە قىلىش يولىنى تۇتۇپ، تۈرك ۋە ئىران نەسلىدىكىلەرنىڭ ئىسلاھاتتا ئالىملىرىنى ئوردىغا توپلاپ، پايتەخت مەرۋە ھەم باغدادتا چوڭ ئىلىم يۇرتلىرىنى قۇرۇشقا ۋە شۇ ئىلىم يۇرتلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى بويىچە دۇنياغا مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. سالجۇقلار ئوردىسىدا ئىشلەيدىغان ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسى نىزامۇلمۇلۇك ئىدى. «ئۇ تازا تېتىك باش ۋەزىر بولۇپ، ئەۋلىيادەك دانا، ئاجايىپ تەمكىن، زېرەك ۋە پەلانجان ئىدى، شۇڭلاقلا ئۇ تازا تەقۋادار مۇسۇلمان ئىدى»①

سالجۇقلاردىن ئالىپ ئارسلاننىڭ ھەم ئۇنىڭ ئوغلى مالىك شاھنىڭ قول ئاستىدىكى 30 يىل باش ۋەزىر بولغان نىزامۇلمۇلۇك دۆلەت ئىشلىرىدا ئالىملارنى ۋە ئەدىبلەرنى قەدىرلەيدىغان مەرىپەتپەرۋەر زات بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن ئالىملار، ئەدىبلەر، ھۈنەرۋەن-ئۇستىكارلار توپلاندى، سالجۇقلار خانلىقىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىغا پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلغۇچى تەركەن خاتۇن (قاراخانىلار جەمەتىدىن بولۇپ، سۇلتان مالىك شاھنىڭ خوتۇنى) مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەر، بالاساغۇن ۋە شۇنىڭدەك تۈرك يۇرتلىرىدىن باغدادقا نۇرغۇن ئۇيغۇر قارلۇق زىيالىيلىرى بارغاندى، بۇلار نىزامۇلمۇلۇك باغداد، مەرۋ ۋە ئىسپاھانلاردا تەشكىل قىلغان مەدرىس كۇتۇپخانىلاردا پائالىيەت ئېلىپ باردى، يەنى باغدادتا نىزامۇلمۇلۇك «نىزامىيە مەدرىسى»نى تەشكىل قىلغاندا، قەشقەردە يۈسۈپ قادىرخان زامانىسىدىلا قۇرۇلغان «ساجىيە مەدرىسى» نامىلىق ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئالىي مەلۇماتلىق كىشىلىرى شەرقتىن ئەرەب ئىمپېرىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىپ، سالجۇق تۈركلىرىدىن ئىلغار بولغان ئۇيغۇر قاراخانىلار مەدەنىيىتى ۋە تىلىنى پۈتكۈل تۈركى خەلقلەرنىڭ ئورتاقلىقىغا ئايلاندۇردى. بۇنىڭ بىلەن قاراخانىلار، غەزنەۋىلەر مەدەنىيىتى سالجۇقلار دەۋرىدە يېڭىباشتىن گۈللىنىپ، سالجۇقلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلىرىدا ئاجايىپ مۆجىزاتلارنىڭ يارىتىلىشىغا-باشتىلار تەربىيىدىن «كۆچمەن چار-

www.uyghurkitap.com

ۋەتچى» دەپ ئاتىلىۋاتقان ئوغۇز ئەۋلادى سالجۇقلارنىڭ قوشۇنلىرىنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ قويمىدىغان تەكەممۇل، كۈچلۈك ئىمپېرىيە بولۇپ شەكىللىنىشكە تۈرتكە بولدى، شۇنداق بولغاچقا، ئالىپ ئارسلانلار دۆلىتى كۈچلۈك ئىقتىسادىي بازىس ۋە ئۇستقۇرۇلمىسىغا ئايرىلىپ ئەشۇنداق كەڭ تېررىتورىيىگە خوجايىن بولۇپ، دۇنيانى سورىماقچى بولغان باغدادنىمۇ ئىستائەتمەن بېكىنمىلىككە ئايلاندۇرۇپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ رەھبىرى بولۇپ قالدى. دۆلەت ئۈچۈن ئىلىم ئارقىلىق ئادەم تەربىيىلەش جەھەتتىكى ئەمەلىي نەتىجە نىزامەلمۇل مۇلۇكنى سالجۇقلار ئوردىسىدا يۇقىرى ئىناۋەت ۋە بەخت تەلەيگە ئىگە قىلدى، ئۇ سالجۇقلار دۆلىتىدە ئىمپېراتوردىنلا قالسا، ھۆرمەتلىك ئادەم بولدى.

نىزامەلمۇل مۇلۇكنىڭ دانالىقى ۋە سالجۇقلار ئىمپېرىيىسىگە بولغان ساداقىتى ئالىپ ئارسلاننى چىن دىلىدىن قايىل قىلغاچقا، دۆلەتنىڭ سىياسەتلىرىنى ئۇنىڭ بىلەن كېڭىشىپ بەلگىلەيدىغان قىلىپلا قالماستىن، ئىمپېرىيىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك كاتتا ئىشلارنىمۇ ئۇنىڭغا ھاۋالە قىلىدىغان بولغانىدى.

مەسىلەن، ئالىپ ئارسلان ۋاپات بولۇش ئالدىدا تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن ئوغلى مالىك شاھنى نىزامەلمۇل مۇلۇكنىڭ تەخت ۋارىسى قىلىپ تەربىيىلىشىگە تاپشۇردى، ئۇزاق ئۆتمەي ئالىپ ئارسلان ئۆلۈپ كەتتى، مالىك شاھ تەخت ۋارىسى دەپ ئېلان قىلىندى. ئەمما، ئۇ كىچىك بولغاچقا، دۆلەت باشقۇرۇش نىزامەلمۇل مۇلۇككە قالدى. ئۇنىڭ ھوقۇقى چەكسىزلىك دەرىجىسىگە يەتتى، ئەمما، خىيانەتسىز ئىشلىدى، بۇنىڭدىن تولۇق رازى بولغان مالىك شاھ ئەنە شۇ چاغدا نىزامەلمۇل مۇلۇكنىڭ ئەبۇئەلى ھەسەن ئىبنى ئەلى، ئىبنى ئىسھاق دىگەن ئىسمىنى «نىزامەلمۇل مۇلۇك» («دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا خىزمەت كۆرسەتكەن ۋەزىر») دىگەن ئۇنۋانغا ئۆزگەرتتى ھەممە دۆلەتنىڭ بارلىق سىياسەتلىرىنى بەلگىلەشتە ئۇنىڭ بىلەن ھەمنەپەس بولدى. نىزامەلمۇل مۇلۇك بۇنداق ياخشى شارائىتتىن تولۇپ پايدىلىنىپ سامانىلار ۋە قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئەڭ ئىلغار تۈزۈم قائىدىلىرىنى سالجۇقلار ئىمپېرىيىسىگە تەدبىقلاپ، تۈرك ۋە فارس خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى يېڭى زامانغا ماس ھالدا راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەتنىڭ تېز تەرەققى قىلىشىغا يول ئاچتى. نىزامەلمۇل مۇلۇكنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن سالجۇقلارنىڭ بىز دەۋرى فەئۇدالىق ئىقتىسادىي سىردىسى تېز راۋاجلىنىش دەۋرىگە كىردى، شەھەر كۆپەيدى ۋە تەرەققىي قىلدى، شەھەرلەردە مىللىپ قول سانائەت كارخانىلىرى ھەسسىلەپ كۆپەيدى، مەدەنىيەت تەربىيىسى ئومۇملاشتى، شەھەر ئىچى ۋە سىرتىدا ئېرىق-ئۆستەڭ، باغ-ۋارانلار كۆپەيدى. ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن مەخسۇس تەتقىقات ئورۇنلىرىمۇ قۇرۇلدى.

بۇ دەۋردە سالجۇقلار ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى مەرۋىگە بارغان ئاتاقلىق ئەرەب يازغۇچىسى ياقۇت زىيارەت خاتىرىسىگە مۇنداق يازغان: «مەن ئۇيەر(مەرۋ)دە مەدرىسىگە (ئۇنىۋېرسىتېتقا) تەۋە 10 كۇتۇپخانا كۆردۈم، مەن دۇنيادا ئۇنداق كۆپ ھەم ئېسىل كىتابلارنى ساقلايدىغان كۇتۇپخانا كۆرمىگەن». دېگەن، مائارىپ ۋە ئىلىم-پەن ئىشلىرى نىزامىئۇل مۇلۇك دەۋرىدە ھەقىقەتەن راۋاجلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ نامىغا ئاتالغان «نىزامىيە مەدرىسىسى» دىن باشقا، ياۋروپادا تېخى ئۇنتۇرا مەكتەپمۇ يوق چاغدا سالجۇقلاردا «نىزامىيە»گە ئوخشاش ئالىي مەكتەپلەرنى مەركەز قىلغان ئىلىم-پەن تورلىرى قۇرۇلغان. ھازىرغىچە ساقلانغان سەنجەر سۇلتاننىڭ مەقبەرىسىگە چىقىرىلغان گۈزەل نەقىشلەر ۋە ئۇنىڭ تۈۋرۈكلىرى، تۇرۇسلىرى ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن قاپارتما نەقىشلىرى ئەنە شۇنداق گۈزەل بىر مەنزىرىنى ئەسلىتىدۇ.

نىزامىئۇل مۇلۇك يالغۇز سالجۇقلارنىڭ ئوردىسىدىلا ئەمەس، باغدات خەلىپىسىنىڭ ئوردىسىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن، خەلىپىنىڭ سىياسەتلىرىمۇ نىزامىئۇل مۇلۇك تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن، خەلىپە ئوردىسى نىزامىئۇل مۇلۇكنىڭ دوستى-ئاغىنىلىرى بولغان دۆلەت ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن نازارەت قىلىنغان، چۈنكى بۇچاغدا نىزامىئۇل مۇلۇك «ئاتا بەگ» (سۇلتاننىڭ قوغدىغۇچىسى) دېگەن ئۇنۋانغا، سۇلتانغا ۋاكالىتەن سۆزلەش ئىمكانىيىتىگىمۇ ئىگە بولغانىدى. نىزامىئۇل مۇلۇكنىڭ دانا سىياسەتلىرى ئاستىدا پەرسىيە ۋە بابىللاردىمۇ بىر مەھەل گۈللىنىش بولدى.

نىزامىئۇل مۇلۇكنىڭ كىتابىدىنى ئالىم ئەمەسلىكى يۇقىرىقىلاردىنمۇ مەلۇم بولدى. بۇ ئەمەلىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ ئىشلەيدىغان ئالىم بولغاچقا، دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى ھەر قاچان خەلق تەرىپىدە تۇرۇپ ئويلىدى ۋە ئىشلىدى. پايتەخت باغداد ۋە ئىسپاھانلارنىڭ گۈللىنىشى بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماستىن، فېئوداللارنىڭ زۇلمى بىلەن دېھقانلاردىن دۆلەتكە كىرىدىغان كىرىمنىڭ ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، سالجۇقلار ھۆكۈمرانلىرى بولغان ھەربىي ۋە مەمۇرىي بەگلەرنىڭ خەلقنى ئۆكتەملىك بىلەن شىلىۋېلىشلىرىنى چەكلەش ئۈچۈن، «سىياسەتنامە» دېگەن كىتابىنى يېزىپ چىقىپ دۆلەتنىڭ خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەكشەپ، خەلقنى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ ۋەيران قىلىشىدىن ساقلىدى. ئۇ «سىياسەتنامە»دە مۇنداق دەپ يازدى: «ئىكتا[1] ئىگىسى بولغان موكتا[2]لار بىلىشى كېرەككى، خەلققە مۇئامىلە قىلىشتا، ئۇلارغا قانۇندا بەلگىلەنگەن باجلارنى مۇلايىملىق بىلەن تاپشۇرۇشنى ھاۋالە قىلىشتىن سىرت باشقا ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇق قىلىسا بولمايدۇ، ئۇلاردىن باج يىغقاندا، ئۇلارنىڭ (خەلقنىڭ) جىسمانىي، مال-مۈلكى، خوتۇن-قىزلىرىنىڭ ئامانلىقىغا تاپالەتلىك قىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ مال-زېمىنلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. موكتالار-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

نىڭ باشقىچە ئۇسۇل قوللىنىشىغا يول قويۇلمايدۇ، ئەگەر خەلق ئارىسىدا ئۆزلىرىدىنىڭ ئارزۇ-ھاللىرى ھەققىدە ئوردىغا ئەرز بېرىدىغانلىرى بولسا، توسۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇ قائىدىلەرگە خىلاپلىق قىلغۇچى ھەر قانداق ئادەمگە ھەمدەم بولۇشقا بولمايدۇ. بۇنداق كىشىلەردىن ئىكتا ھوقۇقى تارتىۋېلىنىدۇ ۋە تېگىشلىك جازاغا تارتىلىدۇ. بۇنداق دېيىشىمىزدىكى مەقسەت باشقىلارنىڭ مۇنداق خاتالىقلارنى تەكرارلىماسلىقىغا ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشتۇر»①. دېمەك، نىزامىدىن مۇلۇكنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن فېئوداللارنىڭ ئىشلەپچىقارغۇچى دېھقانلار ئۈستىدىكى زۇلمى پەسەيتىلگەن.

نىزامىدىن مۇلۇك دىن ۋە پەندىن ئورتاق خەۋەردار دۆلەت ئەربابى بولغاچقا دۆلەتنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئىشلىرىدا ئىشىكىنى ئېتىۋېلىشقا قارشى تۇرۇپ، تاشقى سودا ۋە خەلقئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مەدەنىي تەدبىرلەر بىلەن ئىش كۆرۈپ، تاشقى سودىغا كاشىلا بولىدىغان تامۇژنا بېجى بىكار قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن سالجۇقلار دۆلىتى دۇنيانىڭ كاتتا سودا مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ جۇڭگو، ھىندىستان، روما ۋە ئىسلام دۇنياسى بىلەن كەڭ سودا قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى تېز تەرەققى قىلدۇردى.

ئەمما، شۇنى بىلىش كېرەككى، نىزامىدىن مۇلۇكنىڭ ھەربىي ئەمەلدارلار ۋە يەرلىك فېئوداللارغا چەك قويۇشى، ئالىي مەكتەپلەرنى سېلىپ كۆپلىگەن ئىقتىدارلىقلارنى تەربىيىلىشىدىكى ئاساسىي مەقسەت- سالجۇقلار ئىمپېراتورلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى مۇستەھكەملەش، دۆلەت غەزىنىسىنى تولدۇرۇپ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئىدى. ھەرگىزمۇ ئۆزىگە ئاش-نان بېرىدىغان ئورداۋە سۇلتانلارنى ئۇنتۇغان ھالدا خەلققە خالىس ئىشلەش ئەمەس ئىدى. بىزنىڭ ئۇنى يۇقىرى باھالىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى: ئۇ ئىلىم چىرىقى بىلەن زامانىنى، دۆلەتنى خاقاننى ۋە خەلقنى توغرا مۆلچەرلەپ دۆلەت ۋەزىيىتىنى تارىخىي تەرەققىيات تەرەپكە يۆتكىگەن ئەقىل ئىگىسى.

نىزامىدىن مۇلۇكنىڭ ئىلغار تەدبىرلىرى بىلەن دۆلەت گۈللىنىپ كېتىۋاتقاندا، سالجۇقلار تېررىتورىيىسىدە خەلىپە ۋە سالجۇقلار سۇلتانلىرىغا قارشى ئىسمائىلىيە ھەرىكىتى پارتلىدى. ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر ئۆزلىرىنى «پىدائىي» دەپ ئاتاپ، كۈرەش نىشانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كەڭ تۈردە تېررورلۇق ئېلىپ باردى.

1092- يىلى ئىسمائىلىيە مەزھىپىدىكى بىر مۇناپىق نىزامىدىن مۇلۇكنى خەنجەر سانجىپ ئۆلتۈردى. ئەمما، نىزامىدىن مۇلۇكنىڭ سالجۇقلار ئىمپېرىيىسىدە ئېلىپ بارغان ئۇلۇغ مەرىپەتچىلىكى سالجۇقلار دۆلىتىنى كۈچەيتىش، مۇستەھكەملەش، راۋاجلاندۇرۇشتىلا ئەمەس، بەلكى تاكى ياۋروپالىق خرىستىيان مۇتەئەسسىپلىرىنىڭ ئەھلى سەلىپ دەپ ئاتالغان تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى چېكىندۈرگىچە ئارىلىقتا تۈرك-فارس خەلقلىرى ئەللىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، دۇنيانى ئىلىم سورايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

# يولداش ھاجى نۇرھاجى 1987 ـ يىلى ئاپرېل ئەنگلىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى

1987 ـ يىلى 4ـ ئاينىڭ 7ـ كۈنى ئەنگلىيىنىڭ شەرقىي ئافرىقا تەتقىقات داشۆسىدە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ يىغىنغا جۇڭگو، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، موڭغۇلىيە، فرانسىيە، كانادا، تۈركىيە، ھىندىستان، پاكىستان، غەربىي گېرمانىيە، چېخوسلوۋاكىيە، سۈرىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى، مىسىر، ئىران، ئىراق، سۇدان، ياپونىيە قاتارلىق 24 دۆلەتتىن 120 نەپەر ئىلمىي تەتقىقات خادىمى، لوندوندىكى ئاتاقلىق داشۆلەردىن سىياسىي ئىقتىسات داشۆسى، ئاكسپورت داشۆسى، مۇزېيلاردىن بىرتانىيە مۇزېيخانىسى، سكوتلاندىيە مۇزېيخانىسى، ۋىكتورىيە ئالبورت مۇزېيخانىسى جۇنمەن مۇزېيخانىسى قاتارلىقلاردىن 80 نەپەر ئىلمىي تەتقىقات خادىمى بولۇپ جەمئىي 200 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىن يولداش ھاجى نۇرھاجى جۇڭگودىن بارغان ئۈچ نەپەر ۋەكىلنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ يىغىنغا قاتناشتى ھەم ئۆز نۇتۇقى ئارقىلىق قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى

يولداش ھاجى نۇرھاجى 1987ـ يىل 3ـ ئاينىڭ 31ـ كۈنى بېيجىڭدىن ئايروپىلان بىلەن يولغا چىقىپ 1987ـيىلى 4ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنى لوندونغا يېتىپ بارغان ئىدى، يىغىن 4ـ ئاينىڭ 7ـ كۈنى لوندون ۋاقتى سائەت 10 دا شەرقىي ئافرىقا تەتقىقات داشۆسىدە رەسمىي باشلىنىپ 4ـ ئاينىڭ 10ـ كۈنىگىچە داۋام قىلدى.

4ـ ئاينىڭ 7ـ كۈنى لوندون ۋاقتى 10 دىن بۇرۇن يىغىن قاتناشچىلىرى يىغىن زالىغا كىرىپ ئورۇن ئېلىشتى، يولداش ھاجى نۇرھاجىغا يىغىن زالىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى رېتىدىن ئورۇن بېرىلدى.


Altunoq

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشنى دەۋر قىلغاچقا يىغىندا ئوقۇلغان ماقالىلار ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىگە مەركەزلەشتى. بۇ قېتىمقى يىغىندا يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا بېغىشلانغان تەتقىقات ماقالىلىرى بىر قەدەر كۆپ بولدى. بۇلاردىن «خېرتەن توغرىسىدا»، «جۇڭگودا دىن» ،(«ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىش دەۋرىدىكى دۆلەتلەر مۇناسىۋىتى»)، «دۇڭخۇاڭ ۋە شىنجاڭ توغرىسىدىكى ماتېرىياللار ھەققىدە» «ئۇيغۇرلار ئەدەبىياتى، شىنجاڭدىكى قىرغىزلار ئەدەبىياتى، قىرغىزلارنىڭ ئۆرپ ئادەتى»، «شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى توغرىسىدىكى غەرب ئەللەر تەتقىقاتى»، «بۈگۈنكى شىنجاڭدىكى تىل ۋە مەدەنىيەت»،«شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر مۇسابىقىسى»، «كىلاسسىك ئۇيغۇر مۇقامى توغرىسىدا»، «شىنجاڭدىكى قەدىمكى يېزىقلارنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقى»،«ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىدىكى شىنجاڭ»، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك ۋە ئۆرپ ئادەتلەر ھەققىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات»، «غەرب دۆلەتلىرىدىكى بىزدە دىنىي تەتقىقاتى توغرىسىدا تەبىئەت يېزىقىدىكى ئۇيغۇرچە سۆزلەر ھەققىدە»، «شامان دىنىي توغرىسىدا»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى مىللىي سىياسەت ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى توغرىسىدا» قاتارلىق ماقالىلار سۆزلەنگەن. بىرلىك يىغىندا سۆزلىگۈچىلەرنىڭ سۆزلەش نۆۋىتى ئۇلارنىڭ تەتقىقات تېمىلىرىگە قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 4- ئاينىڭ 9- كۈنى چۈشتىن كېيىن جۇڭگو شىنجاڭ رايونى، سوۋېت ئۆزبەكىستان ۋە لوندون داشۆسىدىن بولۇپ ئۈچ كىشى سۆزگە چىقتى. يولداش ھاجى نۇر ھاجىغا 1- قېتىم سۆزلەش نۆۋىتى بېرىلدى. يولداش ھاجى نۇر ھاجى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى مىللىي سىياسەت ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى توغرىسىدا دېگەن تېمىدا 45 مىنۇت نۇتۇق سۆزلىدى. ئەنگلىيەدە ئوقۇۋاتقان شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچى تۇرسۇن ياقۇپ ئەنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىپ بەردى. سۆز تاماملانغاندىن كېيىن يىغىن قاتناشچىلىرى ھاجى نۇر ھاجىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى قانچە؟ داشۆلەردىكى مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى قانچە؟ مىللىي كادىرلارنىڭ نىسبىتىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولامدۇ؟ جۇڭگونىڭ شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي ئەركىنلىكى قانداق؟ شىنجاڭدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ مەسچىتى قانچە؟ مەسچىتلەرگە كىم ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ؟ شىنجاڭدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇسۇلمانلار قانچە؟ شىنجاڭدا مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي كىتابلىرى نەشىر قىلىنامدۇ؟ نەشىر قىلىنغان كىتابلارنىڭ سېتىلىش ئورنى بارمۇ؟ مۇسۇلمانلار ئىختىيارى سېتىپ ئالالامدۇ؟ شىنجاڭدىكى 8 مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەرەپ يېزىقىدا بىرەر دىنىي ژۇرنال چىقىرىلامدۇ.

دېگەندەك سوئاللار سورالدى. يولداش ھاجى نۇر ھاجى بۇ سوئاللارغا لايىقىدا

قانائەتلىنەرلىك جاۋابلارنى بېرىپ تۇردى. يىغىن قاتناشچىلىرى بېرىلگەن جاۋاب-لاردىن مەمنۇن بولۇشتى. رايونىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىك سىياسىتىنى كۆپ ماختاپ ئېلىمىزدە ھۆكۈمەتنىڭ مۇسۇلمانلارنى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن بەھرىمان قىلغانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتىپ بىز كوممۇنىستلار سىياسىتىدىن مەمنۇن دېيىشتى.

شىنجاڭنى تونۇشتۇرۇش، تەشۋىق قىلىش يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. غەربنىڭ دۇرغۇن ئالىملىرى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن تولۇق بەھرىمان بولۇۋاتقانلىقىنى بۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق چۈشەندۇق، ھۆكۈمىتىڭلارغا تەشەككۈر دېيىشتى. يولداش ھاجى نۇرھاجى يىغىن مۇنبىرىدىن قايتقاندا ۋەكىللەردىن كۆپ كىشىلەر ئۇنى قۇ-چاقلاپ قىزغىن تەبرىكلەشتى.

يىغىن 4- ئاينىڭ 10- كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاخىرلاشتى. يىغىن ئاخىرلاشقاند-ىن كېيىن جۇڭگودىن بارغان ھاجى نۇرھاجى قاتارلىق ئۈچ نەپەر خادىم تەكلىپكە بىنائەن لوندوندىكى ئەڭ مەشھۇر سىياسىي ئىقتىسات تەتقىقات داشۆسى، لوندوندىكى كەمبۇرج داشۆسى، بىرتانىيە مۇزېيخانىسى قاتارلىق مەشھۇر جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. سىياسىي ئىقتىسات تەتقىقات داشۆسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى پىنكى ھاجى نۇر ھاجى قاتارلىقلارغا داشۆنى تونۇشتۇردى ۋە شىنجاڭدىكى ئۇنىۋېرلاردىن تۇنجى قېتىم ئۈچتىن تۆتكە قەدەر ئوقۇغۇچى ئەنگلىيەدىكى داشۆلەرگە ئوقۇشقا ئېلىندى. سىياسىي ئىقتىسات داشۆسىدە يولداش تۇرسۇن ياقۇپ ماگىستىر بولۇش ئۈچۈن ئوقۇۋاتىدۇ. بىز سىلەرگە داشۆ پۈتتۈرگەنلەردىن ھەر يىلى 5 تىن 10 غا قەدەر ئوقۇغۇچىلارنى تەر-بىيىلەپ بېرەيلى، راسخوتىنى ئۆز ئارا كېلىشەيلى. شىنجاڭدىكى داشۆلەر بىلەن مۇنا-سىۋەت ئورناتساق، شىنجاڭ رايونى ئېچىۋېتىلدى مەن نۇرغۇن كاپىتالى بار كىشىلەرنى شىنجاڭدا زاۋۇت قۇرۇش ۋە مەبلەغ قويۇشقا سەپەرۋەر قىلسام شىنجاڭ ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا قوشۇلسا، بۇ جەھەتتە شىنجاڭنى خەلقئارا بازارغا يۈزلەندۈرسەك، رەھبەرلەر بۇ تەلەپنى قوبۇل كۆرسە مېنى شىنجاڭغا زىيارەتكە تەكلىپ قىلسا، ئۆز راسخوتۇم بىلەن بارسام، سۆزلەشسەك ھەيمەن دېگەنلەرنى تەلەپ قىلدى. ھاجى نۇرھاجى كەم-بۇرج داشۆ كۇتۇپخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا كەشمىرلىك بىر ئەمەلدار تەرە-پىدىن لوندوندىكى ئىنجىل جەمئىيىتىدىكى تاپشۇرۇلغان «تارىخى رەشىدە» نىڭ ئىككى توملۇق تۈركچە (ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان) نۇسخىسىنى كۆردى ھاجى نۇرھاجى يەنە بىرتانىيە مۇزېيخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ بىرتانىيە مۇزېيخانىسىنىڭ شەرق بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان قوليازمىلار تىزىملىكىدىن بىر تومىدىكى 560 پارچىدىن ئارتۇق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا ئۆتكەن قەدىمكى ئاپتورلارنىڭ

( داۋامى 72- بەتتە )

# «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» پىروگراممىسى

مەن 1981 — يىلى 1 — سان «بۇلاق» مەجمۇئەسىدە «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» تەتقىقات تېمىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم. ئۇ تار دائىرىدىكى، دەسلەپكى تىزىس ئىدى. شۇندىن بىرى بىرقانچە يىل ئۆتتى. بۇ «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى پىروگراممىسى» ئازاتلىققىچە بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى بىرقەدەر كەڭراق بايان قىلىشقا بېغىشلانغان.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يېپيېڭى يولدا مەيدانغا كەلگەن بىلا ھاكۆھەر سۈپىتىدە يېگانە ھادىسە بولماستىن، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەھەللى قىممەت ۋە خەلقئارا قىممەت ياراتقان مەنىۋى تارىخى ۋە مەنىۋى بايلىقىدىن ئىبارەت. تەتقىقات دائىرىسىنى كېڭەيتىش نۇقتىسىدىن مەن بۇ قېتىم ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئالاقىدار بەزى مەزمۇنلارنى چەتكە قاقمىدىم. روشەنكى، تېخى قېزىپچىقىرىلمىغان ياكى نامۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنغان نۇقتىلارنىڭ بولۇشى، ھەتتا كۆپلەپ بولۇشى تەبىئىي. چۈنكى بىز ئۆزىمىز ئۈچۈن قاراڭغۇ بولغان ئۆتمۈشكە نەزەر سېلىۋاتىمىز. بۇ ئورتاق تىرىشچانلىق بىلەن داۋاملىق تولۇقلانغۇسى.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن

## مۇقەددىمە

### بىرىنچى پاراگراف

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى ئورنى ۋە مەنىۋى قىممىتى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ۋەتەن ئەدەبىياتى ۋە تۈركى خەلقلەر ئەدەبىياتىدىكى ئورنى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى مەنبەلىرى ۋە تارىخى ئىزچىللىقى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى كىلاسسىك ئىدىيىلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەنىۋى قىممىتى

### ئىككىنچى پاراگراف

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئۇنى دەۋرلەرگە بۆلۈش مەسىلىسى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى قانۇنىيەتلىرى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكلى، سىياسىي ھاكىمىيەت شەكلى ۋە ئىدىيولوگىيە جەھەتلەردىن خەلقارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تەسىرى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ژانىر ۋە تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىي خۇسۇسىيەتلىرى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى دەۋرلەرگە بۆلۈشنىڭ ئىلمىي پرىنسىپلىرى.

## ئۈچىنچى پاراگراف

### ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنىڭ ئوبيېكتى ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىشنىڭ مېتودولوگىيىلىك پرىنسىپلىرى

ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنىڭ ئوبيېكتى ۋە تەتقىقات دائىرىسى. ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى ئوبيېكت-دائىرىسىنى بەلگىلەشنىڭ مېتودولوگىيىلىك پرىنسىپلىرى. مەدەنىيەت مىراسلىرى، ماتېرىيال ۋە نوقتىئىنەزەر مەسىلىلىرى. ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى ئوقۇتۇشى خىزمىتى.

## تۆتىنچى پاراگراف

### ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىق تەتقىقاتىغا دائىر تارىخىي ئۇچۇر

قىسقىچە خۇلاسىلار

پايدىلىنىش ئەدەبىياتلىرى

# بىرىنچى توم

# ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

## بىرىنچى بۆلۈم

## ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى يادىكارلىقلىرى

# 1- باب

## ئىپتىدائىي ئۇرۇغداشلىق ۋە ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت

### بىرىنچى پاراگراف

### ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق قەبىلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەنىۋىي مەدەنىيىتى

1. «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسى ۋە بۇ ھەقتىكى دوپپىزلۇق تارىخىي ئىزاھلار. ماركسىزمنىڭ ئۇرۇق، قەبىلە، خەلق، مىللەت توغرىسىدىكى تەلىماتى.

2. ئۇيغۇر ئېتنىك گەۋدىسىنىڭ شەكىللىنىشى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى، ئۇيغۇر مىللىتىنى تەشكىل قىلغان ئېتنىك مەنبەلەرنىڭ قىسقىچە تارىخىي شەجەرىسى. ئۇلارنىڭ تارىخىي كىتابلاردا ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى تەلەپپۇز قىلىنىشى. ئۇلارنىڭ ياشىغان رايونلىرى ۋە قەدىمكى تۇرمۇش شەكىللىرى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېتنىك ئېقىمى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىي ئۇقۇمىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەڭ تەركمۆى ۋە خاس ئالامەتلىرى، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ قەدىمكى دېخار، خۇن ۋە تۈركى خەلقلەر مەدەنىيەت تارىخىدا كۆرسەتكەن ئۈلگىلىك تەسىرى.

3. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي گەۋدىلىرى ۋە ئۇنىڭ شەرق — غەرب مەدەنىيەت تارىخىدا كۆرسەتكەن تەسىرى

## ئىككىنچى پاراگراف

### ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تۈھپىلىرى

1. ئىپتىدائىي ئىستېتىك تەپەككۇر ئالامەتلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى. ئىپتىدائىي رىتىم سەزگۈسى ۋە بوشلۇق (ماكان) سەزگۈسى، ئۆڭكۈر ۋە قىيا تاشلارغا سىزىلغان تۇرمۇش رەسىملىرى، ئۆتۈكەن — چوغاي تېغى، ئالتاي تېغى، قۇرۇقتاغ، موجەر تېغى، ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا - يەنسەي جىلغا قىيالىرىغا سىزىلغان ئوۋچىلىق ۋە تېرىقچىلىق رەسىملىرى. دەسلەپكى ئۇسلۇب ۋە تىياتىرلىق سۈرەتلەر. ئىپتىدائىي غار — كېمىرسەنئەتى ۋە ئۇنىڭ ئېستېتىك قىممىتى.

2. ئۇيغۇرلاردا قەدىمكى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش مەدەنىيىتى، بېلىقچىلىق، چارۋىچىلىق، قۇلانچىلىق، تېرىقچىلىق، پاختا ئۆستۈرۈش، يۇڭ — پاختا يىپەك توقۇمىچىلىقى پالاس ۋە كىگىزلەرگە ئىشلىنىدىغان ھۈنەر سەنئەت ماھارىتى، بىرۇنز دەۋرى ۋە «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى»، قاڭقا (ھارۋا) تېخنىكىسى كاش (ساپال)، قاش ۋە زەرگەرلىك سەنئىتى، كىيىم — كېچەك گۈزەللىكى ۋە قەدىمكى «غوزكىيىملىرى» نىڭ مەدەنىيەت تەسىرى، باغۋەنچىلىك ۋە مەيزاپ ئىشلەپچىقىرىش، مەيزاپ بايراملىرى، ھىرىدوتنىڭ مەيزاپ بايراملىرى ھەققىدە

3. ئۇيغۇرلاردا قەدىمكى تەبىئەت ئىلمى ۋە ئىپتىدائىي ئەم — ئىرىمچىلىك تۆرتزات («تۆرت تادۇ») كۆز قارىشى، ئالەم قاراشلىرىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى تەقدىر ۋە ئىلاھىيەت قاراشلىرى، پال بېقىش، يۇلتۇز كۆزىتىش، مۇچەل ۋە كالېندار بەلگىلەش، چوشكە جوراش، سۇچىلىق، بىناكارلىق ۋە ئىپتىدائىي شەھەر قەلئە قۇرۇلۇشىدا بەدىئىي ئالامەتلەردىن پايدىلىنىش.

### ئۈچىنچى پاراگراف — ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي تەسىرى

1. تىل — تەپەككۇر قۇرالى، ئەدەبىي تىل — ئېستېتىك تەپەككۇر قۇرالى، ئاۋام تىلى ۋە ئەدەبىي تىل، ئەدەبىي تىلنىڭ ئاۋام تىلى ئاساسىدا شەكىللىنىشى ۋە ئاۋام تىلىدىكى ئۈلگىلىك، يېتەكچىلىك ئورنى، مەنتىقى تەپەككۇر ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇر مۇناسىۋىتىدە ئوبرازلىق تەپەككۇر شەكلىنىڭ قەدىمكىلىكى، قوشاق، ھېكايەت ھەم دىنىي ئەدەبىيات تىلىنىڭ شەكىللىنىشى.

2. بىرونزا دەۋرى ۋە تىل سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تۈركى (جۈملىدىن خۇن) خەلقلەر مەدەنىيىتىدىكى باشلىنىش شەكىللىنىشى، ئۆزگىلىك ۋە ئۈلگىلىك رول ئويناشتىن ئىبارەت تارىخىي خۇسۇسىيىتى - جۈملىگە يېزىلغانلىرى ۋە قەدىمكى دەستۇرلىرىدا ئىپادىلەنگەن تۈركى خەلقلەرگە ئائىت يەر — جاي

Altunoq

ۋە باشقا سۆز ئاتالغۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا ئىشلىنىشى، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى مەدەنىيىتى ھەققىدە چەتئەل شەرقشۇناسلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى.

3. ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى كاتېگورىيىلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى كاتېگورىيىسىنىڭ تارىخىي رىۋاجى ۋە مەنا جەھەتتىن ئۆزگىرىپ بېرىشى، ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ چۈشەنچە جەھەتتىكى بىردەكلىكى ۋە پەرقى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ: ئۇيغۇر ئېتنىك گەۋدىسىنىڭ ئەدەبىي تىلى، ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ دۆلەت تىلى، ئۇيغۇر خاقانلىقلىرى ئۆز تەسىر دائىرىسىنى يايغان تېررىتورىيىدىكى (مەسىلەن قاراخانىلار دەۋرىدىكى يەتتىسۇ ۋە ماۋرائۇننەھىر) تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى، باشقا ئالتاي قەبىلىلىرى (مەسىلەن ھون، كۆك تۈرك، موڭغۇل) ھۆكۈمرانلىق قىلغان كەڭ تېررىتورىيىنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلىدىن ئىبارەت ۋاقىتلىملىق تارىخىي كاتېگورىيىلىك قىممىتى، ئۇيغۇرىزىم مەسىلىسى.

## ئۈچىنچى پاراگراف— ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېزىق شەكىللىرى

1- يېزىق— تارىخنىڭ مەھسۇلى، تىلنى خاتىرىلەشنىڭ قورالى قىيا سۈرەتلىرىدىكى يېزىقسىمان ئالامەتلەردىن ئىپتىدائىي ئىروگلىفلىق يېزىققا ئۆتۈش، ئۆتكەن چوقاي، يەنسەي، تارىم ۋە ماۋرائۇننەھىردە تېپىلغان يېزىقسىمان ئالامەتلەردىن مىساللار. ئەڭ ئىپتىدائىي ھەرپ شەكلىدىكى ئۆلگىلىك ئىپادىلىگۈچى سىزىقلار.

2- ئۇيغۇر يېزىق شەكلىنىڭ كۆپ قېتىملىق ئۆزگىرىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشىغا سەۋەب بولغان ئامىللار— قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ قايتا تەشكىللىنىشى، مەدەنىيەت ۋە دىن ئالماشتۇرۇش، ئۇيغۇرلار تارىختا قوللانغان يېزىق شەكىللىرى— قاراشتى يېزىقى، سوغدى يېزىقى، ئورخۇن يېزىقى، ئۇيغۇر خانلىقى يېزىقى، قىسمەن قوللىنىلغان يېزىق شەكىللىرى، بۇ يېزىقلارنىڭ قوللىنىلغان ۋاقتى، دائىرىسى ۋە ساقلانغان يازما يادىكارلىقلار.

ئۇيغۇرلار قوللانغان ئاساسىي يېزىق شەكىللىرىنىڭ ئېلىپبەلىك ئالامەتلىرى. ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقلىرىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى

# 2ـ باب

## تەبىئەت ئىلاھچىلىقى ۋە ئەڭ قەدىمكى ئەپسانىلار.

## بىرىنچى پاراگراف— ئاتەشپەرەسلىك دۇنيا قاراش ۋە ئۇنىڭ ئەستىتىك پىكىردىكى ئىپادىلىرى

1-ئىپتىدائىي تەبىئەت ئىلاھچىلىقى، ئاسمان، زېمىن ھادىسىلىرى ھەققىدىكى ئاتەشپەرەسلىك تەسەۋۋۇرلەر، ئاتەشپەرەسلىك كۆز قاراشلارنىڭ ئىپتىدائىي ئەپسانىۋىي قاراشلارنى شەكىللەن—

دۇرۇشتىكى رولى.

2- قەدىمكى تۇتېمىزىملىق ئەقىدىلەر، تەبىئەتنىڭ كۆپ خۇدالىق ئىزاھلىنىشىدىن ئۇرۇغداشلىق ئەقىدىلەرگە ئۆتۈش، تەبىئەتنىڭ ئىنسانلاشتىرىلىشى ۋە ئىنسانىنىڭ تەبىئەتلەشتۈرۈلىشى، ھايۋانلارنىڭ سېھىرلىك چۈشەندۈرۈلىشى ۋە تۇتېم ئېتىقادى ناخشا — ئۇسۇللاردا قوياشقا، سۇغا، توپىغا ۋە تۇتېم مەبۇدىيەتلىرىگە سېغىنىشىنى ئىپادىلىگۈچى قىيا سۈرەتلىرى، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدە تۇتېم، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دىكى بەزى تۇتېملەرگە دائىر ئىزاھاتلار، ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە بىرلەشكەن، بۆرى تۇتېمىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى، ئۇيغۇرلاردا ئارسلان، بۇغرا، توغان، ئۇنۋانلىرىنىڭ تۇتېمىزىم بىلەن تارىخىي ئالاقىسى. ھايۋان تۇتېمىنىڭ ئىنسانلاشتۇرۇلۇشى، ئىلاھلاشتۇرۇلۇشى ۋە ئوبرازلاشتۇرۇلۇشى.

3- بوۋىلارغا سېغىنىش — ئانىمىزىملىق ۋە تۇتېمىزىملىق ئېتىقادىدىن كېيىنكى يەنە بىر سېغىنىش شەكلى. چەلپەكتۇس، ناجەكەنت، ئەمەدىگىل، تاش بابا، كانت بابا ۋە بالسبال قىلىنغان قەدىمكى قەبىلە ئاقساقاللىرىغا سېغىنىش، بوۋىلارغا سېغىنىش، بوۋىلارغا سېغىنىشنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇر تەرەققىياتىدىكى رولى

## ئىككىنچى — پاراگراف ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ قەدىمكى ئەپسانىلار

### ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ قەدىمكى ئەپسانىلار


1- شامان — تويۇن دىنىغا ئائىت ئەپسانىلار، ئاسمان ئاتا ۋە ئانا يەر، 3 قەۋەت ئالەم ۋە ئۇلۇغ روھ، ئىنسانىيەت، يەگ (ئالۋاستى) لەر دۇنياسى، تويۇن قامان (شامان) باقشىلىرى ۋە كەسىپىي سەنئەت ۋە ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى.

2- «ئاۋەستا» ۋە «رىگۋېدا» ئەپسانىلىرى، مىترى ئوبرازىدىكى ئىلاھە، مىترىنىڭ دوستى ۋەرترىنگا ئىلاھى، سۇ مەبۇدى خۇبىي ۋە خۇبىي ئەپسانىسى، يەر ئىلاھى ئاناختى. جەڭ مۇئەككىلى مىررىخ. ئاتەشپەرەستلىك دىنىدىكى يورۇقلۇق ئىلاھى ئاخۇرامازدا ۋە قاراڭغۇلۇق ئىلاھى ئەخرىمەن توغرىسىدىكى ئەپسانىلار، «ئاۋەستا» دىكى ئارىيانلار ئەپسانىۋى ئىلاھلىرى ئۆلتۈرۈشخان ۋە مۇلۇت ئىلاھى، ئارىيان ئەپسانىلىرىنىڭ بىراخمان ۋە بۇددىزىم دىنى ئەدەبىياتىغا تەسىرى.


3- ئۆتۈكەن — چوغاي ۋادىسىدىكى ئەپسانىلار، بۆرە ھەققىدىكى ئەپسانە قەدىمكى ئەپسانىلارنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇر تەرەققىياتىدىكى رولى، قەدىمكى مۇئەككەللەر ۋە ئەپسانىلارنىڭ كېيىنكى زامان مەدەنىي ھاياتى ۋە بەدىئىي ئىجادىيىتىدىكى ئىزنەلىرى، نەۋايى ئەخرەمەن دېۋە توغرىسىدا.

داۋامى بار

لوندون ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى
ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدىن خاتىرە



يولداش هاجى نۇرهاجى
مۇنبەردە



باشلىنىش مۇراسىمىدا

# 1988-يىللىق «شىنجاڭ ئورمانچىلىقى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ

«شىنجاڭ ئورمانچىلىقى» ئومۇمىي خاراكتېرلىك ئورمانچىلىق كەسپىي ژۇرنىلى بولۇپ، كۆكەرتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلار، ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئورمانچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرى ئۈچۈن مەخسۇس خىزمەت قىلىدۇ. شۇنداقلا ئورمانچىلىق سىياسىتى توغرىسىدا ياخشى مەسلىھەتچى، ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈستىدە ئوبدان پىكىرداش، ئورمانچىلىق ئارقىلىق باي بولۇشتىكى ياخشى ياردەمچى بولىدىغان بىلىم ئوچىقى.

«شىنجاڭ ئورمانچىلىقى» ئىلمىيلىككە، بىلىمچانلىققا، ئەمەلىي قوللىنىش قىممىتىگە ئىگە بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مەۋقەنى شىنجاڭغا، نەزەرنى پۈتۈن مەملىكەتكە توغرىلاپ، پارتىيىنىڭ ئورمانچىلىق فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، تەجرىبىلەرنى كېڭەيتىش، ئورمانچىلىق پەن-تېخنىكىسى ۋە بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت، تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

«شىنجاڭ ئورمانچىلىقى»نىڭ ماقالىسىمۇ، سۈرىتىمۇ كۆپ، مەزمۇنى مول بولۇپ، كىتابخانلارنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئېھتىياجىنى قامداشنى كۆزدە تۇتۇپ، 15 سەھىپە ئېچىلدى.

«شىنجاڭ ئورمانچىلىقى» ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى تىلدا چىقىدىغان قوش ئايلىق 16 فورمات، ئۇيغۇرچىسى 62 بەتلىك ژۇرنال بولۇپ، بىر يىلدا 6 سان چىقىدۇ. ھەر سانىنىڭ باھاسى 0.40 يۈەندىن يىللىقى 2.40 يۈەن.

مۇشتەرى بولغۇچىلار بىۋاسىتە تەھرىر بۆلۈمىمىزگە پۇلىنى يوللاپ بەرسىلا بولىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھىرى خېلوڭجاڭ كوچىسى 12-نومۇرلۇق قورا ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ ئىچىدىكى «شىنجاڭ ئورمانچىلىقى» تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تارقىتىش گۇرۇپپىسىدا مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ.

---


## قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## 喀 什 师 范 学 院 学 报

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى

تەھرىر بۆلۈمى نەشر قىلدى

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش — قۇرۇلۇش ئارمىيىسى

يېزا ئىگىلىك 1 - دىۋىزىيە مەتبەئەسىدە بېسىلدى

رۇخسەت كېنىشكىسى نومۇرى: 399 باھاسى: 0.40